Doğu Türkistan Müslümanları Dergisi
مجلة مسلمي تركستان الشرقية
Journal of Eastern Turkistan Muslims
东突厥斯坦穆斯林杂志
Журнал "Мусульмане Восточного Туркестана
東トルキスタンムスリム雑誌
Zeitschrift der Muslime aus Ost-Turkistan
Le Magazine des Musulmans du Turkestan Oriental

# شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرى

مىللىتىمىز تۈرك، دىنىمىز ئىسلام، ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستان

يېرىم يىللىق ئىلمىي، سىياسىي، تارىخىي، ئەدەبىي ژۇرنال | 2016 - يىلى -12 ئاي | 2 - سان (سىناق سان)

- پەرقلىق نۇقتىلاردىن ئىسلام ۋە دېموكراتىيە
- قۇرئان كەرىمنى ھەم قەلىمى ھەم ھاياتى بىلەن تەپسىرقىلغان مۇپەسسىر
- ئىسلام ئىقتىسادىنىڭ پىرىنسىپلىرى
- مۇھەممەد ئەمىن ئىسلامىي



2016
2

Şarki Türkistan Müslümanları

# شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرى

مىللىتىمىز تۈرك، دىنىمىز ئىسلام، ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستان

يېرىم يىللىق ئىلمىي، سىياسىي، تارىخىي ۋە ئەدەبىي ژۇرنال

2016 – يىل 12 – ئاي 2 ـ سان

(سىناق سان)

تەسىس قىلغۇچى ۋە باش مۇھەررىرى: ئابدۇلجېلىل تۇران

ئىجازەتنامە نومۇرى:

25601048 ـ B.M 2016/1216

**مەسلىھەتچىلەر: (ئېلىپبە تەرتىبى بويىچە)**

ئابدۇلئەھەد ھاپىز (سەئۇدى ئەرەبىستان)

دوكتور: ئاتائۇللاھ شەھيارى (تۈركىيە)

دوكتور: ئالىمجان بۇغدا (تۈركىيە)

تۇرغۇنجان ئالاۋۇدۇن (گېرمانىيە)

ئەكرەم ھىزىم (گېرمانىيە)

پەرھات مۇھەممەدى (گېرمانىيە)

سىراجىددىن ئەزىزى (سەئۇدى ئەرەبىستان)

كامىل تۇرسۇن (كانادا)

مۇھەممەد يۈسۈپ (سەئۇدى ئەرەبىستان)

مىركامىل كاشغەرىي (تۈركىيە)

ئىلشات ھەسەن (ئامېرىكا)

**ئەسكەرتىش:**

«شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان ھەر خىل ژانىردىكى يازما ۋە تەرجىمە ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنى يازغۇچىلارنىڭ پىكرىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ژۇرنىلىمىز ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنىغا ئالاقىدار ھېچقانداق مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالمايدۇ.

ئالاقىلىشىش ئادرېسى:

Merkez Mah. 2090 Sok.1BF Selimpaşa - Silivri /İSTANBUL

Cep: (+90) 532 414 40 55

## مۇندەرىجە

مۇھەررىردىن ........................................ 2

شەيخ ئەبۇ بەكىر ماھىر ئەللۇش

ئەقىدىۋى تەھلىل ۋە ئۇنىڭ توقۇنۇشنى چۆشىنىشتىكى رولى ............ 3

ئۆچمەس تەرجىمىسى

ئابدۇۋەلى ئايۇپ

ئۇيغۇرلاردا قۇتۇبچە ئىسلام ........................................ 15

قۇرئانى كەرىمنى ھەم قەلبى بىلەن ھەمدە ھاياتى بىلەن تەپسىر قىلغان ئاتاقلىق مۇپەسسىر ۋە مۇجاھىد سەييىد قۇتۇب ............................ 24

مىركامىل كاشغەرىي

ئەللامە مۇھەممەد ئىقبالنىڭ ”شەرقىي تۈركىستان“ غا بولغان قارىشى ۋە پاكىستان سىياسەتچىلىرىنىڭ خىيانىتى ................................ 37

ئەھمەد ئايخان قويۇنجۇ

تۆت پەرقلىق نۇقتىدىن ئىسلام ـ دېموكراتىيە مۇنازىرىلىرىگە نەزەر ..... 57

ئۇستاز رەھمەتۇللاھ ئىنايەتۇللاھ

مۇھەممەد ئەمىن ئىسلامى ........................................ 73

840 ـ 848 ـ يىللاردىكى ئۇيغۇر ـ تاڭ سۇلالىسى توقۇنۇشى ............ 83

«ئىچكى ئاسىيا تارىخىدىكى ئۇرۇشلار» ناملىق كىتابتىن ئارىيە

ئەبۇلئەلا مەۋدۇدى

ئىسلام ئىقتىسادىنىڭ پرىنسىپلىرى ........................................ 110

ئابدۇلجېلىل تۇران تەرجىمىسى

ئابدۇلھەمىد جۇدە سەھھار

ئىمان ۋە مۇھەببەتكە تولغان بىر ھېكايە (رومان)............................ 117

مۇنەۋۋەر نىياز ئۇيغۇرى تەرجىمىسى

www.uyghurkitap.com



# مۇھەررىردىن:

ژۇرنىلىمىزنىڭ تۇنجى سانى تارقىتىلغاندىن بۇيانقى ئالتە ئاي ئىچىدە دەۋنيادا، بولۇپمۇ بىز ياشاۋاتقان تۈركىيەدە نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەر بولدى. بىز بۇ ھەقتە توختىلىپ بولالمايمىز.

مۇھاجىرەتتىكى شەرقىي تۈركىستانلىق ئۇيغۇرلار دۇنيانىڭ ھەر قايسى ئەللىرىدە، ئۆزلىرى ياشاۋاتقان دۆلەرلەتلەردە شۇ دۆلەتتىكى شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ھەر يىلى 11 - ئايدا، 1933 - يىلى قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى بىلەن 1944 - يىلى قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنى خاتىرىلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈپ كەلمەكتە.

بۇ يىلمۇ 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى تۈركىيە، گېرمانىيە، ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەتلەردىكى شەرقىي تۈركىستانلىق ئۇيغۇرلار ھەر قايسى دۆلەتلەردىكى مۇھاجىر ئۇيغۇرلار بىر يەرگە جەم بولۇپ تەۋەرۈك جۇمھۇرىيەتلىرىمىزنى خاتىرىلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزگەن.

شۇنىڭدىن كېيىنلا يانفون ئارقىلىق «جۇمھۇرىيەت كۈنلىرىنى خاتىرىلەش بىدئەت ۋە كاپىرلارنىڭ ئادىتى» دېگەندەك سۆزلەر تارقىتىلغان ۋە بۇنىڭغا سەئۇدىي ئەرەبىستاننىڭ سابىق باش مۇپتىسى مەرھۇم شەيخ ئابدۇللاھ ئىبنى بازنىڭ بىر پەتىۋاسى دەلىل قىلىپ كەلتۈرۈلگەن.

مەزكۇر پەتىۋادا رەسۇلۇللاھنىڭ: «كىمكى بىزنىڭ ئىشلىرىمىزدا بىرەر يېڭىلىق پەيدا قىلسا، ئۇ بىزدىن ئەمەس ۋە رەت قىلىنىدۇ» دېگەن ھەدىس دەلىل كەلتۈرۈلگەن. توغرا، بۇنىڭغا قىل سىغمايدۇ. ھەر بىر مۇسۇلمان ھەرقانداق بىدئەتتىن ھەزەر ئەيلىشى لازىم.

ئەمما، بىدئەت پەقەت ئىبادەت مەقسىتى بىلەن قىلىنغان ئەمەللەرگە قارىتىلغان. بىدئەت نەپلە ئىبادەت نىيىتى بىلەن رەسۇلۇللاھتىن سادىر بولمىغان ئەمەللەرنى پەيدا قىلىشنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، سىياسىي، ئىجتىمائىي پائالىيەتلەر بۇنىڭغا داخىل بولمىسا كېرەك. دېمەك، جۇمھۇرىيەتلىرىمىزنى خاتىرىلەش پائالىيىتى سىياسىي پائالىيەت بولۇپ، ئۇ ھەرگىزمۇ ئىبادەت نىيىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلمەيدۇ.

تۈركىيەدە ئوندىن ئارتۇق تەشكىلاتىمىز بولسىمۇ، يىلدا بىر قېتىم شۇ تەۋەرۈك جۇمھۇرىيەت كۈنلىرىمىزنى خاتىرىلەشتىن باشقا ئەمەلىي سىياسىي پائالىيەت بولمايۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە دىن نامىدىن مەزكۇر پائالىيەتلەرنى چەكلەشكە ئورۇنۇشنىڭ پەردە ئارقىسىدا قانداق غەرەز باردۇ؟

مەزكۇر پەتىۋانى تارقاتقان كىشى قەشقەردىكى ۋاقتىدا خوتۇن - بالىلىرىغا - ئاچا - سىڭىللىرىغا ختاينىڭ ھەر يىلى 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئۆتكۈزىلىدىغان دۆلەت بايرىمىغا قاتنىشىشنىڭ بىدئەت ۋە كاپىرلارنىڭ ئىشى ئىكەنلىكى ھەققىدە بىرەر قېتىم نەسىھەت ۋە تەبلىغ قىلىپ باققان بولۇشى ناتايىن! ئۇيغۇرلار ئارىسىدا نۇرغۇن مەسىلىلەر تۇرسا ئۇ ھەقتە ئىزدىنىشىنىڭ ئورنىغا ئالاھىدە مەزكۇر پەتىۋانى تېپىپ تارقىتىشتا قانداق غەرەز ۋە مەقسەت باردۇ؟! ■

# ئەقىدىۋى تەھلىل ۋە ئۇنىڭ توقۇنۇشنى چۈشىنىشتىكى رولى

## (ياكى مەسىلىلەرنى ئەقىدە نۇقتىسىدىن تەھلىل قىلىش)



شەيخ ئەبۇ بەكر ماھىر ئەللۇش

تەرجىمە: ئۆچمەس

ئىسلام ھەرىكەتلىرى، بولۇپمۇ سەلەپى جىھاد ھەرىكەتلىرى مۇبتىلا بولغان ئىشلاردىن بىرى (سىياسىي) توقۇنۇش مەسىلىلىرىنى ئەقىدە نۇقتىسىدىنلا تەھلىل قىلىش بولۇپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ «سەن يەھۇدىيلار ۋە ناسارالارنىڭ دىنىغا كىرمىگىچە ئۇلار سەندىن ھەرگىزمۇ رازى بولمايدۇ.» (بەقەرە 120) «ئۇلار مۆمىنلەرنى پەقەت غالىب، مەدھىيەگە لايىق ئاللاھقا ئىمان ئېيتقانلىقلىرى ئۈچۈنلا يامان كۆردى» (بۇرۇج 8) ۋە باشقا ئايەتلەرنى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ (ياكى ئىلھاملىنىپ) يېقىنقى 20 يىلدا يۈز بەرگەن ئىشلارنى ئىسلامغا قارشى يوقىتىش خارەكتېرلىك ئۇرۇش ئاچقانلىق، قىيامەتتىن بۇرۇنقى كۇپۇر بىلەن ئىسلام ئارىسىدىكى ئاخىرقى جەڭ دەپ قارايدىغان بولدى.

مۇشۇ تۈردىكى تەھلىللەر ھەققىدە سەيىد قۇتۇپ مۇنداق دەيدۇ: مۆمىنلەر بىلەن ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىرى ئارىسىدىكى كۈرەش ماھىيەتتە ئەقىدە كۈرىشىدۇركى ھەرگىزمۇ باشقا بىر نەرسە ئەمەس. ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىرى پەقەت ئىمانلىرى سەۋەبىدىن ئۇلاردىن ئىنتىقام ئالىدۇ، پەقەت ئەقىدە سەۋەبىدىنلا ئۇلارغا غەزەبلىنىدۇ. ئۇ ھەرگىزمۇ سىياسىي ئۇرۇش ئەمەس، ئىقتىسادىي ئۇرۇشمۇ ئەمەس، ئىرقى توقۇنۇش تېخىمۇ ئەمەس. ئەگەر شۇنداق بولسا ئىدى بۇ ئۇرۇشنى توختاتماق تېخىمۇ ئاسان ئىدى. لېكىن ماھىيەتتە ئەقىدە ئۇرۇشى بولۇپ، ئاخىرىدا كۇپۇر ياكى ئىمان ، جاھىلىيەت ياكى ئىسلام بىرى (قېلىشى كېرەك)...

شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ھازىر ئەھلى سۈننەت بىلەن ئىران ئارىسىدا بولىۋاتقان توقۇنۇشنىمۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورىدىكى www.uyghurkitap.com



ئىسلام ھەرىكەتلىرى ئەقىدە بارىسىدا تەھلىل قىلىشقا مايىل بولۇپ، تارىخ قېدىرىلىپ، بۇرۇنقى گەپ - سۆزلەر تارتىپ چىقىرىلىپ، ئۇنى ئۆز مەۋقەسىنى كۈچلەندۈرۈش، ھەتتا توقۇنۇشنى تېخىمۇ ئۆلغايتىشقا بىر ئۇرۇش ۋاستىسى قىلىپ قوللاندى.

بۇنداق دېگەنلىكىمىز ھەرگىزمۇ باشقىلار بىلەن بولغان ئەقىدىۋى ئىختىلاپلىرىمىزغا سەل قارىغانلىقىمىز ياكى قەستەن ئاتلاپ ئۆتۈپ كەتكەنلىكىمىز ئەمەس. بۇ يەردە مەقسەت يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارنى ھېسسىياتنىڭ تەسىرىدىكى يۈزەكى بىلىشتىن بەكرەك ئىشنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى ئېنىق بىلىش ۋە ئوبيېكتىپ تەھلىل قىلىش، ۋەقە - ھادىسىلەرنى ھازىرنىڭ شەرت - شارائىتى ۋە خەلقئارا ۋەزىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ تۇرۇپ چۈشىنىشتۇر.

## ئۇنداقتا ئەقىدىۋى تەھلىل قىلىش ۋە توقۇنۇشنى بىر تەرەپ قىلىش دېگەن نېمە؟

«ئەقىدىۋى تەھلىل» دېگىنىمىز ۋەقەلەرنى ئوقۇغىنىمىزدا بىزدە قالدىغان دەسلەپكى تۇيغۇ ۋە يۈزەكى تەسىرلەرنىڭ بىر تەرىپى بولۇپ، بۇ تەھلىل ياكى چۈشەنچە كۆپىنچە ۋاقىتتا ئىنساننىڭ سۇبيېكتىپ ھېسسىيات ئامىللىرىنى مەنبە قىلىدۇ. بۇ ئامىللارنىڭ ئەڭ روشەنلىرى دىن ۋە ئەقىدە ئامىلى بولۇپ، ۋەقەلەر يۈز بېرىشتىن بۇرۇنلا تەييار بولغان ھۆكۈم بىلەن تەمىنلەيدۇ. بۇنداق بولغاندا ۋەقە يۈز بەرگەندىكى باغلىنىشلىق سىرتقى ئامىللار نەزەردىن ساقىت قىلىنىپ، كىشىدە ئىدىئولوگىيەگىلا تايانغان ۋاقىتلىق تەھلىل ياكى قاراش شەكىللىنىدۇ، رېئاللىقنى ئاساس قىلمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇنداق تەھلىل ياكى قاراشنىڭ ئىلمىي ئاساسى ئاجىز، ئىنچىكىلىكى يوق ھەم ئوبيېكتىپ بولالمايدۇ .

ئەمدى توقۇنۇشنى بىرتەرەپ قىلىش دېگىنى-مىزچۇ؟ شەكسىزكى توقۇنۇش شەخسلەر، ئىجتىمائىي بىرلىكلەر، دۆلەتلەر ۋە مەدەنىيەتلەر ئارىسىدا (ساقلىنىپ بولمايدىغان) تارىخىي رېئاللىق ۋە دۇنيا قانۇنىيەتلىرىدىن بىرى بولۇپ، تارىخ ۋە يۈز بېرىۋاتقان ئىشلار بۇنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. لېكىن جەمئىيەتشۇناسلىقتا توقۇنۇش شەخسلەر ۋە ئىجتىمائىي بىرلىكلەردىن باشلاپ دۆلەتلەر، مىللەتلەر ۋە مەدەنىيەتلەر ئارىسىدىكى زىددىيەتلىك ھادىسىلەرنى تەتقىق قىلسا، خەلقئارالىق مۇناسىۋەتتە سەل باشقىچىرەك مەنىسى بار. بۇ كونتېكىستتە توقۇنۇش مەلۇم بىر دۆلەتنىڭ تاشقى دۆلەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ ئارقىسىدا تۇرىدىغان ئىدىيەنى كۆرسىتىدۇ .

مەن بۇ يازمامدا توقۇنۇش توغرىسىدا ئىككىنچى ئۇقۇمنى (خەلقئارالىق مۇناسىۋەت) ئاساس قىلىپ توختالماقچىمەن. چۈنكى بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن مىللەتنى ئاساس قىلغان، سىياسىي دۆلەت ئۇقۇمى ئاساسەن يوق بولۇپ، يېڭى بىر دەۋر باشلاندى. بۇ دەۋردە مىللەت ئۇقۇمىدىكى دۆلەتلەرنىڭ قالدۇقلىرى يېڭى دۇنيا تەرتىبى ئاستىدا يېڭىچە شەكىللەنگەن بولسىمۇ، بەزى دۆلەتلەر تېخىچە بۇرۇنقى مىللەتچىلىك خارەكتېرىدىكى ئارزۇ - ئارمانلىرىدىن (غەرەزلىرىدىن) ۋاز كەچكىنى يوق.

# توقۇنۇشنى تەھلىلى قىلىشتىكى مېتودلار

ئەتراپىمىزدا يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارغا قارىتا ھەر خىل تەھلىل قىلىش مېتودلىرىنى چۈڭقۇرلاپ چۈشەندۇرمەستىن، بەلكى كىرىش سۆز بولۇشى ئۈچۈن پەقەت قىسقىچە توختىلىپ ئۆتمەكچىمەن.

توقۇنۇشنى تەھلىل قىلىشتىكى مېتودلارنى بىلىش ئۈچۈن تەرەپلەر ئارىسىدىكى توقۇ-نۇشلارنىڭ كېلىپچىقىش سەۋەبىنى بىلىش يېتەرلىك. مەن بۇ يازمامدا مىللەتلەر ۋە مەدەنىيەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشتىن بەكرەك دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش ئۈستىدە توختالماقچىمەن. چۈنكى مىللەتلەر ۋە مەدەنىيەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى چوڭ توقۇنۇشلارنىڭ كېلىپچىقىش سەۋەبى ئىككى تەرەپ ئارىسىدىكى كۇلتۇر، ئەقىدە، ئىدىيە، قىممەت قاراشلىرى ۋە ئەخلاق سىستېمىلىرى جەھەتتىكى ئۆزئارا بەسلىشىش، خىرىس قىلىشتىن كېلىپ چىقىدۇ. بۇ سامۇۋىل ھانتىڭتون ئۆزىنىڭ مەدەنىيەتلەر توقۇنىشى دېگەن كىتابىدا كۆزدە تۇتقان توقۇنۇش شۇ. ئۇ، ئوخشىمىغان مىللەتلەر ئارىسىدىكى توقۇنۇشلارنىڭ سەۋەبى دىن، كۇلتۇر ۋە مەدەنىيەت ئوخشىماسلىقلىرى سەۋەبىدىن دەپ قارىغان. مەن دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشلارنىڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرى ئۈستىدە توختالماقچىمەن:

**ئەقىدە توقۇنۇشى**

بۇ ھازىرقى زامان ئاتالغۇسى بويىچە ئىدىئو-لوگىيە توقۇنۇشى بولۇپ، ئەقىدە، دىنىي مەزھەپلەر، ئىدىيىۋى ئېقىملار ۋە قىممەت قاراشلىرى ئوخشىماسلىقى سەۋەب بولىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئەقىدە كەسكىن توقۇنۇشلاردىكى ئەڭ مۇھىم ئامىل ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ئۇ ئىنساندىكى كۈچنىڭ ئاساسى ھەرىكەتلەندۇرگۈچى ۋە كىشىلەرنى بىر ئارىغا توپلىغۇچى ئامىلدۇر.

**كىملىك توقۇنىشى**

بۇ ھازىرقى زامان ئاتالغۇسى بويىچە ئىرقىي توقۇنۇش بولۇپ، ئەقىدىۋى توقۇنۇشتىن دائىرىسى تېخىمۇ كەڭرى، چۈنكى بۇ دائىرىدە ئەقىدە، مىللەت، ئىرق، تىل، ئۆرپ - ئادەت ئارىلاشقان، ئەقىدە بىلەن بىر بولۇپ، مىللەتلەرنى ئايرىپ پەرقلەندۇرۇشتىكى مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى.

**زېمىن توقۇنىشى**

بۇ ھازىرقى زامان ئاتالغۇسىدا سىياسىي جۇغراپىيە (geopolitics) ياكى تەبىئەت سىياسىيسى دائىرىسىدىكى توقۇنۇش بولۇپ، يەر، دەريا - دېڭىز ۋە باشقا تەبىئىي ئامىللارنىڭ خەلقئارالىق ۋەزىيەت ۋە سىياسەتكە بولغان تەسىرى نېمە، دېگەن سوئالغا جاۋاب ئىزدەيدىغان ساھە.

**بايلىق توقۇنىشى**

بۇنىڭ سەۋەبى كۆپىنچە بىر تەرەپتە بار بولغان سۇ، نېفىت، گاز ۋە يەر ئاستى مەدەن قاتارلىق تەبىئىي بايلىقلار سەۋەبىدىن چىقىدىغان توقۇنۇش بولۇپ، قارشى تەرەپتە بۇ بايلىقلار قانچە ئاز بولغانسېرى توقۇنۇش تېخىمۇ كەسكىن بولىدۇ.

**نوپۇز ۋە كۈچ توقۇنۇشى**

بۇ توقۇنۇش كۆپ ۋاقىتلاردا تېخنىكا جەھەتتىن ئىنتايىن تەرەققى قىلغان چوڭ دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدا چىقىدىغان بولۇپ، خەلقئارادىكى سۇ ئۆتۈش يوللىرى، دېڭىز بوغۇزلىرى، ئوكيان ئاراللىرى قاتارلىق ئىستىراتېگىيەلىك ئورۇنلارنى تالىشىشتىن كېلىپ چىقىدۇ. مەقسەت بولسا دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى

www.uyghurkitap.com

خەلقئارالىق تىجارەت، يۇك توشۇش ۋە دېڭىز قاتنىشىنىڭ راۋانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىشتىن ئىبارەت.

يۇقىرىقى توقۇنۇشلاردىن بەزىلىرىنىڭ بىر تەرەپنىڭ مەۋجۇد بولۇش ياكى يوق بولۇشىغا چېتىلىدىغان ھەل قىلغۇچ توقۇنۇش ئىكەنلىكىنى (مەسىلەن: ئەقىدە توقۇنىشى) بەزىلىرىنىڭ ئۇنىڭدىن سەل باشقىچىرەك (مەسىلەن: كىملىك توقۇنىشى) دەرىجىدە ئوخشىمايدىغانلىقىنى كۆرىۋالالايمىز. ھەر ئىككىسىلا ئەڭ كەسكىن توقۇنۇش شەكىللىرىدىن بولۇپ، ئۇ يوقىتىش خارەكتېرىدىكى توقۇنۇش. ھېچ بولمىغاندىمۇ ئىككىلا تەرەپنىڭ قاتتىق ھالسىراپ توختىشى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. بايلىق، نوپۇز ئۈچۈن چىققان توقۇنۇشلارنى ئۆزئارا كېلىشىپ، ھەل قىلىپ توختاتقىلى بولغان بىلەن ئەقىدە ۋە كىملىك توقۇنۇشلىرىنى يىلتىزىدىن ھەل قىلغىلى بولمايدۇ. مانا بۇ سەيىد قۇتۇپنىڭ يۇقىرىدا مەقسەت قىلغىنى.

## ئەقىدىۋى تەھلىلنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە تارقىلىشى

مەقسىتىم ئەقىدىۋى تەھلىلنىڭ ئاساسلىرى ئۈستىدە توختىلىش ئەمەس. چۈنكى بۇ ئىماندىكى «ئەلۋەلا ۋەلبەرا» ئۇقۇمىغا بىۋاستە بېرىپ تاقىلىدۇ. شۇنداقلا «ئېيتقىنكى، ‹مېنىڭ نامىزىم، قۇربانلىقىم، ھاياتىم ۋە ماماتىم (دۇنيادا قىلغان ياخشىلىقلىرىم ۋە تائەت - ئىبادەتلىرىم) ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ ئۈچۈندۇر›.» (ئەنئام) دېگەن قائىدىنى ئاساس قىلغان بولۇپ، ئەقىدىنى ئاساس قىلغان نەزەرىيەلەرنىڭ باشلىنىشى ھېسابلىنىدۇ.

مەقسىتىم مۇشۇ تۈردىكى تەھلىلنىڭ پەيدا بولۇش، ئۇممەت ئىشلىرىنى قولىغا ئالغان ئىسلام ھەرىكەتلىرىنىڭ مۇشۇ خىل تەھلىلگە يۈزلىنىشى ۋە ئىسلام ھەرىكەتلىرىگە كىرگەن ياشلار ئارىسىدا تارقىلىش ۋاقتىدىن ئىبارەت. مەنچە بۇنىڭدا تۆۋەندىكى بىر قانچە سەۋەب بار:

**بىرىنچى سەۋەب**

ئەرەب دۇنياسىدا نەچچە ئەسىر بۇرۇنقى تەقلىدىي كۇلتۇر ۋە ئىدىيە ئېقىملىرىغا ئوخشىمايدىغان يېڭىچە ئېقىملارنىڭ تارقىلىشى. بۇ ئېقىم ئىككى ھەرەم دىيارىدا شەيخ مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋەھھابتىن باشلاپ تارقالغان بولۇپ، تەۋھىدكە ۋە ئەقىدىنى ساپلاشتۇرۇش چاقىرىقى ئاستىدا ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، بۇ چاقىرىقنىڭ ئەڭ مۇھىم تەرەپلىرىدىن بىرى «ئەلۋەلا ۋەلبەرا» قارىشىدۇر. كېيىنچە بۇ قاراش ئىسلام ۋە ئەرەب ئۇممىتى دۇچ كەلگەن ھەل قىلغۇچ ۋەقەلەردە مەيدانغا چىققان ئۆلىمالار تەرىپىدىن سىياسىي ھەرىكەت بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن. بۇ ۋەقە ياكى توقۇنۇشلارنىڭ قارشى تەرىپىدە دىن جەھەتتىن مۇخالىپ تەرەپ بولغانلىقى ئۈچۈن ئەقىدىنى ئاساس قىلغان تەھلىل ئۇيدانلا قارشى ئېلىشقا ئېرىشكەن. ئالدىنقى نەچچە ئون يىلدا ئەرەب قولتۇقى دۆلەتلىرىنىڭ نېفىت ئارقىلىق ئېرىشكەن غايەت زور بايلىق رايوننىڭ يەرلىك مەدەنىيىتىنىڭ سىرتقا تەشۋىق قىلىنىشى ۋە باشقا ئەرەب ۋە ئىسلام رايونلىرىغا ئېقىپ كىرىشىدە مۇھىم رول ئوينىدى. ئۇنىڭدىن باشقا شام ۋە مىسىر دىيارىدا ۋە ئاجىزراق ھالدا مەغرىپ رايونلىرىدا ئەرەب مىللەتچىلىك

ئېقىمىنىڭ يامرىشىمۇ ئەرەب يېرىم ئارىلىدا پەيدا بولغان ئىسلام ھەرىكەتلىرىنىڭ باشقا يەردىكى دىنىي پىكىرگە قاتتىق تەشنا بولغان ياشلارنىڭ دىققىتىنى تارتىشتا رول ئوينىدى. ئۇنىڭدىن سىرت، ئەگەر بىز پۈتۈن ئەرەب دۆلەتلىرىدە ئىستاتىسكا ئېلىپ بارىدىغان بولساق ئەڭ مۇھىم ۋە كۈچلۈك مېدىيە ۋاستىلىرى، تەتقىقات مەركەزلىرىنىڭ ئەرەب قولتۇقى دۆلەتلىرىدە بولۇپ، بۇ باي دۆلەتلەر بىلەن ئورۇن ۋە ئىقتىساد جەھەتتىن باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىنى كۆرىۋالالايمىز. بۇ سەۋەبتىن شام (سۈرىيە ۋە ئىراق)، مىسىر دىيارلىرىنىڭ بۇرۇنقى سىياسىي ۋە ئىدىيىۋى تەسىرىنىڭ تارىيىشىغا ئەگىشىپ ئەرەب قولتۇقى دۆلەتلىرىنىڭ تەسىرى كېڭەيدى ۋە پەرقمۇ زورىيىپ باردى. بۇنىڭغا قوشۇلۇپ شام ۋە مىسىر دىيارىدىكى دۆلەتلەر يەرلىك ئىسلام ھەرىكەتلىرىنى (ئوخشىمىغان نىسبەتتە) باستۇرۇپ، قارشىسىدا مىللەتچى ئېقىملار ۋە پارتىيەلەرگە يول قويۇۋاتقاندا ئەرەب قولتۇقىدىكى دۆلەتلەر ئىسلامىي ھەرىكەتلەرگە، بولۇپمۇ سەلەپى ھەرىكەتلەرگە يول ئېچىۋەتتى. مانا مۇشۇلارغا باقىنىمىزدا ئىككى تەرەپتىكى پەرقىنىڭ قانداق پەيدا بولۇپ يوغىنىغانلىقىنى كۆرىۋالالايمىز.

**ئىككىنچى سەۋەب**

ئەللىكىنچى ۋە ئاتمىشىنچى يىللاردا سەييىد قۇتۇپنىڭ پىكرى تارقىلىپ، جىھادچى ھەرىكەتلەر، بولۇپمۇ سەلەپىي ھەرىكەرتلەر ئۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى. باشتا سۆزىدىن قىسقىچە نەقىل ئالدىم. شەكسىزكى گەرچە سەييىد قۇتۇپنىڭ پىكرى ئىخۋانلار ئارىسىدىن تارقالغان بولسىمۇ، لېكىن ئىخۋانلارنىڭ ئاساسىي ئېقىم قارشى ئەمەس ئىدى. بۇ ئۇلارنىڭ كېيىنچە خەلقئارالىق تۈزۈمگە كىرىپ ماسلىشىشىغا، شۇ قۇرۇلما ئىچىدە تۇرۇپ، دۇنيادىكى ئەمەلىي كۈچ تەڭپۇڭلىقىنى نەزەرگە ئېلىپ تۇرۇپ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشىغا قولايلىق ياراتتى. باشقا ھەرىكەت ۋە ئېقىملار بولۇپمۇ جىھاد ھەرىكەتلىرى خەلقئارا قۇرۇلمىغا كىرەلمىدى ھەم ماسلىشالمىدى، ئەكسىچە دۇنيا قانۇنىيەتلىرىگە زىت ھالدا دۇنياۋى كۈرەش باشلىۋەتتى. بەلكىم شۇنداق سورىشىڭىز مۇمكىن، قانداقسىگە نەجد كۈلتۈرى (ئەرەب ئارىلى سەلەپىيلىكى، مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋەھھاپ ئېقىمى) نىڭ تەسىرىنى سەييىد قۇتۇپ ۋە ئىخۋاننىڭ تەسىرىنىڭ ئالدىغا قويدىڭىز؟ بۇنىڭ جاۋابىنى ئىككى نۇقتىدىن بېرىمەن:

1 - تۇقۇنۇشقا قارىتا ئەقىدىۋى تەھلىل قىلىش جىھاد ئېقىمى ياكى سەلەپى جىھاد ئېقىمىدا بەكرەك روشەن كۆرۈلىدىغان بولۇپ، بۇلار نەجد دەۋتىنىنىڭ ئەقىدە شەكلىنى ئاساس قىلغان.

2 - كۈچ ۋە نوپۇزغا ئىگە بولغان دۆلەت تۇتقان ئىدىيە، مەدەنىيەت ۋە كۈلتۈر (قولتۇق دۆلەتلىرى تەرىپىدىن رەسمىي قوللاشقا ئېرىشىپ كەلگەن نەجد دەۋتى) بىلەن ئىجتىمائىي ئىسلاھاتنى نىشان قىلغان، يېتەرلىك ئىمكانىيەتكە ئىگە بولمىسىمۇ، زور قىيىنچىلىق بىلەن ھەرىكەت قىلىۋاتقان بىر ئىسلاھاتچى ھەرىكەت ئىدىيە ۋە كۈلتۈر ئارىسىدا زور پەرق بار. بۇنىڭدىن سىرت دۆلەت ۋە سىرتقى كۈچلەرنىڭ ئۇ ھەرىكەتلەرنى توختىماي باستۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقىدەك رېئاللىقمۇ بار.

**ئۈچىنچى سەۋەب**

ئەقىدىۋى تەھلىل ۋەقەلەر ئۈستىدە مۇرەككەپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

بولمىغان يۈزەكى ئىزدىنىشنىڭ نەتىجىسى بولۇپ، جەمئىيەت زىيالىيلىرى ۋە ئاقىللىرى ئارىسىدا ئۇزۇنغا سوزۇلغان، چوڭقۇر ۋە مۇرەككەپ تەھلىل ئەمەس. ئەقىدىۋى تەھلىل كۆرسەتمىسى مۇئەييەن ۋە ئېنىق بولغان شەرئىي نۇسۇس(قۇرئان ھەدىس، ۋەھيى)لارغا تايانغان جۇزئىي ئىزدىنىشتۇر. باشقا تەھلىللەر بولسا كەڭ دائىرىلىك كۈچ چىقىرىپ، ئىزدىنىپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، ئۇچۇر ئىگەللەش، مۇددىئانى تېپىپ چىقىش، ھادىسىلەرنى زامان ۋە ماكانغا باغلاش، ۋەقە يۈز بەرگەندىكى مۇھىت ۋە شارائىتلارنى ئېتىبارغا ئېلىش قاتارلىق مۇرەككەپ جەريان تەلەپ قىلىدۇ.

چوڭقۇرراق ئىزدەنسەك بىرىنچى سەۋەب بىلەن ئۈچىنچى سەۋەبنى مۇنداق باغلىساقمۇ بولىدۇ. يەنى نەجد دەۋىتىنىڭ زاھىرىي ئېقىمنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىشى سەۋەبىدىن يېڭى بىر پىكىر ئېقىمى پەيدا بولۇپ، ئىزدىنىش، تەتقىقات، دەلىللەش ۋە ھۆكۈم چىقىرىش ۋە قىياس تەققاسلاش ئۇسۇللىرى چەكلىمىگە ئۇچرىدى. مانا بۇلار سەلەپىي جىھاد ھەرىكەتلىرىنىڭ پىكىر قاتماللىقىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىشى مۇمكىن. بۇلار كەلگۈسىدە يەنە تېخىمۇ كەسكىن ۋە ئېغىر دەرىجىدە قاتمال بولغان يېڭى ھەرىكەتلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە سەۋەبمۇ بولۇشى مۇمكىن.

**سوئال ۋە جاۋاب**

بۇ يەردە مۇنداق بىر سوئال چىقىشى مۇمكىن: ئۇنداق غەربلىكلەرنىڭ توقۇنۇشنى ئەقىدىۋى تەھلىل قىلىشىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلايدىغان گەپ - سۆزلىرىنى قانداق چۈشىنىش مۇمكىن؟

جاۋاب: مەن بۇ يازمامدا بىر قانچە يەردە دەپ ئۆتتۇم. مەقسىتىم توقۇنۇشتىكى ئەقىدىنىڭ رولى ياكى تەسىرىنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىش ئەمەس، ئۇنى يۈزەكى بىر سەۋەب دېيىشمۇ ئەمەس. ئۇنى ھېچكىمنىڭ پۈتۈنلەي ئىنكار قىلالمايدىغانلىقىنى دەپ ئۆتتۇم. توقۇنۇشتىن ئەقىدىنىڭ تەسىرىنى پۈتۈنلەي يوق قىلىش (ئايرىۋېتىش) قۇرئان ۋە ھەدىسكە شەك كەلتۈرگەنلىكتۇر.

بۇ يازمامدا دېمەكچى بولغىنىم شۇ: ئەتراپىمىزدىكى ئىشلار، توقۇنۇشلاردا ئەقىدىنىڭ تەسىرى زادى قانچىلىك، ئەرەب رايونىدا بولىۋاتقان بۇ ئۇرۇشنىڭ يېقىنقى سەۋەبلىرى ئارىسىدا دىنىي سەۋەبلەر قانچىلىك؟ توقۇنۇشتىكى ئۇزاق تارىخىي سەۋەبلەر كۆپىنچە ۋاقىتتا خەلق ۋە دۆلەت ئەسلىمىسىدە دائىم ھازىر بولالمايدۇ (ئۇنتۇلۇپ قالىدۇ). بىز توقۇنۇشقا چارە ئىزدىگەندە، ئىتتىپاق تۈزگەندە مۇشۇلارنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز كېرەك.

مەن ھەرگىزمۇ رەئىس بوشنىڭ 2001 - يىلى 17 - سېنتەبىر كۈنى سەلىپ ئۇرۇشى دەپ ئېلان قىلغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالمايمەن. 21 - سېنتەبىر كۈندىكى بىزنىڭ ھاياتلىق پەلسەپىمىز، ئەركىنلىكىمىز تاجاۋۇزغا ئۇچرىدى دېگىنىنى ئۇنتۇپ قالمايمەن. ئىران ۋە ئۇنىڭ شىئە قۇراللىق كۈچلىرى تۈۋلاۋاتقان «ھۈسەينىيە» شوئارلىرىغا سەل قارىمايمەن. لېكىن بۇلارنىڭ ھەممىسىنى «ئېنېرگىيە ئۇرۇشى»نى قوللاش ئۈچۈن «جامائەت مايىللىقى» پەيدا قىلىش كونتېكىسىدە چۈشىنىمەن. چۈنكى خەلقنى نوقۇل نېفىت ۋە گاز دەپ ئۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلىش ئاسان ئەمەس. خەلق ئۇنى ھەرىكەتلەندۈرىدىغان ئەقىدە كۈچىگە موھتاج. دەل ئەقىدە خەلقنى ئەڭ قىزغىن بولغان كۈچ بىلەن

تەمىنلەيدۇ.

ئۇنداقتا بوش بۇ سۆزلەردىن نېمىنى كۆزلىگەن ئىدى؟ ھەقىقەتەنمۇ يېڭىدىن ئەھلى سەلىپ ئۇرۇشى قىلماقچىمىدى؟ ھەقىقەتەنمۇ ئۇلارنىڭ ھاياتلىق پەلسەپىسى ۋە ئەركىنلىكى ئۈچۈنمىدى؟ ياكى ئۇ خەلقنى ئەڭ كۆپ ئېنېرگىيەنى بېسىپ ياتقان مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇشقا باشلاپ كىرمەكچىمىدى؟ مەنچە ئۇ خىتابىدا خەلقنىڭ ئېنىق قىلىپ بۇ مۇسۇلمانلار بىزگە ھوجۇم قىلدى، ئۇلارنى يوق قىلايلى، ئۇلار بىزنىڭ ھاياتىمىزنى، ئەركىنلىكىمىزنى قەستلىدى دېدى. لېكىن ئۇ ھەرگىزمۇ خەلقنىڭ ئۇلارنىڭ قولىدا بىزگە لازىملىق ئېنېرگىيە بار دېمەيدۇ، ئەلۋەتتە.

شۇنداق، ئۇنىڭ دېگەنلىرى دىنىي بىر خىتاب، لېكىن ئاخىرقى مەقسەتتە ئۇ، كەلگۈسىدە چىقىرىدىغان قارارلىرىنىڭ ئارقىسىغا خەلقنى يىغماق، مەقسەت، قىتئە ھالقىغان شىركەتلەر ئۈچۈن ئېنېرگىيە توختاملىرى. ئۇنىڭ قىلغىنى مەلۇم مەقسەتتە دىننى سۇيىئىستېمال قىلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئۇ مەقسەت ئوچۇق ياكى يوشۇرۇن؛ باشقىلار ئۇنى بىلىۋالالايدۇ ياكى بىلىۋالالمايدۇ؛ ئۇ ئانچە مۇھىم ئەمەس.

بۇ ھەقتە كاجلىق قىلىش بىھاجەت ... تۆۋەندىكىلەرنى كۆرۈپ بېقىڭ

ئىرلاندىيەلىك ئاخباراتچى جوزېف كىلىفورد ئىرلاندىيە ۋاقتى گېزىتىدە 2003 - يىلى 4 - فېۋرال بەزى پاكىتلارنى يازغان. مەسىلەن: بوش ئائىلىسىنىڭ كۆپىنچە ئەزالىرى نېفىت تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بولۇپ، دادىسى جورج بوش خالقئارالىق نېفىت شىركىتى Carlysle Group نىڭ خىزمەتچىسى ئىدى. بۇ شىركەتنىڭ ياۋروپادىكى ۋەكىلى بولسا ئەنگلىيە سابىق باش مىنىستىرى جون مېيجىر ئىدى. شۇنىڭدەك، بوشنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى باش مەسلىھەتچىسى كوندالىزا رايىسنىڭ ئامېرىكىنىڭ داڭلىق نېفىت شىركىتى Chevron دا ئىشلەيدىغانلىقى، بوشنىڭ ياردەمچىسى دىك چېنىينىڭ گىگانت نېفىت شىركىتى Haliburton نىڭ سابىق مۇدىرى ئىكەنلىكى تاسادىپىيلىق ئەمەس. 90 - يىللاردىكى ئىراق ھۆكۈمىتى ب د ت بىلەن تۈزگەن نېفىت قارشىلىقىدا ئاشلىق كېلىشىمىنى روياپقا چىقىرىشتا ئۇ 34 مىليون دوللارغا ئېرىشكەن. يەنە 1999 - يىلى تالىبان ھۆكۈمىتىنىڭ ئافغانىستاندىن ئۆتىدىغان نېفىت گاز تۇرۇبىسى ئۈچۈن ئامېرىكا نېفىت شىركىتى Unocal غا رۇخسەت بېرىشىنى رەت قىلغانلىقىنى نەزەردىن ساقىت قىلىش مۇمكىنمۇ؟ مانا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ۋەقەلەر ئۈستىدە چوڭقۇر ئويلىنىش، ھەممە كىشىگە بىلدۈرۈش كېرەك.

يېگىرمە - ئوتتۇز يىل بۇرۇنقى توقۇنۇشلاردىن نېفىت ئامىلىنى نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمىغاندەك، ھازىرقى توقۇنۇشلاردىنمۇ گاز ئامىلىنى نەزەردىن ساقىت قىلساق بولمايدۇ. قۇرۇقلۇق تاشيول، دېڭىزدا مال يۆتكەش ۋە ترانسپورتلارنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلساق بولمايدۇ. بۇ ئامىللارنىڭ ھەممىنى توقۇنۇش خەرىتىسىدىكى مۇناسىپ ئورنىغا قويمىشىمىز لازىم.

بىز پۇل، ئىقتىساد، كۆپ دۆلەتلىك شىركەتلەر، نېفىت، گاز ۋە سۇنىڭ رولىنى، بۇلارنىڭ توقۇنۇش خەرىتىسىدىكى ئورنىنى چۈشىنىشىمىز كېرەك. مەنچە مۇشۇلار بۈگۈنكى ئەرەب رايونىمىزدا بولىۋاتقان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

توقۇنۇشتىكى ئەڭ مۇھىم نەرسىلەردۇر. بۈگۈنكى بۇ «مەدەنىيلەشكەن دۇنيا» بىزگە قارشى دىن ياكى سەلىپ بايرىقى ئاستىدا ئۇرۇش قىلغۇدەك دەرىجىدە قاتتىق دىندارلىشىپ كەتكىنى يوق.

بۈگۈن مۇسۇلمانلارنىڭ توقۇنۇش ھالىتىدە تۇرۇپ ياۋرۇپا، ئامېرىكا ۋە روسىيەنىڭ دىندىن خالىي، سېكۇلار دۆلەتلەر ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قېلىشى ھەقىقەتمۇ بىر مەسىلە. مۇسۇلمانلار بۇ ئەھۋالنى پەقەت دۆلەت قۇرۇلمىسى، دېموكراتىيە ۋە ھاكىمىيەت مەسىلىلىرىنى دېيىشكەندىلا ئەسكە ئالسا كېرەك.

بەزىلەر مۇنداقمۇ دېيىشى مۇمكىن، بۇشىنىڭ دىندار خارەكتېرىدىن خەۋىرىڭىز يوقمۇ؟ مەن دەيمەن: خەۋىرىم بار. لېكىن بىز بۇ يەردە تۈزۈلمە ۋە ئاپپاراتلىرى بار دۆلەتلەردىن گەپ قىلىۋاتىمىز، شەخسلەرنىڭ خاھىشىدىن ئەمەس، بۇ جەھەتتە بوش ۋە باشقا ئامېرىكىلىق دىندارلار ھەممىسى ئوخشاش.

بىلىدىغىنىم شۇكى، غەرپ دىندىن خالىي بىر جەمئىيەت. بولۇپمۇ ئومۇمىي دۆلەت ئىشلىرى جەھەتتىن شۇنداق. شەخسلەر ھاياتى تېخىمۇ شۇنداق. ئەگەر بىز غەرب جەمئىيىتىگە ئىچكىرىلەپ كىرىدىغان بولساق ئۇنىڭدىكى ئىسلامغا بولغان دۈشمەنلىك بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن خىرىستىيانلىق ئاملىنى بايقايمىز. خىرىستىيانلىق جەھەتتىنمۇ ئورتودوكس ۋە پروتېستانلارغا بولغان ئۆچمەنلىك بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن كاتولىك روھىنى بايقايمىز. لېكىن بۇ ئامىللار دۆلەت ۋە جەمئىيەتنىڭ دىندىن خالىيلىق تەبىئىتى سەۋەبىدىن ئاجىز ھەم يوشۇرۇنراق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز. لېكىن بۇ ھالەت باشقىلارنىڭ بۇ جەمئىيەتلەرگە بولغان پوزىتسىيەسى سەۋەبلىك ئۆزگىرىشى مۇمكىن. بەزى نادان مۇسۇلمانلارنىڭ غەربكە دىنىي ھۇجۇم قوزغىشىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ بۇ ئاجىز ئامىل كۈچىيىشى مۇمكىن. لېكىن كاتولىكلارنىڭ ئورتودوكس ۋە پروتېستانتلارغا قارشى ھەرىكىتىنىڭ ئازىيىشى بۇ ئاملىنى (دىنىي ئاملىنى) تېخىمۇ ئاجىزلاشتۇرۇشى مۇمكىن.

ئەلۋەتتە غەرب ھەققىدە ئېيتقانلىرىمىز ئىراننىڭكىدىن كۆپ پەرقلىنىدۇ. چۈنكى ئىران دۆلەت بولۇش سۈپىتى بىلەن دىن ئەقىدىسىنى ئاشكارا ئاساس قىلغان بولۇپ، دۆلەت ئەقىدىسى شىئە مەزھەپچىلىكى ۋە ئەھلى سۈننەتكە بولغان دۈشمەنلىك بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىران بىلەن بولغان توقۇنۇش غەرب بىلەن بولغان توقۇنۇشقا قارىغاندا تېخىمۇ كەسكىن بولۇپ، ئىراقتىكى ئۇرۇش ئىرانلىقلارنىڭ قانخورلىقىنىڭ ئامېرىكىنىڭ قانخورلىقىدىن ۋەھشىيلىكىنى كۆرسىتىپ بەرمەكتە.

## ئى مۇجاھىدلار، بۇ بىر تېپىشماقتۇر

يۇقىرىقىلار ھەققىدە ئېتىبارلىق ئىلمىي تەتقىقات مەيدانىغا چىقىشى ئۈچۈن، شۇنداقلا خەلق قوزغىلىڭى بىلەن خەلقئارا ئارىسىدىكى توسالغۇنى ئازايتىش ئۈچۈن ھەممىمىز شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى توقۇنۇشنى يالغۇز ئەقىدە نۇقتىسىدىنلا تەھلىل قىلىش توقۇنۇشنى بىر تەرەپ قىلىشتا

مەسىلە پەيدا قىلىدى. قوزغىلىڭمىزنىڭ دۇنياغا قىلىۋاتقان چاقىرىقىغا سەلبىي تەسىرى بولىدى. چۈنكى بۇ تەھلىل ئەخلاق ۋە قىممەت قاراشلىرىنىلا چىقىش قىلغانلىقى ئۈچۈن ئاز ئۆتمەيلا رەھىمسىز نېفىت ۋە گاز تۇرۇبىلىرىغا ئۇسۇۋالدى. پۇل ۋە مەنپەئەتتىن باشقىنى بىلمەيدىغان كاپىتالىزم ئالدىدا غولىغىلى تۇردى.

90 - يىللارنىڭ بېشىدا كىلىمات ئۆزگىرىشى دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتىشقا باشلاپ، 1992 - يىلى كېرەكسىز گازلارنىڭ قويۇپ بېرىلىشىنى ئازايتىش ئۈچۈن كيوتو كېلىشىمنامىسى ئىمزالاندى. 1994 - يىلىدىن باشلاپ دۇنيادىكى ئىككىنچى چوڭ نېفىت ئىستېمالچىسى بولغان ياۋروپا بىرلەشمىسى بۇ ئىتتىپاقنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە باشلاپ 1998 - يىلى رەسمىي قول قويدى. 2009 - يىلى بۇن ئىتتىپاققا كىرگەنلەر 183 دۆلەت بولۇپ، بۇلارنىڭ ئارىسىدا ئامېرىكا يوق ئىدى. ھازىر بولسا قارا ئالتۇن دەپ ئاتالغان نېفىت دەۋرى ئاخىرلىشىشقا يۈزلىنىپ گاز ئالدىنقى ئورۇنغا ئۆتۈشكە باشلىدى. بۇنىڭ بىلەن روسسىيە ئېنېرگىيە پىلانلىرىنى قايتا تۈزۈپ گاز مەنبەلىرىنى كونترول قىلىش ئارقىلىق دۇنيانى باشقۇرۇشنى قايتىدىن قولغا ئالماقچى بولىۋاتىدۇ ...

بۇ ھەقتە روسسىيە ئامېرىكىنىڭ نېفىت كونترول قىلىش ئارقىلىق دۇنيانى كونترول قىلىپ كەلگەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن بولۇپ، ئامېرىكا مەيلى ئىشلەپ چىقارغۇچى مەيلى ئىستېمالچى دۆلەتلەرنى ئوخشاش كونترول قىلىپ كەلگەن. مەسىلەن، ئامېرىكا جۇڭگوغا ئوخشاش ئىستېمالچى بىر دۆلەتكە بېسىم قىلماقچى بولسا ئوپېك (نېفىت ئىشلەپ چىقارغۇچى دۆلەتلەر تەشكىلاتى)قا بېسىم قىلىپ ئىشلەپچىقىرىشنى ئازايتىش ئارقىلىق باھانى كۆتۈرگەن. ئەگەر روسسىيەدەك بىر ئىشلەپ چىقارغۇچى دۆلەتكە بېسىم قىلماقچى بولسا يەنە شۇ ئوپېك ئارقىلىق ئىشلەپ چىقىرىشنى ئاشۇرۇپ باھانى تۆۋەنلەتكەن.

شۇنىڭ بىلەن روسسىيە دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ گاز زاپىسىغا ئىگە بولغانلىقى ھەم ئەتراپىدىكى ئىتتىپاقداش دۆلەتلەردىكى (ئىران، ئەزەربەيجان، تۈركمەنىستان، ئۆزبېكىستان ...) گاز زاپىسىغا تايىنىپ تۇرۇپ، گازنى ئاساس قىلغان يېڭى ئىستراتېگىيەسىنى تۈزدى.

ئەمەلىيەتتىمۇ پۇتىن روسسىيەنىڭ قايتىدىن دۇنيا خوجىسى بولۇشى ئۈچۈن ئىشنى ئاۋۋال 1995 - يىلى گازپروم شىركىتىنى تەسىس قىلىشتىن باشلىدى. شۇ ئارقىلىق ئىشلەپ چىقارغۇچى دۆلەتلەردىن تارتىپ گاز تۇرۇبىسى ئۆتىدىغان دۆلەتلەرگىچە، ئاخىرىدا ئىستېمال قىلىدىغان دۆلەتلەرگىچە نوپۇزىنى يايماقچى بولىدى. ياۋروپا دۇنيادا ئامېرىكىدىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان ئىستېمالچى بولۇش سۈپىتى بىلەن پۇتىن گاز ئېكسپورت قىلىدىغان رايونلارنىڭ ئەڭ بېشىدا كېلەتتى.

بۇ نىشان ئۈچۈن روسسىيە بىر قانچە پىلان يولغا قويغان بولۇپ، بۇلاردىن ئەڭ مۇھىم ئىككىسى تۆۋەندىكىچە:

1 - شىمالغا ماڭغان تۇرۇبا پىلانى بولۇپ، روسسىيەنىڭ شىمالىدىن گېرمانىيەگە گاز يەتكۈزۈشنى مەقسەت قىلىدۇ.

2 - جەنۇبقا ماڭغان تۇرۇبا پىلانى بولۇپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

روسىيەدىن قارا دېڭىز ئارقىلىق جەنۇبىي ياۋروپاغا گاز يەتكۈزۈشنى مەقسەت قىلىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا پىلانلارمۇ بار بولۇپ، ھازىرچە ئۇلار ئۈستىدە توختالمايمەن. لېكىن پۈتىننىنى ئەڭ ئەنسىرىتىدىغان پىلانلاردىن بىرى سۇرىيە ئارقىلىق تۈركىيە ۋە ياۋروپاغا بارىدىغان قاتارنىڭ گاز پىلانى ئىدى.

ئامېرىكا بولسا روسىيەنىڭ پىلانىغا قارشى بىر ئىستىراتېگىيە تۈزدى. بۇنىڭ ئىچىدە پۈتىننىڭ گازپروم پىلانىغا قارشى نابۇكو تورۇبا يولى پىلانى بار ئىدى. ئامېرىكىنىڭ بۇ پىلانىنى گاز بىلەن تەمىنلەشتە ئىران، ئەزەربەيجان ۋە سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ رولى گەۋدىلىك ئىدى. لېكىن ئامېرىكا ھېسابقا ئالمىغان بىر ئىش يۈز بەردى. ئۇ بولسىمۇ روسىيە ئەتراپىدىكى تۈركمەنىستان ۋە ئۆزبېكىستانغا ئوخشاش دۆلەتلەر بىلەن ئۇزۇن مۇددەتلىك توختام تۈزۈپ ئۇلارنىڭ گېزىنى سېتىۋېلىش بولدى. بۇ بۇ گازلار ئەسلىدە ئامېرىكىنىڭ نابۇكو پىلانىنىڭ تەمىناتى ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئامېرىكا پىلانى ئاقساپ قالدى. ئامېرىكا يېڭى مەنبە ئىزدەشكە چۈشتى. بۇ قېتىمقى نىشانى نىسبەتەن مۇقىمراق ھەم زاپاس مىقدارى خېلى زور بولغان ئىران ئىدى. مانا بۇ ئامېرىكىنىڭ ئۇزۇن مۇددەتتىن بېرى ئىران بىلەن يادرو كېلىشىمنامىسى تۈزۈش ئۈچۈن چېپىشىنىڭ سىرى ئىدى.

ئامېرىكىغا نىسبەتەن تۈركىيە ئۆتەڭ دۆلەت ۋە ئىستىراتېگىيەلىك «ئامبار» دۆلەتتۇر. سۇرىيەمۇ شۇنداق. ئىران بولسا ئۆزىنىڭ گېزىنى ئوتتۇرا دېڭىزغا ئىراق ۋە سۇرىيەنى كېسىپ ئۆتۈپ توشۇيدىغانغا باشقىلار بىلەن توختاملاشتى. شۇنىڭ بىلەن تۈركىيە چوڭ بىر ئىقتىسادى كوزىردىن مەھرۇم قالدى. ئامېرىكىمۇ تۈركىيەدىن ئۆتىدىغان نابۇكو پىلانىدا زىيان تارتتى. بۇ، ياۋروپا بازىرىغا كۆز تىكىۋاتقان روسىيەنىڭمۇ زىيىنىغا ئىدى. مانا بۇلار روسىيەنى سۇرىيەگە تارتىپ كىرگەن ئىشلار. روسىيە سۇرىيەگە كىرىش ئارقىلىق بىر قانچە مەقسەتكە يەتمەكچى بولۇپ، بۇلاردىن:

ئىران ياكى ئەرەب گېزىنىڭ ئوتتۇرا دېڭىز ياكى تۈركىيە ئارقىلىق يېقىن كەلگۈسىدە ياۋروپاغا بېرىشىنى توسۇش.

بەزى تەتقىقاتلارغا كۆرە زاپاس مىقدارى غايەت زور بولغان ئوتتۇرا شەرق گاز مەنبەلىرىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈش.

قىسقىچە قىلىپ ئېيتقاندا سۇرىيەمۇ ئەرەب گېزىنىڭ ئوتتۇرا دېڭىزدىن ياكى تۈركىيەدىن ياۋروپاغا توشۇلىشىدىكى ئۆتەڭ دۆلەت، شۇنداقلا ئىران گېزىنىڭ ئوتتۇرا دېڭىز ئارقىلىق ياۋروپاغا كىرىشىدىمۇ ئۆتەڭ دۆلەت. شۇ سەۋەپتىن ياۋروپانىڭ ئېنېرگىيەسىنى تەمىنلەشتىكى كوزىر دۆلەتتۇر. بۇ ھەقتە كېيىنكى يازمامدا تەپسىلىي توختىلىمەن.

## مۇھىم نۇقتىلار

شەكسىزكى توقۇنۇش ماھىيەتتە ئەقىدە توقۇنۇشى. كۇلتۇر، مەدەنىيەت ۋە قىممەت قاراشلار توقۇنۇشى. لېكىن بۇ ئاخىرقى سەۋەپ بولۇپ، كۆز ئالدىمىزدىكى نەخ ۋەزىيەتتە توقۇنۇش ھەرخىل

شەكىلدە ئىپادىلىنىشى مۇمكىن. ئالدىمىزدىكى كۈنلەردە تەبىئىي بايلىق، نوپۇز قاتارلىق سەۋەبلەر بەكرەك گەۋدىلىنىپ كۆرۈنىشى مۇمكىن. بۇنداق چاغدا توقۇنۇشنى ماھىيەتلىك سەۋەبلىرىدىن پۈتۈنلەي ئايرىپ قاراش، مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشىنى ئاددىيلا نوقۇل ئىقتىسادقىلا باغلاپ قويۇش توغرا ئەمەس. بۇنداق قىلىش تارىختا ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ مۇھىم كۈچ مەنبەسىگە سەل قارىغانلىقتۇر. ئەمما، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، توقۇنۇشتا كۆز ئالدىمىزدا يۈز بېرىۋاتقان، كۆزىمىز بىلەن كۆرۈۋاتقان باشقا ئىككىلەمچى سەۋەبلەر ياكى ئوبيېكتىپ ھەقىقەتلەرنىمۇ توقۇنۇشنى تەھلىل قىلىشتا، بىر تەرەپ قىلىشتا پۈتۈنلەي نەزەردىن ساقىت قىلىش ئاقىلانىلىك ئەمەس.

بىز يەنە ئۆزۈنغا سوزۇلغان توقۇنۇشلاردا مەدەنىيەت ۋە قىممەت قاراش سەۋەبلىرىنىڭ بەزىدە روشەن گەۋدىلىنىپ، بەزىدە كۆۋۈنمەس بولىدىغانلىقىنى بايقايمىز. كۆپىنچە ۋاقىتتا توقۇنۇش بىر سەۋەب بىلەن باشلىنىپ باشقا بىر سەۋەپ بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. چۈنكى ۋاقىت ئۆتكەنسېرى ئەسلىدىكى سەۋەب ياكى مەقسەت ئاجىزلاپ يوقايدۇ ياكى توقۇنۇشقا باشقىچە مەقسەتتى بولغان تەرەپلەر قېتىلىپ بارىدۇ. يەنى، توقۇنۇش دەسلەپىدە بايلىق ياكى مەنبە سەۋەبلىك باشلىنىپ ۋاقىت ئۆتكەنسېرى مەدەنىيەت توقۇنۇشىغا ئايلىنىپ كېتىشى مۇمكىن ۋەياكى ئەقىدە سەۋەبىدىن باشلىنىپ ۋاقىتنىڭ ئۆتىشى بىلەن بايلىق ۋە نوپۇز توقۇنۇشى بولۇپ كېتىشى مۇمكىن.

توقۇنۇشنىڭ مۇشۇ ۋاقىتىمىزدىكى خارەكتېرىنى تارىخىي سەۋەبلىرى بىلەن بىلىش بىزنىڭ توقۇنۇشنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىشىمىز ۋە توغرا تەسەۋۋۇر قىلالىشىمىزغا پايدىلىق. بىز شۇنداق قىلساق توقۇنۇشنىڭ يۆنىلىشىنى ئۆزىمىزگە پايدىلىق بولغان تەرەپكە يۈزلەندۈرەلەيمىز. مەدەنىيەت توقۇنىشى ھەرقانداق باشقا توقۇنۇشتىن كەسكىن بولىدۇ. ھازىرىمىزنى ۋە رىئاللىقىمىزنى چۈشىنىشىمىز بۇ توقۇنۇشنىڭ ئۈستىمىزدىكى بېسىمىنى يەڭگىللىتەلەيدۇ، بولۇپمۇ قارشى تەرەپتىكى غەرب بىلەن ئارىمىزدىكى تېخنىكا ئۈستۈنلىكى ھەم بىزدىكى ئىقتىسادىي ئاجىزلىق پەرقىدىن باقساق تېخىمۇ شۇنداق.

شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ھازىر دۈشمەن تەرەپتە ئەقىدە ئامىلىنىڭ ئاجىزلاشقان ھالىتىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشىمىز كېرەك. چۈنكى دۈشمەن ئەڭ مۇھىم كۈچ مەنبەلىرىدىن بىرى جەھەتتە ئاجىز ھالەتتە تۇرماقتا. ئۇلارمۇ ئۆزۈكسىز بۇ مەنبەنى كۈچەيتىش ئۈچۈن ئويۇن ئويناۋاتىدۇ. ئەپسۇس بىز تەرەپتىن بەزى ئەخمەقلەر ھېلى قىتئە ھالقىغان دۇنياۋى ئۇرۇش قوزغاش چاقىرىقلىرى ئارقىلىق، ھېلى ئۇ يەر بۇ يەرنى پارتلىتىش ئارقىلىق دۈشمەنگە ئەقىدە ئامىلىنى تېخىمۇ كۈچەيتىدىغانغا باھانە بەرمەكتە. يېقىندا ياۋرۇپادا- بېروكسېلدا ۋە پارىژدا -، بىر قانچە يىل ئاۋۋال ئىراقتا ھۈسەينىيەلەر ۋە مەسجىدلەرنى پارتلىتىشلار ئاشۇ ئەخمەقلىقلەردىن بىرقانچىسى. ئەنە شۇلار دۈشمەننىڭ ئەقىدە ئامىلىنى قوللىنىپ مەيلى غەرب مەيلى شىئەلەر بولسۇن پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا ئەھلى سۈننەتكە قارشى قۇتراتقۇلۇق قىلىشىغا سەۋەب بولماقتا.

ئەگەر بىز مۇشۇ كۈنىمىزدىكى توقۇنۇشنى

«ئىنىرگىيە ئۆرۈشى» دەپ بىلەلىسەك بۇ چاغدا بىز بۇ توقۇنۇشنى «مەنپەئەت كېسىشىشى» رامكىسىدا تۇرۇپ ئىدراك قىلالايمىز ۋە شۇ ئارقىلىق بىزنىڭ قوزغىلىشىمىز مۇشۇ رامكا ئىچىدە خەلقئارالىق ۋە رايونلۇق كېلىشىم ۋە ئىتتىپاقلارنى قۇرالايدۇ. لېكىن هازىر بۇ توقۇنۇشنى ئەقىدە توقۇنۇشى قىلىۋالساق ئىمكانىيىتىمىز قانچىلىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر دۈشمەن بىلەن ئومۇمىيۈزلۈك (دۇنياۋى، خەلقئارالىق) ئۆرۈشقا يۈزلىنىمىز. بۇنداق ئەقىدە توقۇنۇشىدا كېلىشىم هاسىل قىلىش ئەقىدە بارىسىدا ۋاز كەچمەي مۇمكىن بولمايدۇ.

## خاتىمە

بىز ۋەقەلەرنى قانداق چۈشىنىش، قانداق تەھلىل قىلىش يوللىرىمىزغا قايتىدىن قاراپ چىقايلى. كۆپ تەرەپلىمىلىك، ئوبيېكتىپ رېئاللىقنى، مەيداندا بولىۋاتقان ئىشلارنى ئېتىبارغا ئالىدىغان، قايسى ئىشنىڭ كەينىدە قايسى تەرەپ بار، كىمنىڭ مەنپەئىتى بار، قاچان، نېمىشقا قىلدى، نېمىشقا مۇشۇ ۋاقىتتا يۈز بەردى، دېگەندەك سوئاللارنى تاشلىشىمىز كېرەك. ئاندىن بىز خالايدىغان نەتىجە ياكى تاتلىق ئارزۇ ئارمانلىرىمىز، بىر تەرەپلىمە ئالدىن هۆكۈملىرىمىزنى بىر تەرەپكە قايرىپ قويۇپ ئوبيېكتىپ جاۋاب ئىزدىشىمىز كېرەك. مانا مۇشۇ هالەتتە چۈشەنسەك، توقۇنۇشنىڭ بارلىق ماهىيەتلىك ۋە ئىككىلەمچى، يېقىنقى ۋە يىراق سەۋەبلىرىنىڭ هەممىسىنى ئېتىبارغا ئېلىپ، هەر بىرىنىڭ بۇ توقۇنۇشتىكى تەسىرىنى مۆلچەرلەپ چىقساق، خۇددى ماتېماتىكىلىق مەسىلىگە تەڭلىمە تۈزگەندەك... مۇشۇنداق قىلساق «ئەلۋەلا ۋەلبەرا»نى ئاساس قىلغان، هېسسىياتقا بېرىلگەن يۈزەكى هۆكۈمدىن بەكرەك سان - سېفىر، ئۆچۈرغا تايانغان يېقىنچە بىر نەتىجىگە ئېرىشەلەيمىز.

بىز هەر تەرەپتىن قارىساق ئىنتايىن چوڭ ۋە ئۆزگىرىش تېز بولغان بىر ئۆرۈشتا تۇرۇۋېتىمىز. شۇڭلاشقا بىزنىڭ ئاقىللىرىمىز، سەرخىللىرىمىز بۇ ئۆرۈشنى بىر تەرەپ قىلىشتا يېڭىچە ئۇسۇل ۋە چارىلەر ئۈستىدە ئىزدىنىشى زۆرۈر. باشقىلارغا قارايلى، ئەڭ يېقىن ئىتتىپاقداشلىرىمىزغا قارايلى، ئۇلار بۇ قىيىنچىلىقنى يېڭىش ئۈچۈن قانداق ئۇسۇل - چارە ئىزدەۋېتىپتۇ.

بىزنىڭ تاپىدىغىنىمىز بىلەن ئۇلارنىڭكى دەلمۇ دەل ئوخشاش بولۇشى شەرت ئەمەس، لېكىن بىز چوقۇم يېڭىچە ئۇسۇللارنى سىناپ بېقىشىمىز كېرەك. لېكىن 5 يىلدىن كېيىنمۇ ئۆز ئورنىمىزدىن مىدىرلىماي كونا ئۇسۇلدا بۇ توقۇنۇشتا تۇرساق هەرگىزمۇ ئىلگىرىلىيەلمەيمىز. ئەكسىچە يوقىلىش گىردابىغا تېخىمۇ يېقىنلىشىمىز، خالاس.

شەكسىزكى دىن بۇ رايوننىڭ پۈتۈن ئۆرۈشلىرىدا تېپىلىدۇ. لېكىن بىز سورايدىغان ئەڭ مۇهىم سوئال شۇ: بۇ ئۆرۈشلاردا دىن سەۋەبمۇ ياكى ۋاستىمۇ؟ ■

http://idraksy.net/interpretation_dogmatic_and_its_impact_on_conflict_management/



# ئۇيغۇرلاردا قۇتۇبچە ئىسلام

ئابدۇۋەلى ئايۇپ

**تەھرىر ئىلاۋىسى:**

بىز مەزكۇر ماقالە ھەققىدە تەھلىل يۈرگۈزۈپ خۇلاسە چىقارماقچى ئەمەس، ماقالىنىڭ بەزى يەرلىرىگە ئىزاھات بەرمەكچى. ئابدۇۋەلى ئايۇپ ماقالىسىنىڭ بېشىدىلا بۇ يىل سەييىد قۇتۇبنىڭ شەھىد قىلىنغانلىقىنىڭ 50 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن سەييىد قۇتۇپ ھەققىدە ئۇيغۇر تىلىدا كىتاب چىقارغانلىقىمىزغا قاتتىق نارازى بولۇپ، بۇ يىل يۈسۈپ خاس ھاجىپ يىلى مۇناسىۋىتى بىلەن يۈسۈپ خاس ھاجىپ ھەققىدە كىتاب چىقىرىشىمىزنىڭ تېخىمۇ زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلىگەن. ھالبۇكى بىزنىڭ يۈسۈپ خاس ھاجىپ ھەققىدە مەخسۇس كىتاب چىقارغانلىقىمىزدىن خەۋەرسىز قالغان. يەنە بۇ يىل يۈسۈپ خاس ھاجىپ ھەققىدە مەخسۇس كالېندار چىقارغانلىقىمىزدىن غاپىل قالغان.

بىز ئۇيغۇر بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، مۇھەممەد ئەمىن بۇغرانىڭ، سابىت داموللامنىڭ، تۇرغۇن ئالماسنىڭ، ئەلخان تۆرە ساغۇنىنىڭ، رابىيە خانىمنىڭ ..... كىتابلىرىنى چىقارغانىنىڭ سىرتىدا چەت ئەللىك ئۇيغۇر شۇناسلارنىڭ كىتابلىرىنىمۇ چىقىرىپ كەلدۇق (مەسىلەن: تىنچىماس ئۇيغۇر دىيارى دېگەندەك) يەنە چىقىرىمىز.

مۇسۇلمان بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، سەييىد قۇتۇب، مەۋدۇدى، يۈسۈپ قەرداۋىي، مۇسا جارۇللاھ، رىزائىددىن ئىبنى پەخرىددىن .... قاتارلىق ئىسلام مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ كىتابلىرىنىمۇ چىقىرىمىز ۋە چىقارماقچى.

بۇيىل سەييىد قۇتۇپ ھەققىدە كىتاب چىقارغان بولساق 2014 - يىلى ئىسمائىل غەسپىرالى ۋاپاتىنىڭ 100 يىللىق مۇناسىۋىتى بىلەنمۇ مەخسۇس كىتاب چىقارغان.

سەييىد قۇتۇپ تەشەببۇس قىلغان بىر قىسىم ئىدىيە ۋە قاراشلار 50 - 60 يىلدىن بۇيان ئەمەلگە ئاشمىغان بولسا، بۇۋىمىز يۈسۈپ خاس ھاجىپ تەشەببۇس قىلغان «دۆلەتنى قانۇن بىلەن باشقۇرۇش» دېگەن ئىدىيىسىمۇ مىڭ يىلدىن بېرى ئىشقا ئاشقانلىقىنى ئاڭلاپ باقمىدىم. مەيلى سەييىد قۇتۇپ تەشەببۇس قىلغان ئىدىيە بولسۇن مەيلى بوۋىمىز يۈسۈپ خاس ھاجىپ تەشەببۇس قىلغان ئىدىيە بولسۇن بۇلارنىڭ ئىشقا ئېشىشى ئۈچۈن ئالدى بىلەن بۇ تەشەببۇس ۋە ئىدىيەلەرنى ئەمەلىيەتكە تەتبىقلىغىلى، ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدىغان مۇستەقىل دۆلەت بولۇش كېرەك ئىدى....

تۇيغۇن كىتاب تور بېكىتى
www.tuyghurkitap.com

يېقىندا سەييىد قۇتۇپ شېھىت بولغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىغا بېغىشلاپ ئۇيغۇردا كىتاب نەشىر قىلىنغانلىقىنى ئاڭلاپ ئويلىنىپ قالدىم. ئەسلى بۇ يىل تۈرك دۇنياسىدا يۈسۈپ خاس ھاجىپ، خەلقئارادا ئەھمەت يەسەۋىي خاتىرىلىنىدىغان مۇبارەك يىل ئىدى. ئامېرىكا باش كاتىپى جون كەررى ئوتتۇرا ئاسىيا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىرى يىغىنىدا «قۇتادغۇبىلىك» تىكى ئەلچىگە قويۇلغان تەلەپلەرنى قاتناشچىلارغا ئەسكەرتىپ ئۆتكەن ئىدى. مۇشۇنداق خاسىيەتلىك يىلدا خەق بۇۋىمىزنىڭ ئۆگۈت، ھېكمەتلىرىنى بىزگە ئەسكەرتىپ يۈرسە، بىزدە ئۆزىمىزنىڭ پېشاۋالىرىنى قويۇپ تۇرۇپ سەييىد قۇتۇپنىڭ يادىلانغانلىقى قارا يۇمۇردەك تۇيۇلدى. ئەگەر يۈسۈپ بۇۋىمىزنى خاتىرىلەپ دىنىي كىتاب چىقارمىساق ساۋاب بولمايتتى، دېسەك ئۇستازىمىز مەرھۇم يارمۇھەممەت تاھىر تۇغلۇقنىڭ نەشىرسىز قالغان «قۇتادغۇبىلىك ۋە ئىسلام روھى» دېگەن كىتابى بار ئىدى. مەن تەۋسىيە قىلىپمۇ باققان ئىدىم.

سەييىد قۇتۇپنىڭ خاتىرىلەشكە ئەرزىگەن ھاياتى، ئەسەرلىرى ۋە پىكىرلىرىدىن بەھىرلىنىش ئۈچۈن ئۇنىڭ «يول بۇ يەردە» دېگەن ئۇيغۇرچە كىتابىنى، «مەن كۆرگەن ئامېرىكا» دېگەن ئىنگلىزچە كىتابىنى يېنىشلاپ ئوقۇپ چىقتىم. مەرھۇمنىڭ 50 يىللىقىنى خاتىرىلەپ ئۇيغۇرچە نەشىر قىلىنغان «سەييىد قۇتۇپ» دېگەن كىتابىنى ئوقۇغاچ ئىزدەپ باقسام مەن بىلىدىغان ئىنگلىزچە، تۈركچە، پارىسچە قاتارلىق تىللارنىڭ ھېچ بىرىدە بۇ ئۆلىمانىڭ شېھىت بولغانلىقى خاتىرىلەنمەپتۇ. قارىغاندا بۇ تىللارنى قوللىنىدىغان كىشىلەردە بۇنداق بىر شەخسنىڭ مەپكۇرىسى دىن دەپ قارالمىغان بولۇشى، بۇنداق ئىدىيەگە بازار بولماسلىقى، ئايغى چىقماس نەپرەت ۋە تۈگىمەس ئۆرۈش ئەسەبىيلىكىنىڭ تەرغىباتى قارشى ئېلىنماسلىقى مۇمكىن. بەلكىم 60 نەچچە يىلدىن بېرى مىسىردا ئۆتۈق قازانالمىغان قۇتۇپ مەپكۇرىسى ئۇيغۇرچىدىن باشقا تىللاردا سۆزلەيدىغان ئوچۇق، ئۆتكۈر ۋە ئەركىن پىكىرلىكلەردە ئانچە ئالقىشلانمىسا كېرەك. مۇسۇلمان قېرىنداشلار جەمئىيىتىنىڭ پىكىر ئاتىسى، مىليونلىغان مۇسۇلماننى ۋەتەنسىزلىك، مىللەتسىزلىك، قان قېرىنداشسىزلىق ياقىلانغان بىر ئاشقۇن ئىدىئولوگىيەگە باشلىغان، ئۇلارنى ئۆزئارا قىرغىنچىلىققا، يەكلەشكە ۋە زىددىيەتكە يېتەكلىگەن بۇ ئىنقىلابچىنى خاتىرىلەش نېمىگە زۆرۈر بولۇپ قالغاندۇ؟ جاۋاب ئوقۇرمەنلەرنىڭ كۆپلىكى ئىكەن. ئوقۇرمەنلىرىنىڭ كۆپ بولۇشى بىر مەپكۇرىنىڭ توغرىلىقىغا دەلىل بولالامدۇ؟ ھالبۇكى، توغرا - خاتانى كۆپ سانلىققا قاراپ ئۆلچەشنى قۇرئان رەت قىلىدۇ (ئەنئام، 116؛ نەھل، 120). چەت ئەل تىلىدىكى مەنبەلەرگە قارىسام دىنىمىزنى رادىكاللاشتۇرغان ئالىملارنىڭ بېشىغا سەييىد قۇتۇپ، مەۋدۇدى، مۇھەممەد قۇتۇپ تىزىلىدىكەن. سىياسىيلاشقان ئىسلام (تۈركچىدە ئىسلامچىلىق، ئىنگلىزچىدە ئىسلامىزىم دەپ ئېلىنىۋاتقان بۇ ئاتالغۇنىڭ ئەرەبچىسى سىياسىي ئىسلام دەپ ئېلىنىدىكەن، مەن ئەرەبچىسى بويىچە سىياسىي ئىسلام دېيىشنىمۇ ساقلاندىم) نىڭ مەنبەسى ۋە تەرغىباتچىسى بولغان مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ (ئىخۋانۇل مۇسلىمىن) تەشۋىقاتى ئۇيغۇرچە ئەڭ كۆپ تەرجىمە قىلىنىپتۇ.

ئۇيغۇردا سەييد قۇتۇپنىڭ خاتىرىلىنىشى، ئاشقۇنلۇققا تېۋىنىدىغان ۋە قاتنىشىدىغانلارنىڭ كۆپىيىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئۇيغۇرنىڭ بېكىك، مەزلۇم، نامرات، مەرىپەتسىز، چۈشكۈن موھىتىدا ئاشقۇن پىكىرلەرنىڭ ئەڭ بازارلىق بولۇشىمۇ چۈشىنىشلىك. مەيلى سىرلانكىدىكى بۇددىست ئاشقۇنلار، ياكى ھىندى دىنىدىكى ئاشقۇنلار بولسۇن ھەممىسىدە ئۇيغۇرنىڭكىگە ئوخشاپ قالىدىغان ئەھۋال مەۋجۇت. شۇڭا ئۇيغۇرلار مۇسۇلمان ئەمەس بۇددىست بولغان تەقدىردىمۇ بۈگۈنكى موھىت يەنىلا ئۇلارنى ئاشقۇنلۇققا قىستىغان بولاتتى. ئەمما قۇتۇپ ئىدىئولوگىيەسى خېمىرتۇرۇچ بولدى، ئۈمىدسىز كۆزلەرگە قولچىراق تۇتۇپ بەردى. بۇنداق خېمىرتۇرۇچ ۋە قولچىراقنىڭ ئۇيغۇردىكى ئىپادىسى بولغان بازارلىق كىتابلار مېنى قۇتۇپ تەشەببۇس قىلىدىغان مەپكۇرە ھەققىدە يەنە ئويلىنىشقا مەجبۇر قىلدى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك ماقالىلەرنى ئايلارچە ۋاقىت سەرپ قىلىپ ئوقۇپ چىقتىم. ئاندىن مۇناسىۋەتلىك تەتقىقاتلارغىمۇ كۆز يۈگۈرتتۈم.

«يول بۇ يەردە» دېگەن كىتابنى قۇتۇپ بىسمىللاھسىدا ھۆكۈم بىلەن باشلاپ «ھازىر ئىنسانىيەت دۇنياسى بالايىئاپەت گىردابىغا بېرىپ، ھەممە يەردە ئۇرۇش، ئېكسپىلاتاتسىيە، ئەخلاقسىزلىق، ساختىپەزلىك ئەۋج ئېلىپ كەتتى...» دەيدۇ. ھەمدە بۇنىڭ دەۋاسىنى «ئاللاھنىڭ قانۇنىنى تۇتقا قىلغان ھاكىمىيەت» دەپ كېسىپ ئېيتىدۇ. ئۇنىڭچە «بۈگۈنكىچە بولغان جەمئىيەتلەرنىڭ ھېچ بىرى ئىسلام جەمئىيىتى ئەمەس... مۇسۇلمانلار ئىنسانىيەتكە رەھبەرلىك قىلىشى كېرەك، سەۋەب، ئۇلارنىڭ ئەڭگۈشتىرى ئېتىقاد، پەن ـ تېخنىكا ئەمەس...». قۇتۇپنىڭ بۇ يەردە ئوتتۇرىغا قويغىنى بىر پىكىر بولۇپ، بىر ھۆكۈم سۈپىتىدە ئويلىنىشقا تېگىشلىك، ئەمما قوللىنىشقا كەلگەندە قىيىنچىلىق تۇغۇلىدۇ. چۈنكى بۇنداق ھۆكۈملەرنىڭ كۆز ئالدىمىزدا بىر ئەمەلىي غەلىبىلىك ئۈلگىسى، ياكى لوگىكىلىق ئىسپاتلاش جەريانى يوق. قۇتۇپ كىتابىدا پەقەت رېئاللىق قانداق ۋە قانداق بولۇشى كېرەك، دېگەنگە جاۋاب بەرگەن، ئەمما نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق بولغان، ئاللاھنىڭ قانۇنىنى تۇتقا قىلغان ھاكىمىيەتنىڭ تۈزۈمى، ئوبيېكتى، ئىجراچىسى، تەشكىلى شەكلى، بارلىققا كېلىش ئۇسۇلى، باشقۇرۇش مېخانىزمى، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسى، دېپلوماتىيەسى، مۇداپىئەسى، مائارىپى، پاراۋانلىقى، دۇنيا سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي تەرتىپىدىكى ئورنى دېگەنلەرنى سۆزلىمىگەن.

دېمەك، قۇتۇپ باشتىلا دۇنيانى پۈتۈنلەي پاكىتسىز، ئىسپاتسىز يىمىرىلگەن دەپ بەزى ھۆكۈملەرنى چىقىرىدۇ، لېكىن دەلىللىمەيدۇ. ئۇنىڭچە «مۇسۇلمانلارمۇ غايىپ بولۇشقا باشلىغان، خۇسۇسى ۋە كوللىكتىپ مۈلۈكچىلىكمۇ يىمىرىلگەن، مىللەتچىلىك، رايون ئورتاق گەۋدىسى، ئىقتىسادىي ئىتتىپاق دېگەنلەرنىڭ ئەبجىقى چىقىپ كەتكەن». ھالبۇكى سەييد قۇتۇپ «يىمىرىلگەن» دېگەن دۇنيا مەۋجۇت، «ئەبجىقى چىقىپ كەتكەن» مىللەتچىلىك ھېلىمۇ بار، رايون ئورتاق گەۋدىسى تېخىمۇ كۆپىيىۋاتىدۇ، ئىقتىسادىي ئىتتىپاقلار تېخىمۇ مۇستەھكەم ۋە كۈچلۈك ھالغا كەلمەكتە. ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك بەزى ئەللەردە تېخى كۈچلۈك، يىمىرىلگىنى يوق، خۇسۇسى مۈلۈكچىلىكمۇ ھېچ

يىمىرىلىدىغانلىدەك ئەمەس. مانا بۇ قۇتۇپنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك ۋە ئىزچىل ئالاھىدىلىكى بولۇپ، ئۇ دەلىل كۆرسەتمەستىن ھۆكۈم قىلىشتۇر، مەسىلىنى رىئاللىق ئىچىدە ئىلمىي، ئەمەلىي، ئەقلىي تەھلىل قىلماسلىقتۇر.

قۇتۇپ كىتابىدا زېمىندا ئاللاھنىڭ ھاكىمىيىتىنى تىكلەش ئۈچۈن جامائەت تەشكىللەشنىڭ موھىملىقىنى تەكىتلەيدۇ. ئۇ «ئىسلامنىڭ نەزەرىيەۋى ئېتىقاد پرىنسىپلىرىغا ئەمەل قىلىدىغان، جاھالەتكە قارشى تۇرالايدىغان، جانلىق، ھەرىكەتچان بىر جامائەت قۇرۇشىمىز كېرەك»، دەيدۇ. بۇنىڭ يولى ئىسلام بولۇپ «بىز چوقۇم ئۇنىڭ ياردىمىدە يەرشارىنى قاپلىۋالغان جاھالەتنى سۈپۈرۈپ تاشلىشىمىز لازىم» دەپ قارايدۇ. ئۇ دەسلەپتىلا ھېچ بىر دەلىل كۆرسەتمەي ھازىرقى جەمئىيەتلەرنىڭ ھېچ بىرىنى ئىسلام جەمئىيىتى دەپ ئېتىراپ قىلمىغاچقا، جاھىلىيەت جەمئىيىتى دەپ تونىغاچقا ئەگەشكۈچىلەرنى ئۇلارغا قارشى ئوت ئېچىشقا چاقىرىدۇ (92-بەت). مانا بۇ مۇسۇلمانلار دۇنياسىدا توگىمەيۋاتقان ئۆزئارا قىرغىنچىلىقنىڭ قۇتۇپچە ئىسلامىي ئاساسى.

ھالبۇكى، ھەر دەۋردە، ھەر ماكاندا ھابىل بىلەن قابىل مەۋجۇت بولغاندەك، پىرئەۋن بىلەن مۇسا، نەمرۇت بىلەن ئىبراھىم، ياخشىلىققا ۋەكىللىك قىلغۇچىلار بىلەن يامانلىققا ۋەكىللىك قىلغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش داۋام قىلىدۇ. كۇپۇرنى، گۇناھى مەسىيەتنى يەر يۈزىدىن پۈتۈنلەي سۈپۈرۈپ تاشلاش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇ خۇددى جەننەتنى يەر يۈزىدە بەرپا قىلىشقا ئۇرۇنۇشتىن پەرقسىز ئىدى. ئۆز ۋاقتىدا ھەزرىتى نۇھ رەببىمىزگە نىدا قىلىپ مۇنداق دېگەنىدى:

«رەببىم، يەر يۈزىدە كاپىرلارنىڭ بىرىنىمۇ قويمىغىن. ئەگەر ئۇلارنى قويساڭ، شۈبھىسىزكى، بەندىلىرىڭنى ئازدۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ تاپقان بالىلىرىمۇ پەقەت فاجىر ۋە كاپىر بولىدۇ.» (نۇھ، 26 ـ 27 ـ ئايەت).

ئاللاھ نۇھنىڭ دۇئاسىنى ئىجاۋەت قىلىپ توپان بالاسى يۈز بەردى، ھەزرىتى نۇھقا ئىمان ئېيتىپ ئۇنىڭ كېمىسىگە چىققانلاردىن باشقىلار توپاندا غەرق بولدى. لېكىن ئەنە شۇ تەقۋا مۇئمىنلەرنىڭ نەسلىدىن بولغانلار ئىچىدە يەنە كۇپۇر، زۇلۇم پەيدا بولدى. مۇئمىن بىلەن كۇپۇر، زۇلۇم بىلەن ئادالەت ياقىلىغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش داۋام قىلدى، قىلىۋاتىدۇ، قىلىدۇ.

رەببىمىز ئىنسانلارنى بۇ ئالەمگە ئېمتىھان ئۈچۈن ئەۋەتكەن (مۇلك، 2) بولۇپ، يامانلىققا قارشى ياخشىلىققا ۋەكىل بولۇشقا تەۋسىيە قىلغان ۋە پىرئەۋندەك بوۋاق قاتىلى زالىمغىمۇ ئالدى بىلەن چىرايلىق نەسىھەت قىلىشقا بۇيرىغانىدى (تاھا، 44).

قۇتۇپقا كۆرە تەشكىللەنمەكچى بولغان جامائەتنىڭ «يادروسى ئىمان بولۇپ، ئىرىق، مىللەت، زېمىن، رەڭ، تىل، شۇنىڭدەك دۆلەت، رايون، ئىقتىسادىي مەنپەئەت دېگەنلەرنى قەتئىي چۆرىۋېتىش» نى تەكىتلەيدۇ. ئاقىللارغا مەلۇمكى، مىللەت، تىل، دۆلەت دېگەنلەر تىلەپ تېپىۋالغىلى، تېنىپ تاشلىۋەتكىلى بولىدىغان نەرسىلەر ئەمەس. مىللەت ئاللاھنىڭ ئىنسانلارغا پۈتكەن تەقدىرى (رۇم، 22؛ ھۇجرات، 13)، ئىسلام، ئىمان ۋە مۇئمىنلىك ئىنسانلارنىڭ تاللىشىدۇر( بەقەرە، 256). ئىمان تىل ئارقىلىق دىلغا ئورۇنلىشىدۇ، تىل ئارقىلىق

تەۋسىيە قىلىنىدۇ، تىلنى تاشلىۋېتىپ ئىماننى يادرو قىلغان قۇتۇپچە ئىسلامىي جامائەت بەرپا قىلىش مۇمكىن ئەمەس.

سەييىد قۇتۇپتا كوممۇنىستىك ئىدئولوگىيە تەسىرى بار (شەيخ رابىي). ئۇ ماركسىزىمدا ئىزچىل قوللىنىلىدىغان ئىنسانىيەتنى ئازات قىلىش چاقىرىقىنى، لېنىنىزىمنىڭ قوراللىق ئىنقىلاب بىلەن ئورتاق بىر دۆلەت قۇرۇش غايىسىنى ئۆزلەشتۈرگەن. (شەيخ رابىي، ئىبراھىم ئەل ھۇدەيبە، لادان ۋە رويا بورومانىد) ئۇنىڭدا ھەممىنى قارىمۇ قارشى ئىككى كاتېگورىيەگە ئايرىپ ئويلىشىدىغان ئىككىلىك تەپەككۇر مەۋجۇد. شۇڭا ئۇ ئىنسانىيەتنى مۇسۇلمان ۋە كاپىر دەپ ئىككىگە ئايرىغان، جەمئىيەتنى جاھىلىيەت ۋە ئىسلامىيەت دەپ ئىككىگە ئايرىغان، مەدەنىيەتنى ئىسلامىي ۋە جاھىلىي دەپ ئىككىگە ئايرىغان، ھاكىمىيەتنى ئىلاھىي ھاكىمىيەت ۋە ئىنسانىي ھاكىمىيەت دەپ، تۈزۈمنى ئىلاھىي تۈزۈم ۋە ئىنسانىي تۈزۈم دەپ ئىككىگە ئايرىغان. بۇنداق تەپەككۇر كوممۇنىستىك ۋە فاشىستىك خاھىشتىكى كىشىلەرگە ئورتاق بولۇپ، ئەزەلدىن تەنقىتكە ئۇچراپ كېلىۋاتىدۇ. (http://www.islamagainstextremism.com مەنبە) ئەگەر ھەممە ئىككى قۇتۇپتىن كۆزىتىلسە ئاللاھنىڭ بىرلىكىگە، شۇنداقلا ئاللاھنىڭ بىر، يارالمىشىنىڭ كۆپلىكىگە كەلگەندە دۇدۇقلاپ قالىدىغان ئىش چىقىدۇ. قۇرئانمۇ ئىسلامغا تەۋە بولغۇچىلارنى مۇئمىن، پاسىق، مۇناپىق ۋە تەسلىم بولغۇچىلار (ھۇجۇرات، 14 ) دېگەندەك بىر قانچە تۈرگە ئايرىيدۇ. ھەتتا ئەھلى كىتابلارنىمۇ بىر تاياقتا ھەيدىمەسلىككە بۇيرىيدۇ (ئالى ئىمران، 75، 113ـ114، 199؛ مائىدە، 69). شۇڭا قۇتۇپچە ئىككىلىك مەقبۇل بولمايدۇ، ئۇنداق تەپەككۇرنى ئاشقۇنلۇق دەيمىز.

سەييىد قۇتۇپ گەرچە غەربكە ئىزچىل نەپرەتلەنسىمۇ 19ـ ئەسىرلەردە ياۋرۇپادا ئەۋج ئالغان ياۋرۇپا مەركەزلىك تەلىماتىنىڭ تەپەككۇر ئۇسۇلى بويىچە باشقا مەدەنىيەتلەرنى باھالاپ چۈكتۈرگەن. ئۇ ئۆزىنىڭ نەزىرىدىكى جاھىلىيەت مەدەنىيەتلىرىگە مۇنداق باھا بەرگەن: «گەرچە ئۇ (جاھىلىيەت جەمئىيىتى) ئاللاھنىڭ مەۋجۇدلىقىنى ئېتىراپ قىلسىمۇ، كىشىلەرنىڭ بۇتخانا، چېركاۋ، مەسجىدلەردە ئىبادەت قىلىشىغا يول قويسىمۇ دەل مۇشۇ سەۋەبتىن ئۇ جاھالەت جەمئىيىتى بولۇپ قالىدۇ. ئىسلام جەمئىيىتى مانا مۇشۇنداق ئالاھىدە خۇسۇسىيىتى بىلەن بىردىنبىر مەدەنىيەتلىك جەمئىيەت سانىلىدۇ. باشقا ھەر خىل رەڭگارەڭ جەمئىيەتلەر قالاق مەدەنىيەتسىز ھېسابلىنىدۇ» (198 ـ بەت) بۇ قاراشتىن ئاللاھنىڭ ئىنسانلارنى بىر ـ بىرى بىلەن تونۇشىشى ئۈچۈن ئايرىم ـ ئايرىم مىللەت قىلغانلىقىنى (رۇم، 20)، مىللەتلەرنىڭ ئۆز رايونىغا، مۇھىتىغا ۋە مەنىۋىيىتىگە كۆرە مەدەنىيەت ياراتقانلىقىغا بولغان ئېتىراز ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

سەييىد قۇتۇپ ئەسىرلىرىدە ئىنساندىكى ۋەتەن سۆيگۈسىدىن ئىبارەت ئەڭ تەبىئىي تۇيغۇنى ۋە ئۆز دۆلىتى بولۇشتىن ئىبارەت ئەقەللىي ئارزۇنىمۇ ئىنكار قىلىدۇ. ئۇنىڭچە «ئاللاھتىن قوبۇل قىلىنغان ئەقىدە، قانۇن-تۈزۈم ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلى ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان دۆلەت مۇسۇلماننىڭ ۋەتىنىدۇر. مانا بۇ ئىنسانغا لايىق ۋەتەننىڭ مەنىسى» ئىكەن. ئۇ يەنە ۋەتەن ۋە دۆلەت ھەققىدە «ئىسلام ئەقىدىسى رەھبەرلىك قىلىدىغان،

ئاللاھنىڭ شەرىئىتىلا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان زېمىن (ئىسلام دۆلىتى) مۇسۇلمانلارنىڭ ۋەتىنى... ئەكسىچە ئىسلام رەھبەرلىك قىلمايدىغان، ئاللاھنىڭ قانۇنى ھۆكۈمرانلىق قىلمايدىغان دۆلەت ئۇرۇش ئېچىشقا تېگىشلىك دۆلەتتۇر». (266-بەت) «ئىسلام بىرلا دۆلەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى مۇقەررەرلەشتۈرىدۇ. بۇ بولسا ئىسلام دۆلىتىدۇر». (251) مانا بۇ ئاشقۇن بايانلار كىشىلەرنى بۇرۇن پاكىستانغا، ئافغانىستانغا باشلىغان، ھازىر سۇرىيەگە، خۇراسانغا تەلپۈندۈرمەكتە. ئەلۋەتتە، بىز بۇ يەردە ئايىغى چىقماس مۇنازىرەلەردىن بولغان دارۇلئىسلام ۋە دارۇلھەرب مەسىلىسىگە كىرمەكچى ئەمەس. بۇ ئاتالغۇلارغا ھەركىم ھەرخىل ئىزاھ بېرىپ كەلمەكتە.

ھالبۇكى، يەر يۈزىدە كۆپۈرنىڭ مەۋجۇد بولۇشى سۈننەتۇللاھ بولۇپ، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ مەۋجۇد بولۇشىدەك ئۆزگەرمەس قانۇنىيەتتۇر. (مائىدە، 48؛ نەھل، 93؛ شۇرا، 8). مۇئمىنلەرنىڭ مەسئۇلىيىتى تىنچلىق تەرەپتارى بولۇش (يۇنۇس، 99؛ كافىرۇن، 6)، دوستانە ئۆتۈش ئاساس بولۇپ، كاپىرلار ئېتىقادقا بېسىم قىلغاندا ياكى يۇرتتىن قوغلاپ چىقىرىشقا تەمشەلگەندە ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىشقا يول قويۇلغان (مۇمتەھىنە، 8 - 9 - ئايەت) ۋە كاپىرلارنى ۋەياكى دۈشمەنلەرنى ھەر تۈرلۈك تاجاۋۇزدىن ۋازكەچتۈرۈش ئۈچۈن ھەربىي جەھەتتىن تەييارلىقنى پۇختا قىلىشقا بۇيرىغان (ئەنفال، 60، 73). رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتى بۇنىڭ دەلىلى بولۇپ، ئۇ ھۇدەيبىيەدە بىر مۇشرىك قەبىلە بىلەن ھەربىي ئىتتىپاق تۈزگەن، مەككە مۇشرىكلىرى بىلەن تىنچلىق سۈلھىسى ئىمزالىغان، مەدىنىدىكى مۇسۇلمانلارغا ھۇجۇم قىلمىغانلار بىلەن تىنچلىق ئىچىدە ئۆتكەن.

ھەر قانداق ئىنسان ئۆزىنى ئالدى بىلەن ئائىلىگە، مىللەتكە، ۋەتەنگە تەۋە دەپ ھېس قىلىدۇ، ھەمدە مۇشۇ ئاساستا ئۆزىنى ئىنسانىيەتنىڭ بىر پارچىسى دەپ تونۇيدۇ. بۇ بىر ئورتاق پسىخىك ئېھتىياج بولۇپ، قۇتۇپ بۇنىمۇ ئىنكار قىلىپ «ئەقىدە، قانۇن-تۈزۈم ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلى مۇسۇلماننىڭ تەۋەلىكىدۇر. مانا بۇ ئادەملەرگە لايىق مۇناسىۋەت شەكلىدۇر. ھەقىقەتەن ئائىلە، قەبىلە، مىللەت، دۆلەت، زېمىن، تەرەپتارلىق ئۇقۇمى قالاق ئۇقۇم بولۇپ ئىنسانىيەت ئۆزىنىڭ روھى چۈشكۈنلۈك تارىخىدا تونۇپ يەتكەن جاھالەت ئۇقۇمىدۇر» دەپ يازغان. (270-بەت) قۇتۇپ مۇئمىنلەرنى تەبىئىي ئىنسانىي تۇيغۇدىن ۋاز كەچكۈزۈپ ئۆزى تەرغىپ قىلىۋاتقان مەپكۇرىنىڭ قۇربانى بولۇشقا دەۋەت قىلىۋاتقان بولۇپ، «پىداكارلىق قانداقتۇر بىر نىشان ئۈچۈن، ياكى قانداقتۇر بىر دۆلەتنى قوغداش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئاللاھنىڭ دىن ۋە شەرىئىتىنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن، ھەمدە ئىسلام دۆلىتىنى قوغداش ئۈچۈن قىلىنىدۇ... ھەرگىزمۇ زېمىن ۋە خەلقنى قوغداش ۋە ئائىلە ۋە بالىلارنى قوغداش مەقسەد قىلىنمايدۇ» دەپ جاكارلايدۇ (268-بەت). بۇ چۈشەنچە پەيغەمبىرىمىزنىڭ «جان، مال، نومۇس، ئائىلەسىنى قوغداش يولىدا ئۆلۈپ كەتكەنلەر شېھىتتۇر» دېگەن مەنىدىكى ھەدىسىگە زىت. ئەمەلىيەتتە، ئۇيغۇرلارنىڭ 2013 تىن بۇيان توپ - توپ بولۇپ تۈرلۈك يوللار بىلەن تۈركىيەگە سەپەر قىلىشى ۋە بۇ يەردىن سۇرىيەگە مېڭىشىنىڭ مەپكۇرە ئاساسى مۇشۇ بولسا كېرەك.

بۇ يەردە سوراشقا تېگىشلىك بىر سوئال تۇغۇلىدۇ، بۇ ھەقتە ئاللاھنىڭ دىنى ۋە شەرىئىتى نېمە؟

رۇم سۈرىسى 30 ـ ئايەتتە ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

باتىل دىنلاردىن يۈز ئۆرۈپ توغرا دىنغا، يەنى فىترەت دىنىغا يۈزلەنگىن، ئاللاھ ئىنسانلارنى فىترەت دىنى ئۈستىدە ياراتقان. ئاللاھنىڭ ياراتقىنىدا ئۆزگىرىش بولمايدۇ، بۇ توغرا دىندۇر. لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى بىلمەيدۇ.

مىللەتنى، يۇرتنى سۆيۈش ئىنساننىڭ فىترىتىدە تۇغۇلۇشتىنلا بار بولۇپ، ئىنسانلار مۇئەييەن مەنسۇبىيەت ئىچىدە ياشايدۇ، ئۆزىنى شۇ كىملىك ئىچىدە تونۇيدۇ، تونۇشتۇرىدۇ.

قۇرئان ئۆزىنىڭ مىللىتىنى باشقا مىللەتتىن ئۈستۈن تۇتۇش، خاتالىقى ئېنىق تۇرسىمۇ ئۆزىدىن بولغانلارنى ھىمايە قىلىشتىن ئىبارەت ئىللەتنى رەت قىلىپ، ئادالەت ئۈستىدە چىڭ تۇرۇشنى تەكىتلەيدۇ (مائىدە، 8) ۋە ئىنسانلارنى بۇ ئالەمشۇمۇل پرىنسىپلار ئۈستىدە بىرلىشىشكە چاقىرىدۇ. شۇڭا بىلالنىڭ ھەبەشىستانلىق بولۇشى، سەلماننىڭ پارىس بولۇشى ئۇلارنىڭ ئىسلامدىن ئىبارەت ئالەمشۇمۇل پرىنسىپلار ئاستىدا جەم بولۇشىغا توسالغۇ بولمىغان (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن).

قۇرئان ئىنسانلارنى قانداق باشقۇرۇش تۈزۈمىدىن بەكرەك قانداق يېتىشتۈرۈش، تەربىيەلەشنىڭ مەنبەسىنى، ئۇسۇلىنى كۆرسىتىدۇ، مۇئمىنلەرنىڭ قانداق كىشىلەر بولۇشى كېرەكلىكىنى تەكىتلەيدۇ، نەھل سۈرىسى 89 ـ ئايەتنى بۇنىڭ يىغىنچاق ئىپادىسى دېيىشكە بولىدۇ. شۇڭا رەسۇلۇللاھ دۆلەت قۇرۇشقا ئەمەس، ئۇ دۆلەتتە ياشايدىغان ۋە ئىنسانلارنى ئىدارە قىلىشتا ئاللاھ كۆرسەتكەن بەلگىلىمىلەرنى ئاساس قىلىدىغان كىشىلەرنى تەربىيەلەپ چىقىشقا ئەھمىيەت بەرگەنىدى.

ھۇجرات سۈرىسى 10 ـ ئايەتكە قارايدىغان بولساق، ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

**ئەگەر مۇئمىنلەردىن ئىككى گۇرۇھ ئۇرۇشۇپ قالسا، ئۇلارنىڭ ئارىسىنى تۈزەپ قويۇڭلار. ئەگەر ئۇلارنىڭ بىرى ئىككىنچىسىگە تاجاۋۇز قىلسا، تاجاۋۇز قىلغۇچى تاكى ئاللاھنىڭ ھۆكمىگە قايتقانغا قەدەر (يەنى تاجاۋۇزنى توختاتقانغا قەدەر) ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇڭلار. ئەگەر ئۇلار (ئاللاھنىڭ ئەمرىگە) قايتسا، ئۇلارنىڭ ئارىسىنى (ھېچبىر تەرەپكە يانباسماستىن) تۈزەپ قويۇڭلار، (ھەممە ئىشتا) ئادىل بولۇڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن ئادىللارنى دوست تۇتىدۇ.**

يۇقىرىدىكى ئايەتتە ئۈچ گۇرۇپپا مۇسۇلمانلاردىن سۆز ئېچىلىۋاتىدۇ. بۇ ئۈچ گۇرۇپپىنى شەخسكە تەدبىقلىساق ئۈچ كىشىگە، دۆلەت دەرىجىسىگە كۆتۈرسەك ئۈچ مۇسۇلمان ھاكىمىيەتنىڭ گېپى بولۇپ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش يۈز بەرگەندە قانداق ھەل قىلىش كېرەكلىكى ھەققىدىكى پرىنسىپ ئوتتۇرىغا قويۇلماقتا.

بۇ سەۋەبتىن ھەر مىللەتتىن بولغان مۇئمىنلەر ئۆز يۇرتىدا ئاللاھنىڭ دىنىنى ھاكىم قىلىپ ياشاش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە مەسئۇلدۇر (فۇرقان، 52). بارلىق مۇسۇلمانلار چوقۇم بىر ھاكىمىيەت ئاستىدا ئۇيۇشىشى زۆرۈر ئەمەس. پەقەت قۇرئان ئوتتۇرىغا قويغان ئالەمشۇمۇل پرىنسىپلار ئاستىدا ئۇيۇشۇش ۋە ئورتاق ھەرىكەت قىلىش مەجبۇرىيىتى بار (ھۇجۇرات، 10؛ ئەنفال، 73).

www.uyghurkitap.com

قۇتۇپ ئىجتىمائىي پەنلەرنى «جاھىلىيەت ئىدىيەسى ئۈستىگە قۇرۇلغان» دەپ قارايدۇ. ئۇنىڭچە «پەلسەپە، ئىنسانىيەت تارىخى، پىسخولوگىيە قاتارلىق بارلىق مۇشۇنداق پەنلەرنىڭ تەتقىقات يۆنىلىشى، ئۆتمۈشتىكى ۋە ھازىرقى زاماندىكى ھەممىسى جاھالەت ئىچىدە تۇرغان جاھالەتچە ئېتىقاد، قاراشنىڭ بىۋاسىتە تەسىرىگە ئۇچرىمىغىنىدىن بىرسىمۇ يوق» (234 ـ بەت) بۇ قاراشقا مەرھۇمنىڭ ئىنىسى مۇھەممەد قۇتۇپمۇ ۋارىسلىق قىلغان بولۇپ، مائارىپشۇناسلىق، جەمئىيەتشۇناسلىق، ئىنسانشۇناسلىق قاتارلىق پەنلەرنىمۇ جاھىلىيەتچى پەنلەرنىڭ قاتارىغا كىرگۈزىدۇ. شۇڭا قۇتۇپنىڭ «جەمئىيەتنى تۇتاشتۇرىدىغان تۈپكى ئارغامچا ئېتىقات... ئىرق، مىللەت، تىل، زېمىن، ئىقتىساد ياكى باشقا ئامىللار ئادەمنىڭ ئالىي خۇسۇسىيتىگە ۋەكىللىك قىلالمايدۇ، چۈنكى بۇ ئامىللارنى تاشلىۋەتسىمۇ ئۇ ئادەم بولۇپ تۇرىۋېرىدۇ» دەپ ھۆكۈم قىلغانلىرىغا ھەيران قالماسلىق كېرەك. ئادەمنىڭ تىلسىز، مىللەتسىز مەۋجۇت بولۇپ تۇرالىشىغا ئىسپات كەلتۈرۈش بىھاجەت. ئەمەلىيەتتە قۇتۇپنىڭ بۇ قارىشى يېڭىلىق ئەمەس. تارىختا چىڭ سۇلالىسى ۋە ئوسمانلى ئىمپېرىيەسى غەرپنىڭ تاجاۋۇزىدا يېڭىلىپ تۇرسىمۇ «غەربنىڭ تېخنىكىسى كېرەك، تۈزۈمى، ئىلىم ـ پەن ئىدىيەسى لازىم ئەمەس» دەپ ئىزچىل چىڭ تۇرغان ۋە بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا غەربنىڭ تۈزۈمى، ئىدىيەسى ۋە ئىجتىمائىي پەنلىرىدىن ئوزۇقلانغان ياپونىيەنىڭ ھۇجۇمىغا پايلىمىغان. دەۋرىمىزدە ئەرەبىستاندىكى شاھ ئابدۇللاھ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئىجتىمائىي پەنلەر يوق. ماۋزېدوڭمۇ قۇتۇپقا ئوخشاش پىسخولوگىيە، جەمئىيەتشۇناسلىق قاتارلىق پەنلەرنى ساختا پەنگە چىقىرىپ ئۆگىنىشنى چەكلىگەن. بۇ ئەھۋاللاردىن كۆرۈش مۇمكىنكى، نادانلىقنىڭ مىللىتى، دەۋرى بولمايدۇ. ئۇ ئوخشىمىغان مىللەت ۋە ئوخشىمىغان دەۋردىكى پەرقلىك كىشىلەردە ئىزچىل ئوخشاش خاراكتېردە داۋام قىلىۋېرىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ يېقىنقى بەش يۈز يىللىق تارىخى دىننى پىرىنسىپ ئەمەس دەسمى قىلغان باشلامچىلارنىڭ قولىدا مەغلۇبىيەتلىك يېزىلىش بىلەن باشلانغان. شۇندىن باشلاپ بىز دۇنيا، ئاخىرەت، تەبىئەت، جەمئىيەت ۋە كائىناتنى ئۆگىتىدىغان بىر دەرسخانا بولغان ھاياتنىڭ، دەرسلىك بولغان تەبىئەت قانۇنلىرى ۋە ئىلاھىي قانۇننىڭ ئوقۇغۇچىسى ئەمەس، ئاشىقى بولۇپ كېلىۋاتىمىز. بۇ ئاشىقلىق تەكلىماكاننى قۇچاقلاپ ياشاۋاتقان بۇ سۆيۈملۈك مىللەتنى ياتقا يەم قىلماي بۈگۈنگە ئۇلاشتۇردى. شۇڭا قۇرئاننىڭ خەتلىرىگە ئوخشايدىغان يېزىقىمىزنى تاشلىماي، قۇرئاننى ئېگىز تەكچىگە ئېلىپ ئەزىزلەپ، ئايەتلەرنى ئۆينىڭ تۆرىگە چاپلاپ، ماشىنىلىرىمىزغا بېزەك قىلىپ ئېسىپ ياشاۋاتىمىز. قىرائەتنى ئاڭلىساق يۈرەك ئېرىيدۇ، خەتمە قۇرئان سورۇنلىرىدا كۆزلەر ياشلىنىدۇ. شەكسىزكى، قۇرئاننىڭ ئوقۇغۇچىسى، ئەمەل قىلغۇچىسى بولۇشتىن ئاشىقى بولۇشقا مايىل بولغان ئەسىرلەر مابەينىدە ئۇيغۇرلاردا قۇرئان ئەقلىگە ئۆزلىشىش، چۈشەنچىگە مەنبە بولۇش، ھاياتقا كۆرسەتمە بېرىشتىن، ئىبادەت سورۇنىدا يادلىنىدىغان، ئادەت-مۇراسىملاردا قىرائەت قىلىنىدىغان، ئىلاھىي تۇيغۇغا مۇڭ قاتىدىغان ھالغا كەلدى. مەدرىسىلەر مەكتەپلەرگە، مۇدەررىسلەر مۇئەللىملەرگە

ئايلىنالمىدى. نەتىجىدە بىزدە قۇرئاندىكى ھۆكۈم بىلەن قۇرئاننى ۋاستە قىلغان ھۆكۈمنى، قۇرئاندىكى چۈشەنچە بىلەن قۇرئاننى سۈيئىستىمال قىلغان ئىدىيەنى ئايرىيالمايدىغان ھېسسىي مۇسۇلمانلىق داۋاملاشتى. ئۆزىمىزدە قۇرئاننى قۇرئان مەنتىقىسى، بىر پۈتۈنلۈكى ئىچىدە چۈشىنىش ۋە تەپسىرلەش ئومۇملاشماي خەقلەر يازغان تەپسىر ۋە ئىزاھلىق قوللانمىلارغا قاراپ دىننى چۈشىنىدىغان كۆنگە قالدۇق، تەپسىرلەرنىڭ مۇپەسسىرلەرنىڭ چۈشەنچىسى، دەۋر ۋە تارىخىي شەرت - شارائىتلارنىڭ مۇپەسسىرلەرگە كۆرسەتكەن تەسىرىنى نەزەردىن ساقىت قىلدۇق. بۇنداق تەپسىرلەرنىڭ بەزىلىرى ئۈمىدسىزلىك، نەپرەت، قاباھەت قاپلىغان جەمئىيەتلەردە ياشىغان ئالىملارنىڭ قولىدا مىللەتچىلىك، كاپىتالىزىم ۋە غەربنىڭ زۇلمىدىن جاق تويغان كەيپىياتتا يېزىلغان بولغاچقا ئۇيغۇردا خېمىرتۇرۇچتەك، قاقشالغا چوغ ياققاندەك ئاقىۋەت پەيدا قىلدى ۋە قىلماقتا.

بەدەللەر تۆلەندى، ماللار كۆيدى، جانلار ئۆرتەندى، ئەمما بۇ مىللەتنىڭ كۆزىدىن ياش قۇرۇماي تۇرۇپ، يىرىك ئېقىنشقا باشلىدى. خاتالىقلار ئۆتتى، ئەمما خۇلاسە يوق، خاتالىقلارنىڭ مەنبەسىگە يۈزلىنىش يوق، ئەقلىي تەھلىل كەمچىل. خاتالىقنى ئېتىراپ قىلىپ، تۆۋە قىلىپ ئىبرەت ئالىدىغان روھ كەمچىل. خاتالىقلارنى ئاشكارىلىغۇدەك يۈرەك، دىت ۋە جاسارەت كەمچىل. خاتالىقلارنىڭ بەدىلىنى بۇرۇنقىلار، دەۋرداشلار ئۆتىدۇق ۋە قېرىنداشلىرىمىز شۇ بەدەلنىڭ ئۈۋالىغا قېلىپ قىينىلىۋاتىدۇ. داۋاملىق مەسىلىنى خاتا تونۇش، خاتا دىئاگنوز قويۇش ۋە خاتا رىتسېپنى كۆچۈرۈپ كېلىش نەتىجىسىدە ئۇيغۇر خاتا يېتەكلىنىپ كۆلپەتكە بارغانچە پېتىپ كېتىۋاتىدۇ. نەتىجىدە مىللەتنىڭ باش كۆزى يېرىلمىدى، يۈرەكلەردىن قان كەتتى. ئەجەبا ماڭغانسېرى تارلىشىۋاتقان، قىيىنلىشىۋاتقان، قىسىلىۋاتقان يولىمىز ھەققىدە ئويلانماسىمىزمۇ؟ ئۆتكىنى ئۆتۈپ، كەتكىنى كەتتى، ئۇلار ئۆتمۈش ئۈممەت ئىدى، ئۇلار ئەجرىگە چۇشلۇق نەتىجىنى ئاللاھتىن ئالىدۇ. بىزمۇ قانچىلىك ئەجىر سىڭدۈرسەك شۇنىڭغا چۇشلۇق ئەجىر ئالىمىز (بەقەرە، 134، 141). قۇرئاننىڭ ئۇلار قۇرئان ئۈستىدە تەپەككۇر قىلمامدۇ؟ (مۇھەممەد، 24) دېگەن ئايىتى ئوخشاشلا بىزگىمۇ خىتاپ قىلماقتا. شۇڭا بىزمۇ يولىمىزنى سەييىد قۇتۇپنىڭ ياكى يەنە كىملەرنىڭدۇر قەدەملىرىدىن ئىزدىمەي قۇرئان - سۈننەت ئىچىدىن ئىزدىشىمىز، يولىمىزنى مۇستەقىل ئۆزىمىز تېپىپ، ئۆزىمىز مېڭىشىمىز كېرەك. ئەلۋەتتە بۇنداق دېگەنلىك مۆتىۋەر ئالىملىرىمىزنىڭ قىممەتلىك پىكىرلىرىدىن پايدىلانمايلى دېگەنلىك ئەمەس. پايدىلىنايلى، پايدىلىنىشىمىز كېرەك، لېكىن ئۆزىمىزنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي ئورنىمىزنى ۋە مىللىي خاسلىقىمىزنى نەزەردىن ساقىت قىلماستىن، تۈزنى بىر يەردىن، گۈرۈچنى باشقا بىر يەردىن، سەۋزىنى باشقا بىر يەردىن، ياغنى باشقا بىر يەردىن ئېلىپ ئۇيغۇرنىڭ ئاغزىغا تېتىيدىغان پولۇنى قانداق ئېتىش ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىشىمىز لازىم. شۇنى ئېسىمىزدىن چىقارماسلىقىمىز كېرەككى، باشقا جايلاردا ئوتتۇرىغا چىققان ھېچقانداق بىر مۇتەپەككۇر ياكى ئالىمنىڭ مەپكۇرىسىنىڭ بىزگە تولۇق ماس كېلىشى مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى بىزنىڭ مەسىلىمىز، كىرزىسىمىز، قىسمىتى ھېچقانداق ئەھۋالىمىز باشقا ھېچقانداق بىر مىللەتنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشىمايدۇ. ■

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# قۇرئانى كەرىمنى ھەم قەلبى بىلەن ھەمدە ھاياتى بىلەن تەپسىر قىلغان ئاتاقلىق مۇپەسسىر ۋە مۇجاھىد سەييىد قۇتۇب

## ئالاھىدە خۇسۇسىيەتلىك يېتەكچى

سەييىد قۇتۇب 20 ـ ئەسىردە ياشاپ ئۆتكەن ئاتاقلىق ۋە يېتەكچى ئىسلام مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ بىرىدۇر. ئۇ، ئېتىقادىنى ساقلاپ قېلىش يولىدا بارلىق جاپا ـ مۇشەققەت ۋە خەۋپ ـ خەتەرلەرگە قىلچە پىسەنت قىلماي، دادىل قەدەم بىلەن يولىغا داۋام قىلغان ھەتتا ھاياتىنى تەقدىم قىلىشتىنمۇ قىلچە ئايانماسلىقتەك ئالىي خۇسۇسىيەتلىرى، پىكىر ـ تەپەككۇرلىرى ۋە كۆندىلىك ھاياتى بىلەن ئەتراپىنى نۇرلاندۇرغان يېتەكچى ئەربابتۇر.

سەييىد قۇتۇب، جانابى ئاللاھنىڭ: «مۆمىنلەرنىڭ ئىچىدە (رەسۇلۇللاھ بىلەن غازاتقا چىققاندا ساباتلىق بولۇپ، شەھىت بولغانغا قەدەر دادىللىق بىلەن جەڭ قىلىش توغرۇلۇق) ئاللاھقا بەرگەن ئەھدىنى ئىشقا ئاشۇرغان نۇرغۇن كىشىلەر بار. ئۇلارنىڭ بەزىسى (ئەھدىگە ۋاپا قىلىپ)شەھىد بولدى، بەزىسى (شەھىد بولۇشنى) كۈتكەمەكتە، ئۇلار (پەرۋەردىگارىغا بەرگەن ئەھدىسىنى)ھەرگىز ئۆزگەرتكىنى يوق» (ئەھزاب، 33/23) دېگەن سۆزى (ئايەتنىڭ روھىغا ئاساسەن) بويىچە يېتىشىپ چىققان مۇستەسنا كىشىلەرنىڭ بىرىدۇر.

## سەيىيد قۇتۇب تەقۋادار ۋە ئاتاقلىق بىر ئائىلىگە مەنسۇپ ئىدى

1906 - يىلى مىسىرنىڭ ئاسيۇت يېزىسىدا تۇغۇلغان سەيىيد قۇتۇب، ئەسلىدە سەئۇدى ئەرەبىستانلىق ئىدى. بوۋىسى شەيخ ۋاقۇر سەئۇدى ئەرەبىستاندىن مىسىرغا كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن، ئاسيۇتتا چارۋىچىلىق بىلەن مەشغۇل بولغان. بوۋىسى تەقۋادارلىقى، ئېسىل ئەخلاق - پەزىلىتى بىلەن شۆھرەت قازانغانىدى. شۇنىڭدەك ئانىسى بىلەن دادىسىمۇ دىيانەتلىك ۋە ئەھلى تەقۋا كىشىلەر ئىدى. سەيىيد قۇتۇب ئانىسىغا بېغىشلاپ يازغان: «قۇرئاندىكى ئەدەبى تەسۋىر» ناملىق ئەسىرىدە ئانىسىنىڭ دىنغا نە قەدەر سادىق مۆمىنە بىر ئايال ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

سەيىيد قۇتۇب، ئانىسىنىڭ كۈچلۈك ئارزۇسى ۋە تەشۋىقى بىلەن كىچىك چېغىدىلا قۇرئان كەرىمنى يادقا ئالىدۇ. سەيىيد قۇتۇب، دادىسى ئىبراھىم قۇتۇبقا بېغىشلاپ يازغان: «قۇرئاندىكى قىيامەت سەھنىلىرى» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «دادامنىڭ ئەڭ كۆپ ئەھمىيەت بېرىدىغىنى، روھى دۇنيامىزغا ئاخىرەتنىڭ سۆيگۈسىنى ئورنىتىش ئىدى» دەيدۇ.

سەيىيد قۇتۇب باشلانغۇچ مەكتەپنى ئائىلىسىدە تاماملىغاندىن كېيىن، ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرىدۇ. كېيىن، قاھىرە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ «دارۇل ئۇلۇم» پاكۇلتېتىنى پۈتتۈرىدۇ. 1933 - يىلى يەنە شۇ پاكۇلتېتتا ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ خىزمەتكە باشلايدۇ ۋە «يېڭى پىكىر» ناملىق بىر ژۇرنال چىقىرىدۇ. 1944 - يىلى مىسىر مائارىپ مىنىستىرلىكى ۋەكالەتخانىسى تەرىپىدىن جەمئىيەتشۇناسلىق كەسپىدە دوكتورلۇقتا ئوقۇش ئۈچۈن ئامېرىكىغا ئەۋەتىلىدۇ. شۇ يىللىرى ئۇ «مۇسۇلمان قېرىنداشلار «ئىخۋانۇل مۇسلىمىن» جەمئىيىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەت ئورنىتىدۇ. 1945 - يىلى ئامېرىكىدىن قايتىپ بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن بۇ جەمئىيەتكە قېتىلىدۇ.

## جاھىلىيەتتىن ھىدايەتكە

**سەيىيد قۇتۇبنىڭ تەرجىمىھالىنى ئىككى دەۋرگە بۆلۈش مۇمكىن**

بىرىنچىسى: ئاللاھقا بولغان ئېتىقادىنى قوغداش بىلەن بىر ۋاقىتتا، سوتسىيالىزمغا مايىل بولغان ۋە ئەڭ كۆپ ئەدەبىي خىزمەتلەرگە كۆڭۈل بۆلگەن دەۋر بولۇپ، ئۆزى بۇنى «جاھىلىيەت دەۋرى» دەپ ئاتىغان. بۇ دەۋردە ئۇنىڭ «تىكەنلەر»، «يېزىلىق بالا»، «سېھىرلىك شەھەر» ناملىق ئۈچ پارچە رومانى نەشر قىلىنىدۇ.

ئىككىنچىسى: ئىسلامىي پىكىر ۋە چۈشەنچى-سىنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىپ، تاكامۇللاشقان ۋە مۇسۇلمان قېرىنداشلار جەمئىيىتىگە قېتىلغان دەۋردۇر.

**زۇلۇم ۋە قىيىن - قىستاق**

سەيىيد قۇتۇب 1954 - يىلى قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلىنىدۇ ۋە تۈرمە جاللاتلىرى تەرىپىدىن ئېغىر قىيىن - قىستاقلارغا ئېلىنىپ، ئاشقازان ۋە ئۈچەي قاناش كېسىلىگە دۇچار بولىدۇ. شۇنداقتىمۇ جاللاتلار ئاللاھىدە يېتىشتۈرۈلگەن ئىتلار بىلەن ئۇنى قوغلاتقۇزىدۇ،

www.uyghurkitap.com

ئېغىر كېسەللىك سەۋەبىدىن ۋە قاتتىق ھېرىپ ماغدۇرى قالمىغانلىقتىن يۈگۈرەلمىگەن چاغلاردا ئىتلار ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى تىتما - تالاڭ قىلىۋېتەتتى. ئۇنىڭ ئەنزىسىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن مىسىرغا كەلگەن ئىنسان ھەق - ھوقۇقلىرىنى قوغداش تەشكىلاتى ۋەكىلىنىڭ سەييىد قۇتۇبنىڭ بەدىنىدىكى يارا ئىزلىرىنى كۆرمەسلىكى ئۈچۈن سەييىد قۇتۇبنىڭ سوتى ئېچىلىدىغان كۈن كېچىكتۈرۈلىدۇ. ئىنسان ھەق - ھوقۇقلىرىنى قوغداش تەشكىلاتى ۋەكىلى مىسىردىن كېتىپ ئىككى ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، سوت ئېچىلىپ، سەييىد قۇتۇب 15 يىللىق قاماققا ھۆكۈم قىلىنىدۇ. 10 يىل قاماقتا ياتقاندىن كېيىن تەن سالامەتلىكى قاتتىق ناچارلىشىپ كەتكەنلىكتىن ئۆيىدىن سىرتقا چىقماسلىق شەرتى ئاستىدا قويۇپ بېرىلىدۇ.

1965 - يىلى «يولدىكى ئىشارەتلەر» (بۇ كىتاب ئۇيغۇر تىلىغا «يۇل بۇيەردە» دېگەن ئىسىم بىلەن تەرجىمە قىلىنغان تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىيارى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان) ناملىق ئەسىرى سەۋەبلىك تەكرار قولغا ئېلىنغان سەييىد قۇتۇب، بۇ قېتىم ئۈچ - تۆت تۈرلۈك ئېغىر كېسەللىككە بىراقلا دۇچار بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ 60 ياشلارغا يېقىنلىشىپ قالغان ئىدى. جاللاتلار ئۇدا تۆت كۈن ئۇنى چەمبەرچاس باغلاپ، يېمەك - ئىچمەكتىن مەھرۇم قىلىدۇ. سۇ تەلەپ قىلسا، جاللاتلار سۇ ئەكىلىدۇ - يۇ بەرمىگەننىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭغا قاراتقۇزۇپ سۇنى يەرگە تۆكۈۋېتەتتى. شۇنچىلىك قىيىن - قىستاقلارغا ئېلىپ ۋە شۇنچە ئەزىيەت چەكتۈرۈپمۇ سەييىد قۇتۇبنى ئىرادىسىدىن قىلچە ۋازكەچتۈرەلمىگەن جاللاتلار بۇ دورەم پىسخولوگىيە جەھەتتىن ئەزىيەت يەتكۈزۈشكە باشلايدۇ. سەييىد قۇتۇبنىڭ 25 ياشلىق جىيەنى ئىنژىنىر رىفئەت بەكىر ئەششافىنى تۇتۇپ كېلىپ، سەييىد قۇتۇبنىڭ كۆز ئالدىدىلا چىدىغۇسىز قىيىن - قىستاقلارغا ئالىدۇ. قىيىن - قىستاقلارغا بەرداشلىق بېرەلمىگەن رىفئەت تاغىسىنىڭ كۆز ئالدىدا شەھىد بولىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ چارىسىمۇ كارغا كەلمىگەندىن كېيىن بۇ قېتىم ئۇلار سەييىد قۇتۇبنىڭ يەنە بىر جىيەنى (رىفئەتنىڭ قېرىندىشى) نى تۇتۇپ كېلىپ، ئاكىسىغا ئوخشاشلا قاتتىق قىينايدۇ. ئۇمۇ قىيىن - قىستاقلار دەستىدىن ئاكىسىغا ئوخشاشلا شەھىد بولۇشقا تاس قالىدۇ. بۇنىڭغىمۇ قانائەت ھاسىل قىلمىغان جاللاتلار بۇ قېتىم رىفئەتنىڭ ئانىسى نەفىسە قۇتۇب بىلەن سەييىد قۇتۇبنىڭ يەنە بىر قىز قېرىندىشى ئەمىنە قۇتۇبنى ئېلىپ كېلىپ، ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز ئازاب - ئوقۇبەتكە سالىدۇ. ئوغلى رىفئەت شەھىد بولۇپ كەتكەندىن كېيىن، نەفىسە خانىم قويۇپ بېرىلىدۇ. ئەمىنە خانىم بولسا قاماقتا قالىدۇ. كېيىنچە كۆزگە كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈنلا سوتقا چىقىرىلغان ئەمىنە قۇتۇب 10 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىدۇ ۋە بىر مۇددەت ھەربى تۈرمىدە، بىر مۇددەت قاناتىر تۈرمىسىدە جەمى 16 يىل قاماقتا ياتقاندىن كېيىن قويۇپ بېرىلىدۇ .

## «زالىملاردىن ئەپۇ سورىمايمەن»

ئىنسان قېلىپىدىن چىقىپ كەتكەن بۇ ئىنسانلار بۇ يەردە تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ۋە تىلغا ئالغىلى بولمايدىغان قانچە ئونلىغان قىيىن ـ قىستاق ۋاستىلىرىنى ئىشقا سېلىپمۇ يەنىلا سەييىد قۇتۇبنى ئىرادىسىدىن ۋازكەچتۈرەلمىگەندىن كېيىن، بۇدا ئۇنىڭ يەنە بىر قىز قېرىندىشى ھەمىدە قۇتۇبنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق سەييىد قۇتۇب بىلەن مۇرەسسە قىلىشقا كىرىشىدۇ ۋە ئۇنىڭغا مۇنداق بىر تەكلىپ سۇنىدۇ:

«ھازىرغىچە داۋام قىلىپ كەلگەن سۆز ـ ھەرىكەتلىرىڭدە خاتالاشقانلىقىڭنى بايان قىلىپ، جۇمھۇر رەئىسى جامال ئابدۇلناسىردىن ئەپۇ سورساڭ، ئۇ ئۇستۇڭدىكى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىش قارارىنى بىكار قىلىپ، سېنى ئەركىنلىككە ئېرىشتۈرىدۇ.» ھەمىدە قۇتۇب، ئاكىسىنىڭ جازاسىنىڭ بىكار قىلىنىپ ياشىسىنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتى. شۇڭا ئۇ، بۇ تەكلىپنى سەييىد قۇتۇبقا سۇنىدۇ. ئۇستاز سەييىد قۇتۇبنىڭ جاۋابى بولسا ناھايىتى كەسكىن ۋە تولىمۇ ئوچۇق ئىدى: «ئەگەر مەن ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن ھەق ئۇستىدە دارغا ئېسىلىشقا لايىق كۆرۈلگەن بولسام، بۇنىڭغا ئېتىراز بىلدۈرۈش تولىمۇ ھەقسىزلىق بولىدۇ. ئەگەر باتىلنىڭ زۇلمى بىلەن ناھەق قۇربان بولىدىغان بولسام، باتىلدىن ئەپۇ سوراپ، ئۆز قەدىر ـ قىممىتىمنى چۈشۈرۈشۈمنىڭ ھېچ زۆرۈرىيىتى يوق!...»

ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرى، سەييىد قۇتۇبنىڭ ئوبرازىنى تېخىمۇ يۈكسەلدۈرۈپ، ئىسلام دۇنياسىدا مەڭگۈ ئۇنتۇلغۇسىز ئۆلگىلىك ۋە يېتەكچى بىر مۇجاھىد سۈپىتىدە تونۇلىشىدا تۈرتكىلىك رول ئوينىغان. گەرچە ئۇنىڭ دۇنياۋى ۋۇجۇدى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىش بىلەن تۇپراققا كۆمۈلگەن بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ دۇنياغا نامايان قىلغان كەسكىن پىكىر ـ تەپەككۇرلىرى، ئۇنىڭ يولىنى بويلاپ ماڭغۇچى، ئېتىقادىدىن مەڭگۈ ۋازكەچمەس ئىزباسارلىرىنىڭ يولىنى يورۇتىدىغان بىر مەشئەل بولدى.

سەييىد قۇتۇب، 1966 ـ يىلى 29 ـ ئاۋغۇستتا شەيخ ئابدۇلفەتتاھ ئىسمائىل ۋە مۇھەممەد يۇسۇف ھاۋۋاشلار بىلەن بىرلىكتە ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىندى.

## تەۋھىد قارىشى ۋە كۈندىلىك ھاياتىدىكى ئەھمىيىتى

سەييىد قۇتۇبنىڭ ئەسەرلىرى تەۋھىدنى پۈتۈنلەي ساھابىلەرنىڭ زامانىدىكىگە ئوخشاش چۈشىنىشنى مەقسەد قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ خۇلاسىسى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنغان ۋە شەھىد بولۇشىغا سەۋەبچى بولغان «يولدىكى ئىشارەتلەر» ناملىق ئەسىرىدىكى تەۋھىدنىڭ ئىزاھاتى، تەسىرى ۋە نەتىجىسى، ئۇنىڭ تەۋھىد قارىشىنى ناھايىتى روشەن ھالدا ئوچۇقلاپ بەرمەكتە... ئالايلۇق، بۇ ئەسەرنىڭ بىرىنچى بۆلۈمى «ئۆلگىلىك قۇرئان نەسلى» دە مۇنداق دېيىلگەن: «دەۋەت ‹ئىسلام تەشۋىقاتى›نىڭ بىردىنبىر مەنبەسى بولغان شانلىق قۇرئان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كۆز ئالدىمىزدا تۇرۇپتۇ. شۇنداقلا ئەمەلىي سۆز - ھەرىكىتى ئارقىلىق دۇنياغا نامايان قىلغان ئاللاھنىڭ ئەلچىسىنىڭ تارىختا ھېچ كۆرۈلۈپ باقمىغان مىسلىسىز سۈننىتىمۇ خۇددى ساھابىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا تۇرغىنىدەك، بىزنىڭمۇ كۆز ئالدىمىزدا تۇرۇپتۇ. كۆز ئالدىمىزدا بولمىغىنى پەقەتلا ئاللاھنىڭ ئەلچىسىنىڭ يوقلىقى، خالاس.» سەييىد قۇتۇب، بۇ سوئالغا جاۋاب بەرگەندە، ئىسلام دىنىنىڭ ئالەمشۇمۇل بىر دىن ئىكەنلىكىنى ۋە قىيامەت كۈنىگە قەدەر ئۈزلۈكسىز داۋام قىلىدىغانلىقىنى ھەمدە تۇنجى مۇسۇلمان نەسلى بىلەن ھازىرقى مۇسۇلمان نەسلىنىڭ چۈشەنچىسى ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق بىر پەرق بولماسلىقىنىڭ لازىملىقى ئۈستىدە توختالغاندىن كېيىن، ساھابە نەسلىنىڭ ئىسلام چۈشەنچىسى بىلەن بىزنىڭ ئىسلام چۈشەنچىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرق بىلەن سەۋەبلىرىنى تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە نوقتىغا ئايرىغان:

بىرىنچى: تۇنجى قۇرئان نەسلى (ساھابىلەر) ئاساسلانغان بىردىنبىر مەنبە قۇرئان بىلەن قۇرئاننىڭ شەرھىسى بولغان رەسۇلۇللاھنىڭ سۆز - ھەرىكىتى ئارقىلىق نامايان قىلغان سۈننىتى ئىدى. دەرۋەقە، ھۆرمەتلىك ئائىشە ئانىمىزمۇ: «رەسۇلۇللاھنىڭ ئەخلاقى، قۇرئاننىڭ ئەخلاقى ئىدى» دەپ بۇنى تەكىتلىمەكتە... (نىسائىي)

ئىككىنچى: ساھابىلەر قۇرئان بىلەن ھەدىسلەرنى بىلىم - سەۋىيىسىنى ئاشۇرۇش، مەدەنىيەت خەزىنىسىنى تېخىمۇ بېيىتىش، قۇرئان تىلاۋىتىدىن مۇزىكىلىق بىر خىل زوق ئېلىش ياكى مەلۇم بىر مەنپەئەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن ئوقۇمايتتى. ئۇلار قۇرئاننى پەقەت ئۆگەنگەنلىرىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، ئىجرا قىلىش ئۈچۈنلا ئۆگىنەتتى.

ئۈچىنچى: ساھابىلەر ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ قالدۇقلىرىنى، كۇفرىلىق، ئۆرپ - ئادەت ۋە ئىسلامدىن بۇرۇنقى پۈتكۈل ناچار خاھىشلارنى تەلتۆكۈس ئارقىلىرىغا چۆرۈۋېتەتتى. ئىسلام دىنىغا كىرگەن كىشى، «بۇ دىنىنى قوبۇل قىلغان ھامان كىشىلىك ھاياتىمدا يېپيېڭى بىر سەھىپە ئېچىلدى» دەپ قاراپ، ئىسلامنىڭ ئەمر - پەرمانلىرىنى بەجاندىل ئىجرا قىلىشقا تىرىشاتتى. قىسقىسى، كەلىمە شاھادەت، ئۇلارنىڭ پۈتۈن شېرىكلەر بىلەن جاھالەتتىن قۇتۇلۇشلىرىنىڭ بىردىنبىر چىقىش يولى ئىدى.

سەييىد قۇتۇب، كەلىمە شاھادەت ئارقىلىق ئىنساننىڭ، بىر خىل ھاياتتىن (كۇفرىلىقتىن) باشقا بىر خىل ھاياتقا (ئىسلامغا) قانداق قەدەم باسقانلىقىنى ۋە بۇ خىل يېڭى ھاياتقا قەدەم باسقۇچىلارنىڭ (شاھادەت ئېيتىپ مۇسۇلمان بولغۇچىلارنىڭ) قانداق بىر مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئالغانلىقىنى ئوچۇقلاپ بېرىشكە تىرىشقان. بۇندىن باشقا سەييىد قۇتۇب ئەسىرىدە، ئاللاھنىڭ يېگانە ئىلاھ ئىكەنلىكىگە چىن دىلىدىن ئىشەنگەن كىشىنىڭ ئاللاھتىن باشقا كۈچلەرگە (تاغۇتلارغا) باش ئېگمەپ ۋە ئاللاھنىڭ قانۇنىنى چۆرۈپ تاشلاپ، تاغۇتلارنىڭ قانۇنى بويىچە سوتلىنىشنى تەلەپ قىلىشنى قاتتىق تەنقىد قىلىدۇ ھەمدە بۇنداق كىشىلەرنىڭ

ئېتىقادىدا سەممىي ئەمەسلىكىنى، بۇنىڭ شۇ كىشىنىڭ ئېتىقادى پرىنسىپىغا زىت ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. ھالبۇكى جانابى ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

«ساڭا نازىل قىلىنغان كىتابقا (يەنى قۇرئانغا) ۋە سەندىن بۇرۇن نازىل قىلىنغان كىتابلارغا (يەنى تەۋراتقا ۋە ئىنجىلغا) ئىمان كەلتۈردۇق دەۋالغان كىشىلەر (يەنى مۇناپىقلار) نى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئۇلار ئەرزىنى شەيتاننىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارماقچى بولۇۋاتىدۇ؛ ھالبۇكى، ئۇلار شەيتاننى ئىنكار قىلىشقا بۇيرۇلغان، شەيتان ئۇلارنى چوڭقۇر ئازدۇرۇشنى خالايدۇ.» (نىسا، 60 ـ ئايەت.

## سەييىد قۇتۇب، پۈتكۈل ئىسلام دۇنياسىغا تەسىر كۆرسەتكەن

سەييىد قۇتۇبنىڭ كېيىنكى مۇسۇلمان مۇتەپەككۇرلار بىلەن جامائەتلەرگە زور تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى ئىنكار قىلغىلى بولمايدۇ. باشقا ئەللەردىكى مۇتەپەككۇرلار بىلەن جامائەتلەرمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس، ئەلۋەتتە. بولۇپمۇ ئۇنىڭ «فىي زىلالىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، مۇسۇلمان دەۋەتچىلەرنىڭ مۇھىم مەنبەسى، قۇرئاننى نۆۋەتتىكى رېئاللىق بىلەن بىرلەشتۈرۈپ چۈشىنىش ۋە شەرھلەشتە ئاساسلىق مەنبەسىگە ئايلانغان.

سەييىد قۇتۇب ئىسلامغا كۆرسەتكەن خىزمىتى، ساداقىتى ۋە سەمىمىيىتىگە قارىماي، شەھىد بولۇپ كەتكەندىن كېيىن، بەزى كىشىلەر سەييىد قۇتۇبنى خاتا چۈشىنىپ قالغان. ئۇ بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن چۈشەنچە، پىكىر ۋە ئەمەل مىراسىدىن سەييىد قۇتۇبقا زىت خۇلاسە چىقىرىلغان. مەسىلەن: ئۇ ھاياتىدا ۋە ئەسەرلىرىدە ھېچقانداق بىر مۇسۇلماننى شەخسەن كۇپىرلىق بىلەن ئەيىبلىمىگەن بولسىمۇ، ئۇ شەھىد بولۇپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن كىشىلەر، مەلۇم شەخسلەر بىلەن جامائەتلەرنى كۇپىرلىق بىلەن ئەيىبلەپ ئوتتۇرىغا چىققان. ھالبۇكى سەييىد قۇتۇب ئۆز ئەسەرلىرىدە مەلۇم شەخسلەر ھەققىدە توختالمىغان. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، سەييىد قۇتۇب ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ، دەلىل ۋە ئۆرنەكلىرى بىلەن يەكۈنلەپ بەرگەن. مەسىلەن: ئۇ ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھقا چىن دىلى بىلەن ئىشەنگەن كىشى ھېچقاچان ئاللاھنى ئىنكار قىلغۇچىلارنى دوست تۇتماس، ياخشى كۆرمەس، ۋەكالەتلىك ھوقۇقىنى ئۇلارغا بەرمەس. بۇلار ئايەتلەردە بايان قىلىنغان پرىنسىپلاردۇر.» نېمىشقىدۇر بەزىبىر كىشىلەر ئۇ شەھىد بولۇپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ پىكىرلىرىنى جامائەتچىلىككە كەڭ تارقىتىش ۋە ئىجرا قىلىشقا تىرىشقانلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، سەييىد قۇتۇبنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن ئىسلام دىنىغا ئۇيغۇن بولمىغان بىر تۈركۈم خاتا پرىنسىپلارنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشتەك خاتالىقلارنى سادىر قىلغان.

www.uyghurkitap.com

# سەييىد قۇتۇبقا قارىتىلغان ھەقسىز تەنقىدلەر

ئەسلىدە ئىنسانىنى تولىمۇ ئەپسۇسلان-دۇرىدىغىنى شۇكى، مەلۇم كىشىلەر سەييىد قۇتۇبنىڭ تولىمۇ ھەقسىز رەۋىشتە ۋە ئىنساپسىزلارچە تەنقىد قىلىنىشىغا سەۋەبچى بولغان. بۇ تەنقىدلەرنىڭ ئەسلى مەنبەسى كۆپىنچە ھاللاردا دەلىلسىز گۇمان ياكى كەلسە - كەلمەس ئىزاھاتلارنىڭ مەھسۇلى، خالاس. بىز بۇ يازمىمىزدا سەييىد قۇتۇبقا قارىتىلغان ھەقسىز تەنقىدلەردىن مۇھىم دەپ قارىغان بەزى تەنقىدلەرگە جاۋاب بېرىشكە تىرىشىمىز. غايىمىز شەھىد سەييىد قۇتۇبنىڭ ئاقلىنىشىقا بولغان ئېھتىياجى ئۈچۈن ئەمەس، پەقەتلا بۇ تەنقىدلەرنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ھەقسىز ۋە ئورۇنسىز ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىشتۇر. يەنە بىر غايىمىز بولسا، يېتىشىۋاتقان نەسىللەر بىلەن سەييىد قۇتۇبنىڭ ئارىسىغا سوقۇلغان بۇ تەنقىد سېپىلىنى كۇكۇم - تالقان قىلىپ، ئىسلام دىنىنى بىر پۈتۈنلۈك ھالىتىدە چۈشىنىشكە تىرىشىۋاتقان ئىنسانلىرىمىزغا سەييىد قۇتۇب بىلەن بىۋاستە تونۇشۇش زېمىنى ھازىرلاپ بېرىشتىن ئىبارەت. روشەنكى بۇ ھەقسىز ۋە ئىنساپسىز تەنقىدلەر بەزى ياشلىرىمىزغا سەلبىي جەھەتتىن ئالاھىدە تەسىر كۆرسەتكەچكە، سەييىد قۇتۇبتىن ئۇزاقلىشىشقا سەۋەب بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك بىر ئىلىم ۋە پىكىر - تەپەككۇرنى مىراس قالدۇرۇپ كەتكەن قىممەتلىك زاتتىن پايدىلىنالمايۋاتىدۇ.

ئىسلام ئۈممىتى ھەققىدە قىلچە مەلۇماتى بولمىغان بىر بۆلۈك مۇتەئەسسىپ كىشىلەر ئىنسانلارنى سەييىد قۇتۇبتىن سوغۇتۇش مەقسىتىدە خىلمۇ خىل يوقىلاڭ بەدناملارنى ئويدۇرۇپ چىقماقتا. بۇنداق ئىنسانلارنىڭ تۈپ مەقسىتى ئىنسانلارنى ئاساسلىق ۋە ساغلام مەنبەلەردىن يىراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن، بۇ مەنبەلەرنىڭ زەھەرلىك ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت يالغان - ياۋىداقلىرىنى تارقىتىشتىن ئىبارەتتۇر. بۇنداق كىشىلەر ئەھمىيەتلىك مەنبەلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشى ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە ياكى «زەي كىشىنى سەمرىتمەيدۇ، ئاچلىقنى پەسەيتمەيدۇ» دېيىلگەندەك، ئىنسانلارنىڭ ئۇ مەنبەلەرگە بولغان ئېھتىياجىنى قامداش ئۈچۈن بىر نەرسە ئوتتۇرىغا قويالمايدۇ، ياكى ئۆزلىرى زەھەرلىك مەنبەلەرنى ئوتتۇرىغا كۆتۈرۈپ چىقىشىدۇ. زەھەرلىك ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن مەنبەلەر ھەققىدە بولسا نە ئىزدىنىپ بېقىش، نە تونۇش، نە ھەقىقەتەن زەھەرلىكمۇ ياكى پايدىلىقمۇ دېگەن توغرۇلۇق تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئېھتىياجى ھېس قىلىشمايدۇ. دېمەك، ئەسلىدە ئىنسانلارنىڭ بۇنداق كىشىلەرگە نىسبەتەن ھوشيار بولۇشى، ئۇلارنىڭ زەھەرخەندىلىك بىلەن توقۇپ چىققان يالغان - ياۋىداقلىرىغا ئالدىنىپ قالماسلىقى كېرەك.

## سەييىد قۇتۇب بۆلگۈنچى ئەمەس، بەلكى ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىغۇچى ئىدى

سەييىد قۇتۇبقا قارىتىلغان تەنقىدلەرنىڭ بىرى، ئۇنىڭ خەلقنى ھۆكۈمەتكە قارشى

كۇشكۇرتكۇچى، قېرىنداشنى قېرىنداشقا دۈشمەن قىلغۇچى، بۆلگۈنچى، بۇزغۇنچى، مۇسۇلمانلارنى ئىسيان كۆتۈرۈشكە تەشۋىق قىلغۇچى يازمىلىرى ۋە بىر خىل ئوي - پىكىرلەرگە ئىگە ئىكەنلىكىدەك گۇمانلاردۇر. بۇ گۇمانلارنى ئوتتۇرىغا قويغۇچىلارغا كۆرە سەيىيد قۇتۇب ۋە مەۋدۇدى كەبى ئىسلام ئالىملىرىنىڭ ۋە بۇ ئالىملارنى سۆيگەن مۇسۇلمانلارنىڭ ھۆكۈمەتلەر تەرىپىدىن ئېغىر جازاغا تارتىلىشلىرى لازىم. باشقا ئالىملارنىڭ بولسا، ئۇلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغۇچىلارغا سۆز ۋە ئەسەرلىرى ئارقىلىق نەسىھەت قىلىشلىرى، جاھىللارنىڭ بولسا، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن يازمىلىرىدىن ئۇزاق تۇرۇشلىرى كېرەك.

مەلۇمكى، بۈيۈك شەھىدنىڭ ئېيتقىنىدەك، تامامەن «جاھىلىيەت»نىڭ پۈرىقى پۇراپ تۇرغان بىر خىل يالغان - ياۋىداقلار، جاۋاب بېرىشكىمۇ ئەرزىمىگۈدەك دەرىجىدە ئاددىي ۋە دەلىلسىزدۇر. ئۇستاز سەيىيد قۇتۇب ياشىغان بۇ زېمىندا ئېتىنىك ئايرىمچىلىقنى نىشان قىلغان بىرەر ھەرىكەت يۈز بەرمىگەن. بۇ يەردىكى بۆلگۈنچىلىكتىن، جۇغراپىيە جەھەتتىن ئايرىلىش ئەمەس، بەلكى پىكىر ۋە ئېتىقادىي جەھەتتىكى ئايرىمچىلىق مەقسەت قىلىنغان. مەرھۇم شەھىد ئىنسانلارنى ئىسلام دىنىغا دەۋەت قىلغانلىقتىن، بۇ دەۋەتكە ئاۋاز قوشقانلار بىلەن قارشى چىققۇچىلار ئوتتۇرىسىدا تەبىئىي ھالدا بىر خىل ئايرىلىش ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. بۇ ئايرىلىش سەۋەبلىك سەيىيد قۇتۇبنى ئەيىبلەشكە ھېچكىمنىڭ ھەققى يوق. چۈنكى ئىسلام دىنىدا دەۋەت پەرزدۇر. مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن ئىسلام بىلەن كۇپرى ئوتتۇرىسىدا كەسكىن بىر ئايرىلىش ھاسىل بولغانلىقتىن، «فارۇق - ئايرىغۇچى» دەپ ئاتالغان ئۆمەر (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ پوزىتسىيەسىمۇ ئىمان بىلەن ئەھلى كۇفرىنى كەسكىن ھالدا بىر - بىرىدىن ئايرىشىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم ئىكەنلىكىنى ئوچۇقلاپ بەرمەكتە. جانابى ئاللاھمۇ قانچىلىغان ئايەتلەردە قۇرئاننىڭ ھەق بىلەن باتىلنى، ئايدىڭلىق بىلەن زۇلمەتنى بىر - بىرىدىن ئايرىغۇچى بىر كىتاب ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان.

## ھەقىقىي قېرىنداشلىق - ئىمان قېرىنداشلىقىدۇر

قېرىنداشنى قېرىنداشقا دۈشمەن قىلغۇچى، دېگەن گۇمانغا كەلسەك، ھېچكىم سەيىيد قۇتۇبنىڭ ئەسەرلىرىدە مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز ئارا جېدەل - ماجىرا ۋە ئۇرۇش قىلىشقا ئۈندەيدىغان بىرەر قۇرمۇ تېپىپ بېرەلمەيلا قالماستىن، ئەكسىچە ئۇنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ قېرىنداش ئىكەنلىكىنى ئالاھىدە تەكىتلىگەنلىكىدىن ئىبارەت روشەن ھەقىقەتنى كۆرىدۇ. دەرۋەقە سەيىيد قۇتۇب بۇ ھەقتە نۇرغۇن ئەسەر يازغان. ھۇجۇرات سۈرىسىدىكى مۇنۇ ئايەت: «مۆمىنلەر ھەقىقەتەن (دىندا) قېرىنداشلاردۇر.» (ھۇجۇرات، 49/10) نىڭ فى زىلالىل قۇرئاندىكى تەپسىرىگە مۇراجىئەت قىلساق، سەيىيد قۇتۇبنىڭ بۇ ھەقتىكى پوزىتسىيەسىنى چۈشىنىشتە يېتەرلىك دەلىل بولالايدۇ، ئەلۋەتتە.

يۇقىرىدىكى گۇمانى قاراشلارنى تارقاتقۇچىلار، سەيىيد قۇتۇبنىڭ نېمىشقا مۆمىن بىلەن كاپىرنىڭ

www.uyghurkitap.com



قېرىنداشلارچە ياشىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقىدىن خاپا بولغان، ھالبۇكى بۇ ھەقتىكى ھۆكۈمنى بىۋاستە ئىسلام دىنى ئوتتۇرىغا قويماقتا ۋە ئىسلام قېرىنداشلىقىنىڭ سىرتىدىكى سۆيگۈ بىلەن ۋەلايەت ھوقۇقىنىڭ مەجبۇرى ئەمەسلىكىنى ئوچۇقلاپ بەرمەكتە. دەرۋەقە، ئۆز ۋاقتىدىمۇ نۇۋتى كەلگەندە بىر ئاتا ـ ئانىدىن تۇغۇلغان قېرىنداشلارنىڭ بىرى ئىسلام سېپىدە، يەنە بىرى كۇفرى سېپىدە بىر ـ بىرىگە قارشى ئۇرۇش قىلاتتى.

## كۇفرىغا قارشى تۇرماق ئىماننىڭ جۈملىسىدىندۇر

يۇقىرىدىكى گۇمانلارنى تارقىتىشقا ئورۇنۇۋاتقانلارنىڭ سەييىد قۇتۇبنى بىدئەتچىلىك، مەزھەبسىزلىك ۋە جاھىللىق بىلەن ئەيىبلەۋاتقانلىقى كۆزگە چېلىقىدۇ. بۇ ھەقتە «ئىسلام ئەخلاقى» ناملىق ئەسەردە مۇنداق دېيىشىدۇ: «مىسىرلىق ھەسەن بەننا بىلەن ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىسى سەييىد قۇتۇبقا ئوخشاش مەزھەبسىز، جاھىل دىن ئەھلىلىرى، «جىھاد، زۇلۇم قىلغۇچىلار بىلەن زالىملارغا قارشىدۇر» دېگەن ئايەتنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ھۆكۈمەتكە قارشى ئىسيان قوزغاشتى. 1949 ـ يىلى ھەسەن، 1966 ـ يىلى سەييىد قۇتۇب ئىسيان كۆتۈرگەنلىك تۈپەيلىدىن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىندى. ئۇلارنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشكەن قانچە مىڭلىغان ياش، زىندانلاردا بىر قانچە يىل قىيىن ـ قىستاققا ئېلىنغاندىن كېيىن قەتلى قىلىندى. ئىخۋانۇل مۇسلىمىن يەنى مۇسۇلمان قېرىنداشلار دەپ ئاتالغان بۇ ياشلار 1982 ـ يىلى سۈرىيەدىكى زالىم ئەسەد ھۆكۈمىتىگە قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپ، ھۇمات شەھىرىنىڭ خانىۋەيران قىلىنىشىغا ۋە قانچە ئون مىڭلىغان مۇسۇلمانلارنىڭ دەھشەتلىك ھالدا قىرغىن قىلىنىشىغا سەۋەبچى بولۇشتى. ھالبۇكى، زالىم ھەتتا كاپىر ھۆكۈمەتلەرگە قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپ، پىتنە ـ پاسات تۇغدۇرۇش، دىنىمىزدا مەنئى قىلىنغاندۇر...»

دېمەك، بۇ خىل يازمىلار بىلەن ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان يالغان ـ ياۋىداقلار، بۇنى تارقاتقۇچىلارنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە جاھالەت پاتقىقىغا پېتىپ قالغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويماقتا. باشقا ھېچقانداق بىر دەلىلگە مۇراجىئەت قىلماي تۇرۇپمۇ، يۇقىرىدىكى يازمىلارغا قاراپ، بۇلارنى يازغانلارنىڭ نەقەدەر جاھىل، ئىسلام ھەققىدە قىلچە مەلۇماتى بولمىغان كىشىلەر ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز، ئەلۋەتتە. ئەسلىدە بۇ ئويدۇرمىلار جاۋاب قايتۇرۇشقا قىلچە ئەرزىمەيتتى. بىراق، تۆۋەندىكىلەرنى بايان قىلىشقا مەجبۇرمىز: بۇ گۇمانلارنى مەنتىقىلىق ئانالىزىغا كۆرە، بىلال، ئەممار، ياسىر، سۇمەييە ۋە بۇندىن باشقا كۆپ ساندىكى ساھابىلەر (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) مۇسۇلمان بولغانلىقىنى ئېلان قىلىش بىلەن گۇناھكار بولغاندۇر. دېمەك، ئۇلارغا ئەزىيەت يەتكۈزگەنلەردە ئەمەس، بەلكى ئۆزلىرىدە ئىمىش؟

## سەييىد قۇتۇب فىقھىدا ئىجتىھادنىڭ ئەھمىيىتىنى بىلەتتى

سەييىد قۇتۇبنىڭ مەزھەبسىز «بەدمەزھەب» ئىكەنلىكى ھەققىدىكى بوھتانغا كەلسەك،

ئەسلىدە بۇ خىل بوھتانلار ھەققىدە توختىلىشنىڭ ئانچە ئەھمىيىتى يوق. بۇ بوھتانغا پەقەتلا تۆۋەندىكىدەك جاۋاب بېرىش بىلەنلا چەكلىنىمىز: سەييىد قۇتۇب، شەھىد بولغانغا قەدەر مۇسۇلمان قېرىنداشلار جەمئىيىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەت ئورناتقان ۋە بۇ جەمئىيەتنىڭ بىر ئەزاسى سۈپىتىدە دارغا ئېسىلغان. ئۇ، بەيئەت قىلغان، قوبۇل قىلغان، ئىشەنگەنلىكىگە ۋەدە بەرگەن پىرىنسىپلارنىڭ بىرى مۇنداق: «فەرئىي (ئايرىم) ھۆكۈملەرنىڭ دەلىللىرىنى يەكۈنلىيەلىگۈدەك ئىجتىھاد دەرىجىسىگە يەتمىگەن ھەر بىر مۇسۇلمان بىر مۇجتەھىد ئىمامغا (ئالىمغا) ئەگىشىشى شەرت....» بۇندىن باشقا «فى زىلالىل قۇرئان»نىڭ ھەممىلا يېرىدە دېگۈدەك فىقھىغا مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەرنىڭ تەپسىرىدە: «بۇنى مۇنازىرە قىلىدىغان جاي فىقھى كىتابلىرىدۇر» دەپ فىقھى كىتابلىرىغا بولغان قارىشى ۋە ياردىمىنى ئىزھار قىلغان.

## سەييىد قۇتۇب بىدئەتچى ئەمەس، بەلكى بىدئەتچى دۈشمىنى ئىدى

سەييىد قۇتۇبنىڭ بىدئەتچى ئىكەنلىكىگە ئائىت بوھتانلارغىمۇ مۇسۇلمان قېرىنداشلار جەمئىيىتىنىڭ مۇنۇ پىرىنسىپىنى ئەسلىتىش بىلەنلا چەكلىنىمىز: «ئىسلام دىنىدا ئەسلى مەنبەسى بولمىغان ۋە ئىنسانلار نەپسى - خاھىشلىرىغا ئەگىشىپ ئويدۇرۇپ چىقارغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى باتىلدۇر. مەيلى ئىسلام دىنىغا يات بولغان ئويدۇرمىلار بولسۇن، مەيلى ئىسلام دىنىدا بار بولغان بىرەر ھۆكۈمنى تەرك قىلىش بولسۇن، بۇلارنىڭ ھەممىسى بىلەن قەتئىي تۈردە كۈرەش قىلىش ۋە بۇ خىل خاھىشلارغا مۇناسىپ ھالدا خاتىمە بېرىلىش كېرەك. لېكىن، بىدئەتنى يوقىتىمەن دەپ، تېخىمۇ چوڭ بىدئەتلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ قېلىشىغا يول ئاچماسلىق لازىم.»

دەرۋەقە ئۇستاز سەييىد قۇتۇبمۇ پۈتكۈل ئىجادىيەت خىزمەتلىرىدە بىدئەتلەرگە بولغان قارشىنى ناھايىتى روشەن ھالدا ئوتتۇرىغا قويغان ۋە مۇسۇلمانلار ئارىسىدا تارقالغان بىدئەتلەرنىڭ يوق قىلىنىشى ئۈچۈن ناھايىتى زور كۈچ سەرپ قىلغان. بىراق، ئۆزلىرى بىدئەت ۋە خۇراپات پاتقاقلىرىغا پېتىپ كەتكەن ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭكىنىلا توغرا دەپ قارىغاچقا، باشقىلارنىڭ قۇرئان بىلەن سۈننەتنىڭ پارلاق نۇرىغا تايىنىپ ئوتتۇرىغا قويغان ھەقىقەتلەرنى «بىدئەت» دەپ گۇمان قىلماقتا.

## سەييىد قۇتۇب تەپسىرنى بىلىمنىڭ نۇرى ئاستىدا يېزىپ چىققان

بەزىلەر سەييىد قۇتۇبنىڭ تەپسىرىنىڭ ئىلمىيلىكتىن يىراق ھالدا تامامەن پىكىر - تەپەككۇرغا تايىنىپلا يېزىپ چىقىلغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشىدۇ. ۋەھالەنكى «فى زىلالىل قۇرئان»نى ئوقۇغان كىشىلەر بىلىدۇكى، «فى زىلالىل قۇرئان»دا بۇرۇنقى تەپسىرلەرنىڭ دېگۈدەك ھەممىسى تەتقىق قىلىنىپ، خۇلاسە چىقىرىلغان ۋە نۆۋەتتىكى ئىنسانلار بىلىشكە

تېگىشلىك يەكۈن چىقىرىلغان ھەمدە بىر ئايەتنىڭ تەپسىرى ھەققىدە ھېچقانداق ئىزاھات بېرىشكە بولمايدىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغىنىدا ئىلمىي دەلىللەر ئارقىمۇ ـ ئارقا بايان قىلىنغان. «سەييىد قۇتۇب تەپسىر قىلالىغۇدەك دەرىجىدە دىنىي مەلۇماتقا ئىگە ئەمەس ئىدى» دېگەن قاراشمۇ توغرا ئەمەس. چۈنكى ئۇ، مەدرىسە ئەنئەنىسىگە ساھىپ بىر ئائىلىدىن كېلىپ چىققان ۋە يەتتە يېشىدىن باشلاپلا دىنىي بىلىم ئېلىشقا باشلىغانىدى. ئون يېشىدا قۇرئاننى پۈتۈنلەپ يادلاپ بولغان. ئۇندىن كېيىنمۇ تاكى شەھىد بولغانغا قەدەر دىنىي بىلىم ئېلىشنى ھەرگىزمۇ توختىتىپ قويمىغان. ئۇ، ھەم دىنىي ھەمدە غەرب پەلسەپىسى بىلەن پىكىر ـ تەپەككۇرىنى ناھايىتى پىششىق بىلگەنلىكتىن، ھازىرقى ئىنسانلارغىمۇ تەسىر قىلالىغۇدەك دەرىجىدە ھەقىقەتنى ئىسپاتلاپ بېرىشتە مۇۋەپپەقىيەت قازانغان. چۈنكى ھەممىگە مەلۇم بولغىنىدەك، ھازىرقى ئىنسانلار پەقەتلا ئىسلامىي مەنبەلەر ئۈستىدىلا ئەمەس، غەرب مەنبەلىرى ئۈستىدىمۇ ئۆزلىرىنى يېتىلدۈرىدۇ. دېمەك، بىر ئىنسانغا خىتاب قىلغاندا، ئۇ ئىنسانغا تەسىر قىلىدىغان مەنبەلەرنىڭ نېمىلىكىنى بىلىش ۋە زېھنىدىكى سوئاللارغىمۇ ئۇنىڭغا ماس ھالدا جاۋاب بېرىش ئىنتايىن زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

**سەييىد قۇتۇبنىڭ ئوسمان (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) بىلەن مۇئاۋىيە (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) ھەققىدە يازغانلىرى**

سەييىد قۇتۇبنىڭ «ئىسلامدا ئىجتىمائىي ئادالەت» ناملىق ئەسىرىدە، ئوسمان (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) بىلەن مۇئاۋىيە (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) ھەققىدىكى بەزى سۆزلىرىنى بۇ يەردە ئىزاھلاپ ئۆتمەكچىمىز: سەييىد قۇتۇب بۇ ئەسىرىنى 1946 ـ يىلى قولغا ئېلىپ، 1948 ـ يىلى پۈتتۈرگەن. ئۇنىڭ بۇ ئەسىرى كىتابخانىلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشكەن بولۇپ، ئىنگلىزچە، فرانسۇزچە، نېمىسچە، تۈركچە ۋە فارس تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغان. بۇ ئەسەرنىڭ تۇنجى نۇسخىسىدا مۇئاۋىيە (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) ۋە ئۇنىڭغا ھەمراھ بولغان ساھابىلەر ھەمدە ئوسمان (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نى تەنقىد قىلغان ئىبارىلەر قوللىنىلغان. بۇ سەۋەبلىك سەييىد قۇتۇب، ئەللامە مەھمۇد شاكىر ۋە باشقا بىر بۆلۈك ئىلىم ئەھلىنىڭ تەنقىدىگە ئۇچرىغان. سەييىد قۇتۇب ھايات ۋاقتىدا بۇ ھەقتىكى خاتا كەتكەن جايلىرىنى شەخسەن ئۆزى تۈزەتكەن ۋە مەزكۇر ئەسەر 6 ـ قېتىم نەشر قىلىنغان چاغدا تەنقىد ئىبارىلىرى پۈتۈنلەي چىقىرىۋېتىلگەن. ئەسەرنىڭ تۈزىتىلگەن نۇسخىسى بولسا 1964 ـ نەشر قىلىنغان. تۈركچە تەرجىمىلەردە تۇنجى قېتىملىق نۇسخىسى ئاساس قىلىنغاچقا بەزىبىر تەرجىمىلەردە بۇ ئىبارىلەر تېخىچە مەۋجۇتتۇر. بىراق، ھەقىقىي ئەھۋال ئەنە شۇنداقتۇر.

ئۆز نۆۋىتىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، مەرھۇم شەھىدكە قىلىنغان تۆھمەت ۋە ھەقسىزلىقلارغا قارشى بۇ يەردە پۈتۈنلەي جاۋاب بېرىش ئىمكانىيىتىمىز يوق. بىراق،

ئەڭ كۆپ كىشىلەرنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىغان تۆھمەتلەرنىڭ مانا مۇشۇلاردىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى ئوچۇقلاپ بېرەلەيمىز. «فى زىلالىل قۇرئان» ھەققىدىكى تۈرلۈك قاراشلارغا، مۇھەممەد قۇتۇب «سەييىد قۇتۇبنىڭ ئىسلام قارىشى ۋە ئاساسلىرى» ناملىق ئەسىرىنىڭ مۇقەددىمىسىدە جاۋاب بەرگەن. (بۇ ئەسەر رەسۇل توسۇن تەرىپىدىن تۈركچىگە تەرجىمە قىلىنغان.)

بىز، «سەييىد قۇتۇب پۈتۈنلەي نوقسانسىز ئىدى» دەپ تۇرۇۋالمايمىز. بىراق، مول بىلىمدىن بەھرىمەن بولۇشقا تېگىشلىك قىممەتلىك بىر مۇتەپەككۇر ئالىم ئىكەنلىكىگە، زامانىۋى ئىسلام ھەرىكىتىگە ھەم پىكىر - تەپەككۇرلىرى بىلەن ھەمدە كۈندىلىك ھاياتىدا ناھايىتى زور تۆھپە قوشقانلىقىغا چىن دىلىمىزدىن ئىشىنىمىز. ئۇ، مۇسۇلمان دەۋەتچىلەرنىڭ يولىنى يورۇتۇپ بەرگەن ئۆچمەس مەشئەلدۇر.

## سەييىد قۇتۇب مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتىدىن ھېچ ئايرىلىپ باقمىغان

سەييىد قۇتۇبقا مۇناسىۋەتلىك ئەڭ مۇھىم خاتا كۆز قاراشلاردىن بىرى، سەييىد قۇتۇبنىڭ شەھىد بولۇشتىن بۇرۇن مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتى بىلەن مۇناسىۋىتىنى ئۈزگەنلىكى ياكى بۇ تەشكىلاتنىڭ ئۇنىڭ بىلەن ئالاقىسىنى ئۈزگەنلىكى، تەشكىلاتنىڭ ئىچىدە سەييىد قۇتۇبقا قارشى كۆز قاراشلارنىڭ پەيدا بولغانلىقىدىن ئىبارەت ئويدۇرمىلاردۇر. ھالبۇكى سەييىد قۇتۇب شەھىد بولۇپ كېتىشتىن بۇرۇن بۇ تەشكىلاتتىن مۇناسىۋىتىنى ئۈزگەنلىكىگە دائىر ھېچقانداق بىر دەلىل يوق. مەۋجۇت بىر نەرسىنىڭ يوقلۇقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، يوقلۇقىنى دەلىللەش لازىم. دېمەك، ئۇنىڭ قېرىنداشلىرى بىلەن ئۇنى يېقىندىن تونىغۇچىلار بۇنداق بىر ئىشنىڭ بولمىغانلىقىنى بايان قىلىشقان. تەشكىلاتىمۇ سەييىد قۇتۇب ھايات ۋاقتىدا قانداق ھۆرمەتكە سازاۋەر بولسا، شەھىد بولۇپ كەتكەندىن كېيىنمۇ ئوخشاشلا ھۆرمەتلەنمەكتە، ئەسەرلىرى تەۋسىيە قىلىنىپ، تەپسىر دەرسلىرىدە ئوقۇتۇلماقتا ۋە ئۇنىڭ مۇقەددەس كۆرىشى تەشكىلاتتا داۋام قىلدۇرۇلماقتا. مەن مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتىنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى مۇتەپەككۇرلىرى ۋە بۇ تەشكىلاتقا مەنسۇپ قانچە يۈزلىگەن زاتلار بىلەن كۆرۈشتۈم، كۆپىنچىسىدىن سەييىد قۇتۇبقا مۇناسىۋەتلىك سەلبىي قاراشلار ھەققىدە ئالاھىدە سورىدۇم، سەييىد قۇتۇبنى ئىنكار قىلىپ، ئۇنىڭغا قارشى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن بىرەر كىشىنىمۇ ئۇچرىتىپ باقمىدىم.

سەييىد قۇتۇبنىڭ سىڭلىسى ھەمدە قۇتۇبنىڭ بايانلىرىغا كۆرە، ئۇستاز سەييىد قۇتۇب شەھىد بولۇپ كېتىش ھارپىسىدا مۇنداق دېگەنىكەن: «ئەگەر ھەسەن ھۇدەيبىي (ئىخۋانۇل مۇسلىمىننىڭ شۇ ۋاقىتتىكى باش يېتەكچىسى) بىلەن كۆرۈشسەڭ سالىمىمنى يەتكۈز، ئۇنىڭ بىرەر زىيان - زەخمەتكە ئۇچراپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئىنسان بەرداشلىق بېرەلەيدىغان پۈتۈن قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بەرگەنلىكىمنىمۇ

www.uyghurkitap.com

بىلدۈرۈپ قويۇ.» بۇندىن باشقا يەنە تۈرمىدە سەييىد قۇتۇبقا ئۆلۈم پەرمانى يەتكۈزۈلگەن ھامان مۇنداق دېگەنىدى: «ئاللاھقا يۈزمىڭ شۈكرى! 15 يىلدىن بېرى شەھىد بولۇشنى چىن دىلىمدىن ئارزۇ قىلىپ كېلىۋاتاتتىم. (شۇ چاغدا سەييىد قۇتۇبنىڭ ئىخۋانۇل مۇسلىمىن تەشكىلاتىغا قېتىلغانلىقىنىڭ 15 - يىلى ئىدى.)» يەنى ئۇ، مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتىنىڭ سېپىدە قىلغان كۈرىشىنى بىر پۈتۈنلۈك ھالىتىدە خۇلاسىلىگەن ۋە بۇ كۈرەش جەريانىنى «شەھىد بولۇشنى ئەڭ ئارزۇ قىلغان ۋاقتىم» دەپ يەكۈن چىقارغان. روشەنكى ئۇ، تەشكىلاتتىن مۇناسىۋەتنى ئۈزگەنلىكىگە ئائىت بىرەر ئېغىزمۇ سۆز قىلىپ باقمىغان. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى ئۇ، شەھىد بولغانغا قەدەر مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتىنىڭ سېپىدە خىزمىتىنى داۋاملاشتۇرغان.

بۇ ھەقتىكى كۆز قاراشلارنىڭ ئەسلى مەنبەسى، مۇسۇلمان قېرىنداشلارغا قارشى بولغان كىشىلەرنىڭ سەييىد قۇتۇبنى ئۇلارنىڭ (مۇسۇلمان قېرىنداشلارنىڭ) سېپىدە كۆرۈشنى خالىمىغانلىقتىن ئويدۇرۇپ چىققان يالغان - ياۋىداقلاردۇر.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتى، سەييىد قۇتۇبنى ھايات ۋاقتىدا باغرىغا باسقىنىدەك، شەھىد بولۇپ كەتكەندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭ پىكىر - تەپەككۇرلىرىنىڭ بايراقدارى بولغان ۋە ھېچقاچان ئۇنىڭ پىكىر - تەپەككۇرلىرىنىڭ يېيىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلىشقا ئۇرۇنۇپ باقمىغان.

## خۇلاسە

شۇنى ئېسىمىزدە چىڭ تۇتۇشىمىز كېرەككى، سەييىد قۇتۇبمۇ بىر ئىنساندۇر. سەييىد قۇتۇب، بىزنىڭ ئاللاھنىڭ يولىنى ھەقىقىي رەۋىشتە تونۇشىمىز ئۈچۈن يېتەكچىلىك رولى ئوينىغانلىقى ئۈچۈن بىز ئۇنى سۆيىمىز. «سەييىد قۇتۇب نۇقسانسىز ئىدى» دەپ ھېچكىم ئېيتالمايدۇ. ئەمما ئۇ، ئىنسانلارنىڭ جانابى ئاللاھنىڭ كىتابى بولغان قۇرئاننى ھەقىقىي رەۋىشتە چۈشىنىشىنى قولايلاشتۇرۇش ئۈچۈن ناھايىتى زور ۋە ئۈلگىلىك كۈچ سەرپ قىلغان. ئىخلاسمەنلىك ۋە سەممىيلىك بىلەن تىرىشچانلىق كۆرسىتىپمۇ، سەۋەنلىك سادىر قىلغان ئىلمىي پائالىيەتلەرگىمۇ ساۋاب بېرىلىدىغانلىقىنى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى جاكارلىغانىدى. سەييىد قۇتۇب بىزگە بىر مەشئەلنى يورۇتۇپ بەردى. بۇ مەشئەلنىڭ يورۇقىدىن بەھرىمەن بولۇش بىزنىڭ ئىشىمىز. ئەسلىدە ئىزدىنىشكە تېگىشلىك يول، ئاللاھنىڭ يولىدۇر. سەييىد قۇتۇبنىڭ دېمەكچى بولغىنىمۇ مانا شۇ.

جانابى ئاللاھتىن سەييىد قۇتۇبقا رەھمەت ۋە مەغپىرەت تىلەيمىز ھەمدە ئۇنىڭغا ئاتا قىلغان شەھىدلىق مەرتىۋىسىنى بىزگىمۇ ئاتا قىلىشىنى چىن دىلىمىزدىن ئارزۇ قىلىمىز. ■



# ئەللامە مۇھەممەد ئىقبالنىڭ «شەرقىي تۈركىستان» غا بولغان قارشى ۋە پاكىستان سىياسەتچىلىرىنىڭ خىيانىتى (02)

مىركامىل كاشغەرى

بېشى ئالدىنقىساندا

ئېسىڭلاردا بولسا كېرەك، ژۇرنىلىمىزنىڭ ئالدىنقى ساندا ئەللامە مۇھەممەد ئىقبالنىڭ پىكىر - قاراشلىرى ۋە شەرقىي تۈركىستاننىڭ بۈيۈك مۇجاھىد رەھبىرى مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا ھەزرىتىمنىڭ ئەللامە مۇھەممەد ئىقبال بىلەن لاھۇردا ئېلىپ بارغان ئۇچرىشىشى ھەمدە 1958 - يىلى 4 - ئايدا لاھۇردا ئۆتكۈزۈلگەن «مۇھەممەد ئىقبالنى خاتىرىلەش يىغىنى»غا تەكلىپ بىلەن قاتنىشىپ سۆزلىگەن نۇتۇقلىرىغا ئورۇن بەرگەن ئىدۇق.

ماقالىمىزنىڭ بىرىنچى بۆلۈمىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتكىنىمىزگە ئوخشاش ئىسلام بىلەن مۇجەسسەملەشكەن تۈرك سۆيگۈسى، بولۇپمۇ ئۆممەتنىڭ ئىجتىمائىي تەۋھىدى ۋە ئىسلامىي ۋەھدىتى (بىرلىكى)نى قايتىدىن بەرپا قىلىش ئۈچۈن كېچە - كۈندۈز يۈرەك - باغرى ئوت بولۇپ يېنىپ تۇرىدىغان ئۇستاز مۇھەممەد ئىقبالنىڭ قارىشىچە، تېمۇرنىڭ ئەۋلادلىرى بىلەن ئوسمانلىنىڭ ئەۋلادلىرىمۇ ئوخشاشلا ئىسلام دۇنياسىدىن ئىبارەت چوڭ ئائىلىنىڭ ئىككى بۈيۈك قەھرىمان بايراقدارلىرى ئىدى. شۇڭا ئەللامە مۇھەممەد ئىقبال ئەنگلىيەنىڭ ئىشغالىيىتىگە قارشى ھىندى قىتئەسىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئازادلىق كۈرىشى داۋاملىشىۋاتقان قېيىن مەزگىللەردە، بىر تەرەپتىن «ئىسلام دۇنياسىنىڭ غەربتىكى ئاخىرقى قەلئەسى» دەپ قارىغان تۈركىيەنىڭ چاناققەلئە ئۇرۇشى ئۈچۈن سەپەرۋەرلىككە كېلىپ، ئوخشاش بولمىغان شەھەرلەردە چاقىرغان كونفېرانسلار نەتىجىسىدە، بىر يېرىم مىليون فوندستېرلىن توپلاپ، تۈركىيەگە ئەۋەتكەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن «ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئەڭ شەرقىدىكى مۇھىم قەلئەسى» دەپ بىلىدىغان شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىق كۈرىشىگە يېقىندىن كۆڭۈل بۆلگەن ئىدى. شېئىرلىرى ۋە ئەسەرلىرىدە شەرقىي تۈركىستانغا بولغان سۆيگۈسىنى ئىپادىلىگەنگە ئوخشاش پات -

www.uyghurkitap.com

پات ئېلان قىلىپ تۇرىدىغان باياناتلىرىدىمۇ شەرقىي تۈركىستاننىڭ كەلگۈسى ۋە مۇستەقىللىقىنىڭ ئىسلام ئۇممىتىگە قانداق چوڭ كۈچ قوشىدىغانلىقى ھەققىدىكى كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى.

ئەللامە مۇھەممەد ئىقبالنىڭ چاناققەلئە ئۇرۇشىغا ياردەم قىلىش ئۈچۈن لاھوردىكى ئۈچۈق مەيداندا 100 مىڭدىن ئارتۇق كىشىنىڭ قاتنىشىشى بىلەن ئۆتكۈزگەن چوڭ كونفېرانسىدا ئىنتايىن تەسىرلىك بىر ۋەقە يۈز بېرىدۇ. چاناققەلئە ئۇرۇشىنىڭ ئىسلام دۇنياسىغا بولغان ئەھمىيىتى توغرۇلۇق ئەللامە ئىقبالنىڭ سۆزلىگەن نۇتقىدىن قاتتىق تەسىرلەنگەن بىر نامرات ئايال ياردەم قىلاي دېسە پۇلى بولمىغانلىقتىن، قوچىقىدىكى 3 ياشلىق ئوغلىنى سېتىش قارارىغا كېلىدۇ. دەرھال يىغىن مەيدانىدىن ئايرىلىپ، ئۆزى تونۇيدىغان بىر باينىڭ ئۆيىگە بارىدۇ ۋە ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ، بالىسىنى ئۇ كىشىگە ساتماقچى ئىكەنلىكىنى ۋە پۇلىنى چاناققەلئە ئۇرۇشىغا ئىئانە قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. باي ھەيران قېلىپ، ئاتا - ئانىنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسى پەرزەنتىنى ياخشى تەربىيەلەش ۋە قوغداش ئىكەنلىكىنى، پەرزەنتىنى خورلاش ۋە يېتىملىككە مەھكۇم قىلىشنىڭ ئېغىر جىنايەت ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئايال ھېچ ئىككىلەنمەستىن، «بىلەمسەن؟! ئەگەر مۇسۇلمانلار چاناققەلئە ئۇرۇشىدا مەغلۇپ بولسا، خەلىپىلىك يىقىلىدۇ ۋە يالغۇز مېنىڭ بالاملا ئەمەس، پۈتۈن ئىسلام دۇنياسى، پۈتۈن ئۇممەت يېتىم قالىدۇ. مەن ئۇممەتنى بۇ يېتىملىكتىن قۇتۇلدۇرۇش يولىدا 1 بالام ئەمەس، 10 بالام بولسىمۇ پىدا قىلىشقا تەييارمەن» دەيدۇ. باي قاتتىق تەسىرلىنىپ ئايالنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىدۇ، بالىنى ئېلىپ قىلىپ، تەلەپ قىلىنغان پۇلنى ئايالغا بېرىدۇ. ئەمما «ئالداۋاتقان بولمىسۇن» دېگەن گۇمان بىلەن ئايالنىڭ ئارقىسىغا ئادەم سېلىپ قويىدۇ. ئايال پۇلنى ياغلىققا ئوراپ ئۇدۇل يىغىن مەيدانىغا يۈگرەيدۇ. بىر تېپىننىمۇ ئېلىپ قالماستىن ھەممە پولنى ئىئانە قىلىدۇ. باينىڭ ئادەملىرى بۇ ئەھۋالنى بايغا يەتكۈزىدۇ. بايمۇ كېچىكمەستىن يىغىن مەيدانىغا بالىنى ئېلىپ كېلىپ، ئانىسىغا قايتۇرىدۇ. ئاندىن ئۆيىدىن ئېلىپ كەلگەن ئالتۇن - كۈمۈش، پۇل - پىچەكلەرنىڭ ھەممىنى چاناققەلئە ئۇرۇشىغا ئىئانە قىلىدۇ. شۇ قېتىم لاھوردىكى يىغىنغا قاتناشقان كىشىلەر ئارىسىدا تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز ياردەم سەپەرۋەرلىكى باشلىنىپ كېتىدۇ. پولى بارلار پۇل، يوقلار ئۈزۈك - ھالقىلىرىنى ئوتتۇرىغا تاشلاپ قايتىدۇ. ئەللامە ئىقبالنىڭ ئوخشاش بولمىغان شەھەرلەردە ئۆتكۈزگەن بۇ خىل يىغىنلىرى نەتىجىسىدە جەمئىي بىر يېرىم مىليون فوند ستېرلىن توپلىنىدۇ. بۇ پۇل تۈركىيەگە يېتىپ كەلگەندە چاناققەلئە ئۇرۇشى ئاللاھنىڭ نۇسرىتى ۋە مۇجاھىدلارنىڭ مىسلىسىز پىداكارلىقى بىلەن غەلىبىلىك ئاخىرلىشىپ بولغان بولۇپ، پۇلنىڭ بىر قىسمى بىلەن تۈركىيە «ئىش بانكىسى» (سودا سانائەت بانكىسى) قۇرۇلىدۇ، ئاساسلىق كۆپ قىسمى خەلىپىلىك ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىنكى جۇمھۇرىيەت خەلق پارتىيەسىنىڭ چۆنتىكىگە چۈشۈپ كېتىدۇ.

شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئۇنتۇلماس مۇجاھىد رەھبىرى مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا ھەزرىتىم 1958

- يىلى 25 - ئاپرېلدا پاكىستاننىڭ سىيالكوت شەھرىدە ئۆتكۈزۈلگەن ئىقبالنى خاتىرىلەش يىغىنىغىمۇ ئالاھىدە تەكلىپ بىلەن قاتناشقان ۋە سۆزلىگەن ئوردۇچە نۇتقىدا ئۇستاز ئىقبالنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا بولغان قاراشلىرى، تەۋسىيە ۋە نەسىھەتلىرىنى تىلغا ئالغان ئىدى.

تۆۋەندە مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا ھەزرىتىمىنىڭ سىيالكوتتىكى يىغىندا سۆزلىگەن ئوردۇچە نۇتقىنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنى ئۆز پېتى دىققىتىڭلارغا سۇنىمىز:

****

**سىيالكوت شەھرىدە ئۆتكۈزۈلگەن ئىقبالنى خاتىرىلەش يىغىنىدا سۆزلىگەن نۇتۇقۇم**[1]

ھۆرمەتلىك رەئىس ۋە ئەزىز يىغىن ئىشتىراكچىلىرى! ئەللامە ئىقبالنى خاتىرىلەش يىغىنىغا قاتناشقانلىقىمدىن چەكسىز ئىپتىخارلانماقتىمەن. ماڭا بۇ قىممەتلىك پۇرسەتنى سۇنغان دوستلىرىمغا سەمىمىي رەھمىتىمنى ئېيتىمەن.

مەرھۇم ئەللامە ئىقبالنىڭ ھەممىيلەنگە قوياشتەك روشەن پەزىلەتلىرىنى مېنىڭ بايان قىلىشىمنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق، مەن شۇنى دېمەكچى؛ ئۇستاز ئىقبال ھەم نەزىرىيەسى ھەم ئەمەلىي پائالىيەتلىرى جەھەتتىن ھېچ قاچان ھىندى قىتئەسى مۇسۇلمانلىرىنىڭ مەنپەئەتلىرى دائىرىسىدە چەكلىنىپ قالغىنى يوق. بەلكى بۇ بۈيۈك قىتئە گويا ئۇنىڭ ئوكيانۇسقا ئوخشاش پايانسىز ئىمان تېررىتورىيەسى ئىچىدىكى سان - ساناقسىز ئاراللارنىڭ بىرسىلا ئىدى. چۈنكى ئەللامە ئىقبالنىڭ نەزىرىيەسى، ئىسلام دىنىنىڭ پۈتۈن ئىسلام دۇنياسىدا قايتىدىن ئەڭ سۈزۈك ۋە ئەڭ پارلاق شەكىلدە بەرپا بولۇشى لازىملىقىنى، بۇنىڭ پۈتۈن ئىسلام دۇنياسىنىڭ نىجاتلىقىنىڭ بىردىنبىر چارىسى ئىكەنلىكىنى مەركەز قىلاتتى. ئۇنىڭ ئەمەلىي پائالىيەتلىرى بولسا، پۈتۈن ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئىسلاھ قىلىنىشى ۋە سائادىتىنى نىشان قىلاتتى. شۇڭا قىممەتلىك پىكىرلىرىنى ۋەتەن، مىللەت ۋە دۆلەت ئايرىپ ئولتۇرماستىن، پۈتۈن مۇسۇلمان مىللەتلەرگە سۇنۇشنى ئارزۇ قىلاتتى. دۇنيانىڭ ھەممىلا يېرىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ غەمىنى يەيتتى. پۈتۈن مۇسۇلمان مىللەتلەرنىڭ ئازادلىقى ۋە سائادەتكە ئېرىشىشى ئۈچۈن ئەڭ توغرا پىكىرلەرگە ئىگە ئىدى. بۇ ئېيتقانلىرىمنىڭ دەلىلى ۋە مىسالى سۈپىتىدە شەرقىي تۈركىستاندا 1931 - يىلىدىن 1934 - يىلىغىچە مەيدانغا كەلگەن ئىنقىلابلار ھەققىدە ئەللامە ئىقبالنىڭ ئېلان قىلغان باياناتلىرىدىن بەزىلىرىنى دىققىتىڭلارغا سۇنماقچىمەن:

ئەللامە ئىقبال بىر قېتىم ئېلان قىلغان باياناتىدا مۇنداق دېگەن ئىدى:

«تۈركىستان ئىنتايىن كەڭ بىر زېمىن بولۇپ، ھازىر ئۈچكە بۆلۈنۈپ كەتكەن ئەھۋالدا تۇرماقتا. بىرىنچىسى رۇسىيەنىڭ ئىشغالىيىتى ئاستىدىكى غەربىي تۈركىستان، ئىككىنچىسى ئافغانىستاننىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىدىكى جەنۇبىي تۈركىستان، ئۈچىنچىسى خىتاينىڭ ئىشغالىيىتى ئاستىدىكى شەرقىي تۈركىستان. 1912 - يىلى شەرقىي تۈركىستانغا خىتاي ھۆكۈمرانلارنىڭ تەيىنلىنىشى ۋە خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن پۈتۈن نوپۇسى

(1) مۇھەممەدئەمىن بۇغرا ئارخىپلىرى: 5.11.5.01 نۇمۇر

www.uyghurkitap.com

مۇسۇلمان بولغان بۇ خەلققە خىتاي تىلىنى مەجبۇرلاپ تېڭىشى، ھەتتا بۇنىڭ ئۈچۈن زوراۋانلىق قىلغانلىقى سەۋەبىدىن ئىغىر بىئاراملىقلارنىڭ ئومۇملىششىغا سەۋەب بولغان ئىدى.»

ئەللامە مۇھەممەد ئىقبال يەنە بىر باياناتىدا شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىنقىلابلارنى مۇنداق خۇلاسىلەپ بەرگەن ئىدى:

«بۇنىڭ ئەسلى سەۋەبىنىڭ دىنىي ئەسەبىيەت ئەمەسلىكىگە قايىلمەن. گەرچە بۇ خىل ھەرىكەتلەردە رەھبەرلەر خەلقنىڭ ھەر تۈرلۈك ھېسسىياتىنى ئۇرغۇتۇشقا ئېھتىياجلىق بولسىمۇ، ئەمما ھەقىقىي سەۋەبىنىڭ ئىقتىسادىي ۋەزىيەت ئىكەنلىكى رۇشەندۇر.»

مەرھۇم ئەللامە ئىقبال يەنە، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئازادلىق ئىنقىلابىدا تۇتۇشقا تېگىشلىك يول ۋە ھەرىكەتلەرگە دائىر كۆز قاراشلىرىنى مۇنداق ئىپادىلەپ بەرگەن ئىدى:

«بۈگۈنكى دۇنيادا ھەممە نەرسە قويۇق مىللەتچىلىك (ئىرقچىلىق) ئەتراپىدا ئايلانماقتا. مەن بۇ خىل نەزەرىيەلەرنى دەۋرىمىز مەدەنىيىتىنىڭ يۈزىگە چۈشكەن يىرگىنىشلىك داغ دەپ قارايمەن. مېنىڭ ئەندىشە قىلىدىغىنىم، ئاسىيانىڭ قانداقلا يېرىدە تار مىللەتچىلىك مەيدانغا چىقىپ قالىدىكەن، بۇ ئىنتايىن خەتەرلىك نەتىجىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. نۆۋەتتىكى ئىسلام دۇنياسىنىڭ دىنىنى ھىمايە قىلغان ئاساستا ئەڭ ئالدىنقى قاتاردىكى مۇھىم ۋەزىپىسى مۇشۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. ئەگەر ئاسىيا دۆلەتلىرىنى نۆۋەتتىكى ناچار ۋەزىيەتتىن قۇتقۇزۇشنى خالايدىغان بولساق، بۇنىڭ پەقەت بىرلا يولى بار. ئۇ بولسىمۇ ئىسلام نەزەرىيەسىنى قوبۇل قىلىش، مىللىي ۋە ئىرقىي ئۈستۈنلۈك قاراشلىرىنى چۆرۈپ تاشلاپ، ئىنسانىيەتنىڭ ئومۇمىي مەنپەئىتىنى كۆز ئالدىمىزدا تۇتىشىمىز لازىم. مەن شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئازادلىق ئىنقىلابىنىڭ بۈيۈك تۇرانچىلىق ھەرىكىتىگە ئايلاندۇرۇلماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمەن.»

ئەللامە ئىقبال بۇلارنى تەكىتلەپ بولغاندىن كېيىن شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئازادلىق ئىنقىلابى ئەگەر تۇرانچىلىققا ئايلىنىپ قالغان تەقدىردە ئافغانىستانغىمۇ يامان تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى، بۇ سەۋەبتىن ئافغانىستاندا مەيدانغا كېلىش ئېھتىمالى بولغان ئېغىر مەسىلىلەردىن ئەندىشە قىلىدىغانلىقىنى بايان قىلغان ئىدى.

ھۆرمەتلىك ئەپەندىلەر! بۇ يەردە شۇنىمۇ قىستۇرۇپ ئۆتەيكى، مەرھۇم ئەللامە ئىقبالنىڭ بۇ تەدبىرلىك قاراشلىرى، بىزنىڭ ئازادلىق ئىنقىلابىمىزنىڭ پىكىر ئاساسلىرىنىڭ بىرىنى تەشكىل قىلاتتى. بىزنىڭ ئىنقىلابنى باشلىغان چاغدىكى پىرىنسىپال قارارلىرىمىز مۇنداق ئىدى:

1 ـ تار مىللەتچىلىك (ئىرقۋازلىق)تىن ئۈزاق تۇرۇش.

2 ـ دۆلىتىمىزنى ئىسلام جۇمھۇرىيىتى قىلىپ قۇرۇپ چىقىش.

3 ـ بارلىق ئىسلام ئەللىرى بىلەن سەمىمىي دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئورنىتىش.

شۇڭا بىز ئىنقىلابىمىز باشلىنىپ 2 ـ يىلىغا قەدەم قويغاندا ئافغانىستانغا ھەيئەت ئەۋەتىپ بارلىق گۇمان ۋە خاتا قاراشلارنى يوقىتىش، قېرىنداشلىق، قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋەتلىرىمىزنى كۈچلەندۈرۈش

ئارزۇيىمىزنى بىلدۈردۇق ھەمدە بىر تۈركۈم يېنىك قورال تەلەپ قىلدۇق. بۇنىڭدىن ئىنتايىن ياخشى نەتىجە ئالغان ئىدۇق.

ئەللامە مۇھەممەد ئىقبال باياناتىنىڭ ئاخىرىدا يەنە، شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابىنىڭ غەلىبە قىلىشىنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقى ۋە غەلىبە قىلغان تەقدىردە ئىسلام دۇنياسىغا قانداق پايدىسى بولىدىغانلىقى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دېگەن ئىدى:

«بۇ ھەرىكەت غەلىبىگە ئېرىشسە مۇنداق پايدىسى بولىدۇ. نوپۇسىنىڭ تەخمىنەن 99% ى مۇسۇلمان بولغان شەرقىي تۈركىستاندا باياشات ۋە كۈچلۈك بىر ئىسلام دۆلىتى قۇرۇلغان بولىدۇ. شۇنداق بولغاندا شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇسۇلمانلار ئۆزۈن يىللاردىن بۇيان باشتىن كەچۈرۈۋاتقان ئىشغالىيەتچى خىتاينىڭ زۇلۇم - ئىستىبداتلىقىدىن قۇتۇلغان بولىدۇ. شەرقىي تۈركىستان تەبىئىي بايلىقلىرى ئىنتايىن مول بىر دۆلەت. لېكىن خىتاينىڭ زۇلۇم ۋە ئىستىبداتلىرى، قانۇنسىزلىقى ۋە زوراۋانلىقى يۈزىسىدىن تېرىشقا بولىدىغان زېمىنىنىڭ ئاران 51% ى ئىشلىتىلمەكتە. ھىندىستان، خىتاي ۋە رۇسىيە ئوتتۇرىسىدا بىر ئىسلام دۆلىتىنىڭ قۇرۇلىشى بىلەن خىتاي فاشىزىمى، بولشىۋىزم، ئاتېئىزىم ۋە دىنسىزلىقنىڭ خەۋپلىرى گەرچە ئوتتۇرا ئاسىيادىن پۈتۈنلەي تازىلىنىپ كېتەلمىگەن تەقدىردىمۇ ھىندىستان مۇسۇلمانلىرىنىڭ چېگراسىدىن تېخىمۇ ئۇزاقلاشقان بولىدىغانلىقى بىر روشەن ھەقىقەت.»

ھۆرمەتلىك ئەپەندىلەر! ئەللامە ئىقبالنىڭ بۇ ئارزۇ - ئارمانلىرى سۆزگە چېلاشقىنى يوق. ھازىرمۇ ئۆز پېتى داۋاملاشماقتا. شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرى بۇنىڭدىن 27 يىل ئىلگىرى باشلىغان ئازادلىق كۈرەشلىرىنى ھازىرغىچە داۋاملاشتۇرماقتا. ئەللامە ئىقبال خۇش خەۋەر بەرگەن باياشاتلىق ۋە كۈچلۈك بىر ئىسلام دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئىمانىي قۇۋۋىتىنى قوغداپ كەلمەكتە. مانا ھازىر شەرقىي تۈركىستان خەلقى كوممۇنىست خىتاينىڭ ئىشغالىيىتى، سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە دىنىي زۇلۇملىرىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن پۈتۈن ئىمكانىيەتلىرى بىلەن كۈرەش قىلماقتا. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە، غەربىي تۈركىستان، ئىدىل - ئۇرال، قىرىم ۋە كاۋكاز مۇسۇلمانلىرىمۇ بولشىۋىك رۇسىيەنىڭ ئىستىلاسىغا قارشى كۈرەشلىرىنى داۋاملاشتۇرماقتا.

ئەللامە مۇھەممەد ئىقبال بىر قېتىم «چىڭگىزخان، تېمۇر ۋە بابۇرلارنى يېتىشتۈرۈپ چىققان بۇ دىيارلار ھازىرمۇ ئالىي دەرىجىلىك قەھرىمان قوماندانلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقالايدۇ» دېگەن ئىدى.

توغرا ئۇنىڭ دېگىنىگە ئوخشاش تۈركىستان تۈركلىرى ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن پۈتۈن دۇنيانى ھەيران قالدۇرىدىغان قەھرىمانلىق داستانلىرىنى يازغۇسى ۋە پات يېقىندا مۇقەددەس بايرىقىنى شەھىدلىرىنىڭ قەبرىستانلىقلىرى ئۈستىگە تىككۈسى. ئاللاھ مەرھۇم ئەللامە ئىقبالغا رەھمەت ۋە پۈتۈن ئىسلام دۇنياسىغا نۇسرەت ئاتا قىلسۇن! ۋەسسالام.

1958 - يىلى 25 - ئاپرىل

مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا

* * * *

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## مۇھەممەد ئىقبالدىن كېيىنكى پاكىستان رەھبەرلىرى ۋە شەرقىي تۈركىستان

شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئاتاقلىق مۇجاھىد رەھبىرى مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا ھەزرىتىمنىڭ ئەللامە ئىقبال ۋە شەرقىي تۈركىستانغا بولغان كۆز قاراشلىرى ھەققىدىكى بۇ نۇتقىدىن كۆرگىنىمىزگە ئوخشاش ئىسلام مىللىتىنىڭ بەرپا قىلىنىشى، پۈتۈن ئۇممەتنىڭ بىرلىكى ۋە قايتىدىن تىرىلىشى ئۈچۈن ئىقبالنىڭ قەلبىدە يانغان ئۇ ئۇلۇغۋار يالقۇن يالغۇز ئىقبال بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىغان ئىدى. بۇ كۈرەش يولىدىكى ئۇنىڭ سەپداشلىرى ۋە كېيىنكى پاكىستان رەھبەرلىرىمۇ ئۆز سەۋىيەسى ۋە ئىمكانلىرى دائىرىسىدە ئىقبالنىڭ قاراشلىرىغا ۋارىسلىق قىلغان، جۇملىدىن ئۇممەتنىڭ ئايرىلماس بىر پارچىسى ھېسابلىنىدىغان زۇلۇم ئاستىدىكى شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىغا يېقىندىن كۆڭۈل بۆلگەن ئىدى.

## ئىيسا يۇسۇپ ئالىپتېكىننىڭ مۇھەممەد ئەلى جىنناھ بىلەن ئۇچرىشىشى

مەسىلەن: شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئاتاقلىق رەھبەرلىرىدىن مەرھۇم ئىيسا يۇسۇپ ئالىپتېكىن[1] مۇ 1938 - يىلى ئۆكتەبىردە بومبايغا كېلىپ - كەلمەيلا مۇھەممەد ئەلى جىنناھ تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان ئىدى. مۇھەممەد ئەلى جىنناھ ئىيسا يۇسۇپ ئالىپتېكىننىڭ شەرقىي تۈركىستاندىن (يەنى ئەينى چاغدىكى ھىندىستاندا ھەممىگە مەشھۇر ئىسمى بىلەن ‹چىن تۈركىستانى›دىن) كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ ئىنتايىن سۆيۈنگەن ۋە يېنىدىكى خىتاي ھەيئىتىنى كۆرسىتىپ: «ھە، ئەمدى چۈشەندىم، سىزنىڭ بۇلارغا نېمە ئۈچۈن ئوخشىمايدىغانلىقىڭىزنى» دېگەن ھەمدە شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالىنى سورىغان، «مۇسۇلماننىڭ مۇسۇلماندىن باشقا دوستى يوق»لۇقىنى تەكىتلىگەن ئىدى. ئىيسا يۇسۇپ ئالىپتېكىندىن قانداق ياردەمدە بولالايدىغانلىقىنى سورىغاندا، ھىندىستان مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى دىنىي زاتلىرى بىلەن تونۇشۇش ئارزۇسى بارلىقىنى ئېيتقان. مۇھەممەد ئەلى جىنناھ: «بۇ جەھەتتە مەن سىزگە ياردەمچى بولالايمەن، دىنىي زاتلارغا سىزنى تونۇشتۇرۇپ خەت يازاي» دېگەن. ئاندىن باش كاتىپىنى چاقىرىپ، ئالدىنقى قاتاردىكى دىنىي رەھبەرلەردىن بىر قانچىسىگە ئىيسا يۇسۇپ ئالىپتېكىن ئەپەندىنى تونۇشتۇرۇپ مەكتۇپ يېزىشقا بۇيرىغان. ھەتتا لەكنۇدا ئۆتكۈزۈلىشى پىلانلانغان ئەينى چاغدىكى مۇسۇلمان بىرلەشمىسى پارتىيەسىنىڭ چوڭ قۇرۇلتىيىغا ئىيسا يۇسۇپ ئالىپتېكىن ئەپەندىنى مەخسۇس دەۋەت قىلغان[2].

1938 - يىلى ئۆكتەبىر ئېيىدا ئۆتكۈزۈلگەن بۇ ئۇچرىشىشتا يەنە مۇھەممەد ئەلى جىنناھ خىتاي - ياپونىيە ئۇرۇشىنىڭ ئاقىۋىتى ھەققىدە ئاجايىپ ئالدىن كۆرەرلىكىنى نامايان قىلغان. ئۇ: «خىتاي مىللىيەتچى (گومىنداڭ) ھۆكۈمىتى ياپونىيە بىلەن ئۇرۇش قىلماستىن مەسىلىنى ئۈستەل ئۈستىدە

(1) تۈركىيەدە ھەممىگە تونۇلغان شەرقىي تۈركىستان رەھبەرلىرىدىن مەرھۇم ئىيسا يۇسۇپ ئالىپتېكىن ئەپەندى 1901 - يىلى شەرقىي تۈركىستاننىڭ كاشغەر ۋىلايىتىگە قاراشلىق يېڭىسار ناھىيەسىدە تۇغۇلغان. 1995 - يىلى 17 - دېكابىردا ئىستانبۇلدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

(2) ئىيسا يۇسۇپ ئالىپتېكىننىڭ كۈرەش خاتىرىلىرى؛ بىرىنچى توم 344 - بەت

ھەل قىلىشى لازىم. ئەگەر ئۇرۇش قىلسا، ختاي مىللىيەتچى (گومىنداڭ) ھۆكۈمىتى مەغلۇپ بولىدۇ ۋە ئاقىۋەتتە ختاي كوممۇنىستلىرى دۆلەتكە ھۆكۈمران بولىدۇ. ئەڭ خەتەرلىك تەرىپى مانا بۇ» دېگەن ئىدى.[1] مانا بۇ نۇقتىدىن قارايدىغان بولساق، شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىدە گويا ختاي كوممۇنىستلىرىنىڭ يالاقچىسىغا ئايلانغان ھازىرقى پاكىستان ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ قۇرغۇچى داھىلىرىنىڭ قىممەت قاراشلىرى بىلەن قانچىلىك دەرىجىدە زىتلىق ئىچىدە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

(1) ئىيسا يۈسۈپ ئالىپتېكىننىڭ كۆرەش خاتىرىلىرى؛ بىرىنچى توم 345 - بەت

## مۇھەممەد ئەلى جىنناھتىن كېيىنكى پاكىستان رەھبەرلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا تۇتقان پوزىتسىيەسى

مۇھەممەد ئەلى جىنناھتىن كېيىنكى پاكىستان رەھبەرلىرىمۇ ختاي ئىشغالىيىتى ئاستىدىكى شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە مۇئەييەن دەرىجىدە كۆڭۈل بۆلگەن ئىدى.

شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئاتاقلىق رەھبىرى مەرھۇم ئىيسا يۈسۈپ ئالىپتېكىننىڭ ئۆز قولى بىلەن تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈپ چىققان ئوغلى ۋە بىلىم سەۋىيەسى بىلەن مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى رەھبەرلىرىدىن بىرسىگە ئايلانغان ئەركىن ئالىپتېكىن ئەپەندى دادىسىنىڭ ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە پاكىستان باش مىنىستىرى مۇھەممەد ئەلى بۇغرا ۋە پاكىستان پىرېزىدېنتى گېنېرال ئەييۇب خان تەرىپىدىنمۇ قوبۇل قىلىنغانلىقىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

«مەرھۇم دادام پاكىستان باش مىنىستىرى مۇھەممەد ئەلى بۇغرا بىلەن 1955 - يىلى پايتەخت كاراچىدا ۋە پاكىستان پىرېزىدېنتى ئەييۇب خان بىلەن 1966 - يىلى راۋالپىندىدا كۆرۈشكەن ئىدى. دادام پاكىستان پىرېزىدېنتى ۋە باش مىنىستىرى بىلەن ئۆتكۈزگەن ھەر ئىككى قېتىملىق ئۇچرىشىشىدا پاكىستان قۇرۇلغاندىن بۇيان بۇ يەرگە كەلگەن ئۇيغۇر مۇھاجىرلارغا ۋە يەرلەشكەن كۆچمەنلەرگە پاكىستان ھۆكۈمىتىنىڭ يارىتىپ بەرگەن قولايلىقلىرى ئۈچۈن رەھمەت ئېيتقان ئىدى. سىلەرگىمۇ مەلۇمكى، 1930 - يىلى شەرقىي تۈركىستاندا يۈز بەرگەن قوزغىلاڭدىن كېيىن 1937 - يىلى پاكىستاننىڭ پىشاۋۇر شەھىرىگە كېلىپ ئورۇنلاشقان قازاق قېرىنداشلىرىمىز بار ئىدى. ئۇلار دادامغا 1952 - يىلى 1 - ئىيۇلدىن باشلاپ توختىماي مەكتۇپ يېزىپ، پاكىستاندا تۇرۇشلۇق ختاي باش ئەلچىسىنىڭ ئۇيغۇر ۋە قازاق مۇھاجىر قېرىنداشلىرىمىزنى ۋەتەنگە قايتىپ كېتىشى ئۈچۈن بېسىم ئىشلىتىۋاتقانلىقىنى، شۇڭا بالدۇرراق تۈركىيەگە كېتىش قارارىغا كەلگەنلىكلىرىنى ھەمدە بۇ جەھەتتە ياردەم قىلىشىنى تەلەپ قىلماقتا ئىدى. ئاخىرى مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا ئەپەندىم بىلەن دادامنىڭ قاتتىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە، پاكىستاندىكى ئۇيغۇر ۋە قازاق قېرىنداشلىرىمىزمۇ تۈركىيەگە كېلىپ ئورۇنلاشتى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە شەرقىي تۈركىستاندىكى ختاينىڭ زۇلۇم - ستەملىرىنى ئەتراپلىق چۈشەندۈرۈپ، پاكىستان ھۆكۈمىتىدىن ختاي بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بولغان دوستلۇق مۇناسىۋەتلىرىنى ئىشقا سېلىپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنى شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇسۇلمانلارغا ئىنسانپەرۋەرلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا چاقىرىق قىلىشى كېرەكلىكىنى تەلەپ قىلغان ئىدى. پاكىستاننىڭ ھەر ئىككى رەھبىرى دادامغا بۇ مەسىلىگە يېقىندىن كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقلىرىنى ئېيتقان ئىدى. ھىندىستاندىن قورقۇپ خىتايغا يېپىشقان پاكىستاننىڭ دادامغا باشقىچە پەۋقۇلئاددە جاۋاپ بېرىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى - ئەلۋەتتە.»

ئەركىن ئالپتېكىن ئەپەندى ئېيتقاندەك پاكىستان پرېزىدېنتى گېنېرال ئەييۇبخان ھۆكۈمىتىنىڭ پاكىستاندىكى شەرقىي تۈركىستانلىق مۇھاجىرلارغا يارىتىپ بەرگەن ئاسانلىقلىرى تاكى 1963 - يىلى خىتاي بىلەن چېگرا سىزىقى بەلگىلەش كېلىشىمى تۈزگەنگە قەدەر ئىنتايىن ياخشى داۋاملاشتى. پىشاۋۇر شەھىرىدە «ئەنجۇمەنى شەرقىي تۈركىستان قازاق مۇھاجىرلار جەمئىيىتى» قۇرۇلغانغا ئوخشاش كاراچى ۋە راۋالپىندى شەھەرلىرىدىمۇ ھەر خىل جەمئىيەتلەر قۇرۇلدى. خىتاي زۇلمىدىن قېچىپ ئافغانىستان ۋە كەشمىر ئارقىلىق پاكىستانغا كەلگەن شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ باشقا دۆلەتلەرگە كېتىشىگە قولايلىق يارىتىپ بېرىلدى. ھەتتا پاكىستان دۆلەت رادىئوسىنىڭ تۈركىستان بۆلۈمىدە 1962 - يىلى ئاتاقلىق تارىخشۇناس ۋە يازغۇچى مۇھەممەد رۇھى ئۇيغۇرنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن ئۇيغۇرچە ئاڭلىتىشلار باشلىنىپ، ئارىدىن 6 ئاي ئۆتكەندىن كېيىن خىتاي بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بېسىمى تۈپەيلى ئۇيغۇرچە ئاڭلىتىش توختىتىلغان بولسىمۇ، بىراق ھازىرغىچە ئۆزبېكچە ئاڭلىتىش داۋاملاشماقتا.

## ھىندى قىتئەسى ۋە شەرقىي تۈركىستان ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا كۆچۈشلەر

ھىندى قىتئەسى بىلەن شەرقىي تۈركىستان ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا كۆچۈشلەرگە نەزەر سالىدىغان بولساق، ئىككى رايون خەلقى ئوتتۇرىسىدىكى مىڭلىغان يىللىق ئىسلامىي قېرىنداشلىق ۋە چوڭقۇر ئورۇق - تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەتلىرىنى كۆرۈۋالالايمىز. يىپەك يولىنىڭ گۈللىنىشىگە ئەگىشىپ داۋاملاشقان بۇ كۆچۈشلەر سەئىدىيە خاندانلىقى دەۋرىدە ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىققان ئىدى. ياركەنت خاندانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى سەئىدخان نەسەب جەھەتتىن چاغاتاي خانىنىڭ 12 - ئەۋلاد نەۋرىسى ۋە ئۆز نۆۋىتىدە يەنە، تېمۇر لەڭنىڭ 5 ئەۋلاد نەۋرىسى شۇنداقلا ھىندىستاندا بۈيۈك ئىمپېرىيە قۇرغان بابۇر خاننىڭ ئانا تەرەپ تاغىسى ئەھمەت ئالچا خاننىڭ ئوغلى ئىدى[1]. يەنى بابۇر خاننىڭ بىر نەۋرە ئىنىسى ھېسابلىنىدىغان سەئىدخان ئۆزۈن مەزگىلگىچە بابۇرخان بىلەن ئۆزئارا ھەمكارلاشقان ۋە بابۇرخان ھىندىستاندا ئالەمشۇمۇل ئىمپىراتورلۇقنى قۇرغان بولسا، سەئىدخانمۇ كاشغەر ياركەنت، خوتەن ۋە ھەتتا كەشمىرنىڭ ئاساسلىق كۆپ قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا 1514 - يىلى ياركەنت خاندانلىقىنى قۇرغان ئىدى. ياركەنت سەئىدىيە خاندانلىقى دەۋرىدە (مىلادى 1514- 1680) لاداخ، بالتى، كەشمىر، بەدەخشان قاتارلىق جايلار

(1) https://tr.wikipedia.org/wiki/Yarkand_Hanl%C4%B1%C4%9F%C4%B1

خېلى مەزگىلگىچە ياركەنت سەئىدىيە خاندانلىقىغا قارىغان ئىدى[1].

بۇ ئىككى خاندانلىق ئوتتۇرىسىدىكى قېرىنداشلىق ۋە ھەمكارلىق سايىسىدا ھەر قايسى جەھەتتىكى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش كۈچەيگەن، ئۆزئارا تىجارەت ۋە كۆچۈشلەر يۇقىرى پەللىگە چىققان ئىدى.

مىلادى 17 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا ياركەنت خاندانلىقىغا ساياھەتكە بارغان پورتو-گالىيەلىك بېنىدىك گوس ياركەنت ۋە كاشغەر شەھەرلىرىدە كابۇل، كەشمىر ۋە ھىندىستاندىن كەلگەن سودىگەرلەرنىڭ توپ ـ توپ بولۇپ سودا قىلىدىغانلىقىنى كۆرگەن[2].

19 ـ ئەسىردە ياشاپ ئۆتكەن تارىخشۇناس موللا مۇسا سايرامىيمۇ «تارىخى ھەمىدىيە» ناملىق ئەسىرىدە، ئەينى چاغدىكى ياركەنت توغرۇلۇق مۇنداق دەپ يازغان:

«ياركەنت خەلقى بىچارە سۈپەت، كەمتەر ۋە ئۆز ئىشلىرىغا پۇختا، ئىشان ـھەزرەتلەر، سۈپى ـ خەلپەتلەر راۋاج تاپقان كەشمىر، ھىندى ئافغان، بەدەخشان قاتارلىق مۇساپىر تائىپىلەرمۇ كۆپ ئولتۇراقلاشقان شەھەردۇر.»

ئەنگلىيەلىك ئارخېئولوگ ئاۋرىل ستەيىن 1900 ـ يىلىدىن 1901 ـ يىللىرىغىچە شەرقىي تۈركىستاندا كەڭ كۆلەمدە ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشلەرنى ئېلىپ بارغان. بۇ جەرياندا يەرلىك خەلقنىڭ تۈرلۈك ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ھەققىدىمۇ قىممەتلىك ئۇچۇرلارنى توپلىغان. ئۇ ياركەنت توغرۇلۇق مۇنداق دەپ يازغان:

«ئىشەنىسىڭىز ياركەنت ئارىلىشىپ ئولتۇراق-لاشقان ئاھالىلەر كۆپ بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە بىر جاي ئىكەن. بۇ يەردىكى مۇھاجىرلار ۋاخان، سىغنان، بەدەخشان، شۇنداقلا باشقا غەربتىكى ئىران تىلىدا سۆزلىشىدىغان رايونلاردىن كەلگەنلەر بولۇپ، كەشمىر ۋە لاداختىن كەلگەنلەر ئەڭ كۆپ، ھەتتا ناھايىتى كىچىك بولغان بالتىستاندىنمۇ بۇ جايغا كەلگەن بىر قىسىم كۆچمەنلەر بار ئىدى.... ھەرخىل ئۆمەكلەرنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلىش جەريانىدا ئۆزەمنى يەنە بىر قېتىم ھىندىستانغا ھەم ئۇنىڭ چېگرالىرىدىكى جايلارغا بېرىپ قالغاندەك ھېس قىلدىم. شىمالىي ھىندىستان يېزىلىرىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى جايلارغا تامامەن ئوخشاپ كېتىدىغان بۇ جايدا، ھەر كۈنى دېگۈدەك كەشمىر تىلى، پەنجاپ تىلى ۋە پوشتۇ تىلىدا سۆزلىشىش ۋە بۇ خىل تىللارنى ھەر كۈنى دېگۈدەك ئاڭلاپ تۇرۇش مېنى خۇددى ھىندىستان تۇپرىقىدا تۇرغاندەك تۇيغۇغا كەلتۈردى. ئەينى چاغدا ياۋروپا يوسۇنلىرى ئاسىيانىڭ چېتىدىكى بۇ كىچىك زېمىنغا تېخى تەسىر كۆرسەتمىگەن ئىدى. بۇ يەردە ۋاقىت خۇددى ئارقىغا كېتىۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرەتتى. مۇھاجىرلار ئولتۇراقلاشقان رايونلاردىكى ئوخشاشمىغان كۆچمەنلەر ئەلۋەتتە تۈركىي تىلىنى ئاساس قىلىپ سۆزلىشەتتى. بولۇپمۇ بۇ كىشىلەر دائىم ئۆز يۇرتلىرىدىن خوتۇنلىرىنى ئېلىپ كېلەلمەي يەرلىك ئاياللار بىلەن تۇرمۇش قۇراتتى. نەتىجىدە ئىككىنچى ئەۋلاد، ئۈچىنچى ئەۋلادلارغا بارغاندا ئاتا تەرەپنىڭ تىلى ئاللىقاچان يوقىلىپ كېتەتتى. بىراق تەن قۇرۇلۇشى جەھەتتىكى ئالاھىدىلىك ئۇنداق ئاسان

(1) ۋېي لياڭتاۋ: «يەكەن خانلىقىنىڭ تارىخىدىن ئومۇمىي بايان» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1999 ـ يىلى 1 ـ ئاي، 134 ـ بەت

(2) ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنسا سىدىق: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى» مىللەتلەر نەشرىياتى 1991 ـ يىلى بىرىنچى نەشرى (1022- بەت

يوقىلىپ كەتمەيتتى. كۆزەتكۈچىلەر بازاردا ئايلىنىپ يۈرگەندە، ياركەنتلىكلەرنىڭ نۇرغۇن چەت ئەللىكلەر بىلەن، بولۇپمۇ ئىران قان تىپىدىكىلەر بىلەن كۆپرەك ئارىلىشىپ كەتكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ[1].»

(1) مارك ئاۋرېل ستەيىن (ئەنگىلىيە): «قۇمغا كۆمۈلگەن خوتەن خارابىلىرى» تەرجىمە قىلغۇچىلار: ماخمۇت ئابدۇۋەلى، ئەلى غوپۇر، مەردان سەيپۇللا، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001 - يىلى 1 - ئاي 1 -نەشرى 159 - بەت

# شەرقىي تۈركىستاندىن پاكىستان ۋە ھىندىستانغا كۆچكەنلەر

بۇنىڭدىن باشقا يەنە شەرقىي تۈركىستاندىن پاكىستانغا كۆچۈپ چىققان چوڭلىرىمىزدىن بىرسىنىڭ گىلگىت شەھىرىدىن تېلېفون بىلەن ماڭا ئېيتىپ بەرگەن مەلۇماتلىرىغا كۆرە، 1878 - يىلى يۈز بەرگەن خىتاي ئىشغالىيىتىنىڭ ئالدى كەينىدە نۇرغۇن ساندا كەشمىرلىكلەر، پۇشتۇنلار، ئافغان ۋە بالتىستانلىق مۇسۇلمانلار سودا - تىجارەت ۋە ھەتتا ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاي كاپىرلىرىغا قارشى ئازادلىق كۈرەشلىرىگە ياردەم بېرىش دېگەندەك ئوخشاش بولمىغان مەقسەتلەر بىلەن شەرقىي تۈركىستانغا بېرىپ يەرلىشىپ قالغان. ئۇلار ئۇيغۇرلار بىلەن ئۆي - ئوچاقلىق بولۇپ، قېرىنداشلىق رىشتىسىنى تېخىمۇ كۈچلەندۈرگەن. 1933 - يىلىدا قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى قايتىدىن خىتاي ئىشغالىيىتى ئاستىغا چۈشۈپ قالغاندىن كېيىن مۇستەقىللىق كۈرىشىگە قاتناشقان يەرلىك ئۇيغۇرلار بىلەن بىرلىكتە سىرتتىن كەلگەن مۇھاجىرلارنىمۇ جىددىي تەكشۈرۈش ۋە قاماققا ئېلىش باشلىنىپ كەتكەن.

خىتاي زۇلمىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئافغانىستان ۋە ھىندىستانغا كۆچۈش دولقۇنى تۇنجى بولۇپ دەل مۇشۇ مەزگىلدە يۇقىرى پەللىگە چىققان. تېگى كەشمىرلىك، پۇشتۇن، ئافغانىستانلىق ياكى بالتىستانلىق مۇسۇلمانلاردىن كۆچۈشنى خالىمايدىغان كىشىلەر كاشغەردىكى ئەنگىلىيە كونسۇلىغا ئىلتىماس سۇنۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ھىندىستان (پاكىستان) ۋە ئافغانىستاندىن كەلگەن كۆچمەنلەر ئىكەنلىكلىرىگە دائىر رەسمىي ھۆججەت ئېلىش بىلەن بىرلىكتە، ئەينى چاغدىكى ئەنگلىيە كونسۇلىنىڭ ئىشغالىيەتچى خىتاي ھۆكۈمىتى ۋالىيسى بىلەن ئېلىپ بارغان سۆھبەتلىرى سايىسىدا، قولغا ئېلىنىشتىن ساقلىنىپ قالغان ۋە بىر قىسمى بەزى يەرلىك ئۇيغۇرلار بىلەن بىرلىكتە كۆچۈشكە ئاتلانغان. 1944 - يىلى قايتىدىن مۇستەقىللىققا ئېرىشكەن شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ئارىدىن 5 يىل ئۆتكەندە 1949 - يىلى قايتىدىن كوممۇنىست خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئىشغالىيىتىگە ئۇچرىغاندىن كېيىن 1951 - يىلى باشلانغان يەر ئىسلاھاتى باھانىسى بىلەن بارلىق دېھقانلارنىڭ تېرىلغۇ يەرلىرى مۇسادىرە قىلىنىشقا باشلانغاندا شەرقىي تۈركىستان ھايات كەچۈرۈش مۇمكىن بولمايدىغان جەھەننەمگە ئايلىنىشقا باشلىغان. شۇنىڭ بىلەن قولىدا چەت ئەللىك مۇھاجىر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان ھۆججەتلىرى بولغان كىشىلەر خىتاي ھۆكۈمىتىگە ئۆز دۆلەتلىرىگە قايتىپ كېتىش تەلىپىنى سۇنغان. بۇ تەلەپ بېيجىڭدىكى خىتاي مەركىزىي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن تەستىقلانغاندىن كېيىن 1957 - ۋە 1962 - يىللىرى ئارىسىدا چوڭ كارۋان شەكلىدە پاكىستانغا كۆچۈش باشلانغان. پاكىستان ھۆكۈمىتىمۇ بۇ

كۆچمەنلەر مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن دەرھال گىلگىتكە تەكشۈرۈش ھەيئىتى ئەۋەتكەن. پاكىستان تەكشۈرۈش ھەيئىتى گىلگىتتا شەرقىي تۈركىستاندىن كەلگەن كۆچمەنلەرنىڭ كىملىك ھۆججەتلىرىنى تەكشۈرۈشلىرىنى بىر قانچە ھەپتە داۋاملاشتۇرغاندىن كېيىن، تېگى پاكىستانلىق ئىكەنلىكى ئېنىقلانغان 200 گە يېقىن كۆچمەنگە گىلگىتنىڭ 30 كىلومېتىر ئۇزاقلىقتىكى جەنۇبىي شەرقىگە جايلاشقان «پەرى» دېگەن يېزىسىدا ھەر بىر كىشىگە 50 گېكتاردىن زېمىن ئاجرىتىپ بېرىپ ئورۇنلاشتۇرغان. قالغان كۆچمەنلەرنى بولسا، پاكىستاننىڭ باشقا شەھەرلىرىگە كېتىپ، ئۆز مەسىلىسىگە ئۆزىنىڭ چارە تېپىشىغا يول قويغان ئىدى. «پەرى» دېگەن يېزا شۇنىڭدىن كېيىن تا ھازىرغىچە «كاشغەر پەرى» ياكى «كاشغەر كالونى» دېگەن نام بىلەن ئاتىلىپ كەلمەكتە.

## پاكىستان ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستانلىقلارنى قوربان قىلىشقا يۈزلىنىشى

پاكىستان ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستانلىقلارنى قوربان قىلىشقا يۈزلىنىشى تۆنجى بولۇپ، گېنېرال ئەييۇبخاننىڭ دەۋرىدە باشلانغان ئىدى. بىر تەرەپتىن جاممۇ- كەشمىر مەسىلىسىدە ھىندىستان بىلەن بارغانچە ئەۋجىگە چىققۇاتقان چۈشەنمەسلىك، يەنە بىر تەرەپتىن 1962 - يىلىدا يۈز بەرگەن خىتاي - ھىندىستان ئوتتۇرىسىدىكى يېرىكچىلىكلەر جەريانىدا، ئامېرىكىنىڭ ھىندىستاننى قايتىدىن قوراللاندۇرۇشقا باشلىشى، گېنېرال ئەييۇبخاننى خىتايغا يۈزلىنىشكە مەجبۇرلىغان ۋە خىتاي بىلەن ئورنىتىلغان يېقىن مۇناسىۋەتلەر سايىسىدا، پاكىستان خىتايدىن كۆرۈنەرلىك مىقداردا قورال ياردىمى ئالغان ئىدى. خىتاي بىلەن چېگرا سىزىقى بەلگىلەش مۇزاكىرىلىرى 1962 - يىلى 13 - ئۆكتەبىردە باشلىنىپ، 1963 - يىلى 2 - مارتتا ئاخىرلاشتى. خىتاي - پاكىستان جېگرا سىزىقى كېلىشىمى ئەينى چاغدىكى خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرى چەن يى ۋە پاكىستان تاشقى ئىشلار مىنىستىرى زۇلفىقار ئەلى بۇتتو تەرىپىدىن رەسمىي ئىمزالاندى[1]. بۇ كېلىشىمگە بىنائەن پاكىستان ئۆز ھاكىمىيىتى ئاستىدىكى كەشمىرنىڭ بىر قىسمى بولغان «shaksgam valley» «شاكسگام ۋادىسى»نى ھىندىستان بىلەن پاكىستان ئوتتۇرىسىدىكى كەشمىر مەسىلىسى ھەل بولغانغا قەدەر خىتاينىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىدا تۇرۇش شەرتى بىلەن خىتايغا ئۆتكۈزۈپ بەردى[2].

«شاكسگام ۋادىسى»نىڭ كونتروللۇقىنى قولغا كەلتۈرگەن خىتاي ھۆكۈمىتى ئىشغالىيىتى ئاستىدىكى تىبەت ۋە شەرقىي تۈركىستان رايونلىرىنى قۇرۇغلۇقتىن بىر - بىرىگە تۇتاشتۇرۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولۇپ، بۇ ئىككى دۆلەت ئۇستىدىكى ئىشغالىيىتىنى تېخىمۇ مۇستەھكەم ھالغا كەلتۈردى. كەشمىرگە تەۋە بۇ رايوننى كەشمىر خەلقىنىڭ رايىغا سۇنماستىنلا پاكىستاننىڭ ئۆز ئالدىغا چىقارغان قارارى بىلەن خىتايغا تاپشۇرۇپ بېرىشى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان ۋە تىبەتتىكى ئىشغالىيىتىنى

(1) http://archive.law.fsu.edu/library/collection/LimitsinSeas/IBS085.pdf
(2) Ahmad Faruqui, “Failure in Command Lessons from Pakistan’s India Wars”, Defense Analysis, 2001.

www.uyghurkitap.com

كۆچەيتىشكە قوشقان چوڭ تۆھپە ۋە ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىغا نىسبەتەن دىنىي قېرىندىشى تەرىپىدىن ئۇرۇلغان ئەڭ شىددەتلىك زەربە بولۇپ قالدى. خىتاي بۇ رايوننى ئالقىنىغا كىرگۈزگەندىن كېيىن ھىندىستانغا ئۇرۇش ئېچىپ، تالاش - تارتىشلىق ئاقسايچىن رايونىنى ئىشغال قىلىش ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستاندىكى قەتلىئاملىرىنى قورقماستىن تېز سۈرئەت بىلەن داۋاملاتتۇرۇشقا باشلىدى. چېگرا رايونلاردىكى ئىستىراتېگىيەلىك ئەھمىيىتى يۇقىرى جايلارنى ھەر تۈرلۈك ھىيلە - نەيرەڭلەر بىلەن قولغا چۈشۈرۈپ، سىرتتىن كېلىدىغان تەھدىتلەرگە قارشى ئۆزىنى تولۇق مۇداپىئە ئاستىغا ئالالىغانلىقىدىن خاتىرجەم بولغان ئىشغالىيەتچى خىتاي ھۆكۈمىتى 1950 - يىلىدىن كېيىن، شەرقىي تۈركىستاننىڭ پۈتۈن چېگرالىرىنى تاقاپ، دۇنيا بىلەن بولغان ئالاقىسىنى پۈتۈنلەي ئۈزۈپ تاشلىدى. تاكى 1983 - يىلى پاكىستان چېگراسى ئېچىلغانغا قەدەر شەرقىي تۈركىستاندا مۇسۇلمانلارغا قاراتقان ۋەھشىلەرچە قەتلىئام، ئىرقىي قىرغىنچىلىق ۋە ئاسسىمىلياتسىيە سىياسىتىنى خاتىرجەم ھالدا داۋاملاشتۇردى.

## گېنېرال زىيائۇل ھەققىنىڭ شەرقىي تۈركىستان سۆيگۈسى

پاكىستاننىڭ 1973 - يىلىدىن 1977 - يىلىغىچە بولغان زۇلفىقار ئەلى بوتتۇ[1] ھاكىمىيىتى دەۋرى خىتاينىڭ، بولۇپمۇ دىكتاتور ماۋزېدۇڭنىڭ ئېغىر تەسىرىگە ئۇچرىغان دەۋر بولۇپ، ئۇ ھەتتا ماۋزېدۇڭنىڭ شەپكىسىنى كەيمەي تۇرۇپ، ھېچ قانداق يىغىنغا قاتناشمايدىغان بولۇپ قالغان ۋە پاكىستاننى كوممۇنىست بىر دۆلەتكە ئايلاندۇرۇشقا ئۇرۇنۇش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكەن ئىدى. زۇلفىقار ئەلى بوتتۇ ھاكىمىيىتىنى قان تۆكمەستىن ھەربىي - سىياسىي ئۆزگىرىش ئارقىلىق ئاغدۇرۇپ تاشلىغان گېنېرال زىيائۇل ھەق 1978 -يىلى پاكىستان پىرېزىدېنتى بولغاندىن كېيىن، خىتايمۇ شەرقىي تۈركىستاندا ئويلىشىپراق ھەرىكەت قىلىشقا مەجبۇر بولدى ۋە 1980 - يىلى شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ ئىبادەت ئەركىنلىكىگە يول قويدى. جامەلەر ئېچىلىپ ھەتتا 1983 - يىلى پاكىستان چېگراسىنىڭ ئېچىلىشى بىلەن شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىنىڭ پاكىستان ئارقىلىق توپ - توپ بولۇپ، ھەجگە بېرىشىغا قولايلىق يارىتىلغان ئىدى. كوممۇنىست خىتاي ئىشغالىيىتىگە ئۇچراپ ئارىدىن 34 يىل ئۆتكەندىن كېيىن چەت ئەلگە چىقىش ۋە ھەج قىلىش پۇرسىتىگە سازاۋەر بولغان تۇنجى ھاجىلار كارۋىنىنى پاكىستان پىرېزىدېنتى گېنېرال زىيائۇل ھەق ئۆزى بىۋاسىتە چېگرادا قارشى ئالغان، ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي مېھمانلىرى سۈپىتىدە ساھىبخانلىق قىلغان ۋە ھەجگە يولغا سالغان ئىدى. زىيائۇل ھەقنىڭ ئالاھىدە بۇيرۇقى بىلەن ئۇزۇن يىل خىتاينىڭ زۇلمىدا بولۇشىغا ئېزىلگەن شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىنىڭ ھاجىلار كارۋىنى پاكىستاننىڭ سۇست چېگرا ئېغىزىدىن ئىسلامئابادقىچە قەدەر بولغان 660

(1) زۇلفىقار ئەلى بوتتۇ 1928 - يىلى 5 - يانۋاردا تۇغۇلغان ۋە 1979 - يىلى 4 ئاپرېلدا گېنېرال زىيائۇل ھەق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن دارغا ئېسىلغان ئىدى. ئۇ پاكىستان خەلق پارتىيەسىنىڭ قۇرغۇچىسى، پاكىستاننىڭ 9 - باش مىنىستىرى ۋە 4 - پىرېزىدېنتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

كېلومېتىرلىق يول بويىچە ھەقسىز قاتناش ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ھەقسىز مېھمانخانا، ھەقسىز تاماق خىزمەتلىرى سۇنۇلدى. كېيىنكى چاغدا كېلىۋاتقان ھاجىلارنىڭ سانى ئاشقاندا، زىيائۇل ھەقنىڭ سۆزى بويىچە «ئاللاھنىڭ مېھمانلىرى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۈممەتنىڭ ئەڭ ئىگە - چاقىسىز قالغان مەزلۇملىرى» ھېسابلىنىدىغان شەرقىي تۈركىستانلىقلار ئۈچۈن پايتەخت ئىسلامئاباد ۋە راۋالپىندى شەھىرىدە مەخسۇس ھاجىلار لاگېرى قۇرۇپ بەردى ھەمدە پەقەت شەرقىي تۈركىستانلىق ھاجىلارلا بىرلىكتە ئېلىپ كەلگەن ماللىرىنى ساتالايدىغان «ھاجىلار بازىرى» ئېچىپ بەرگەن ئىدى.

زىيائۇل ھەقنىڭ ئېزىلگەن شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىنى قوللاپ - قۇۋۋەتلىشىگە تەبئىيكى ئاتاقلىق رەھبەر ئەيسا يۇسۇپ ئالپتېكىن ئەپەندىنىڭ 1978 - يىلىدا كاراچىدا ئۆتكۈزۈلگەن ئىسلام كونفېرانسىغا قاتنىشىپ، 1980 - يىلى مەككىدە خەلقئارا ئىسلام ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ قۇرغۇچى ئەزالار مەجلىسىگە ئەزالىققا سايلىنىشى، ھەمدە ھەر قايسى يىغىن، كونفېرانسلاردا شەرقىي تۈركىستانغا ۋەكىللىك قىلىپ، شەرقىي تۈركىستانغا ئالاقىدار قارارلارنىڭ ماقۇللىنىشىغا ۋەسىلە بولۇشى مۇھىم تەسىر كۆرسەتكەن دېيىشكە بولىدۇ(1).

قەلبىدە ئەللامە مۇھەممەد ئىقبالنىڭ ئۈممەت قايغۇسى ئورۇن ئالغان ئىسلامىي سەزگۈرلۈكى ۋە زالىمغا قارشى تىك تۇرۇش بىلەن ئىسلام دۇنياسىدا ئۆلگىلىك رەھبەر بولۇپ ئالدىنقى ئورنىغا چىققان زىيائۇل ھەق، خىتاي ئىشغالىيىتى ئاستىدا ئىسلامىي مائارىپتىن مەھرۇم قالدۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستانلىق ئۆسمۈر ۋە ياشلارنىڭ پاكىستاندا تەربىيەلىنىشى ئۈچۈن ئالاھىدە ياردەم ۋە رىغبەتلەندۈرۈشلەردە بولغان ئىدى. 1985 - يىلى شەرقىي تۈركىستاندىن ئوقۇش ئۈچۈن كەلگەن 25 كە يېقىن ياشنى راۋالپىندى شەھىرىدىن ئۆزى مىنىبۇس بىلەن بىرلىكتە لاھورغا ئېلىپ بېرىپ مەدرىسىگە ئورۇنلاشتۇرغان ئىدى.

زىيائۇل ھەقنىڭ مائارىپ جەھەتتىكى ياردىمىدىن بەھرىمەن بولغان ئۇيغۇر ياشلارنىڭ سانى 3 مىڭدىن ئارتۇق ئىكەنلىكى، تەخمىنەن 300 گە يېقىن ئوقۇغۇچىنىڭ ئوخشاش بولمىغان ساھەلەر بويىچە پاكىستاندا ئوقۇشىنى تاماملىغانلىقى، ئۆز نۆۋىتىدە يەنە پاكىستاننى مائارىپ سەپىرى ئۈستىدىكى ئۆتكۈنچى دۆلەت ئورنىدا ئىشلەتكەن شەرقىي تۈركىستان ئوقۇغۇچىلىرى سانىنىڭ 5 مىڭدىن ئارتۇق ئىكەنلىكى مەلۇم.

زىيائۇل ھەقنىڭ شەرقىي تۈركىستانلىقلار ئۈچۈن يولغا قويغان يۇقىرىقى بارلىق گۈزەل خىزمەتلىرى ئۇنىڭ شەھىد قىلىنىشى بىلەن تەڭ ئاخىرلاشتى. شۇنىڭدىن كېيىن ھەتتا پاكىستاندا شەرقىي تۈركىستانلىق ھاجىلارنىڭ ماللىرىنى مۇسادىرە قىلىدىغان، يوللاردا پاكىستان ساقچىلىرى ھاجىلارنىڭ يېنىدىكى پۇللىرىنى تارتىۋالىدىغان ئىككى يۈزلىمچىلىكلەر باشلىنىپ كەتتى.

دەرۋەقە، زىيائۇل ھەقنىڭ كىملەر تەرىپىدىن شەھىد قىلىنغانلىقىمۇ ھازىرغىچە يېشىلمىگەن سىرغا ئايلاندى. بۇ بىر شەخكە ئەمەس، بەلكى پۈتۈن ئىسلام دۇنياسىغا قىلىنغان سۇيىقەست

(1) http://akademikperspektif.com/2012/05/04/isa-yusuf-alptekin/

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بولغان ئىدى. چۈنكى زىيائۇل ھەق ئەينى چاغدا خۇددى ھازىرقى تۈركىيە پىرېزىدېنتى رەجەپ تاييىپ ئەردوغانغا ئوخشاشلا ئىسلام دۇنياسىدا ئۇممەتكە نىسبەتەن بىر ئۈلگە ۋە سىمۋوللۇق شەخس سۈپىتىدە ئالدىنقى پىلانغا چىققان ئىدى. ئۇ تۈركىيە، ئىران، ئافغانىستان، بىنگال ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن بىرلىكتە يېڭى بىر ئىسلام بىرلىكى (لاگېرى) قۇرۇپ چىقىشنى ئارزۇ قىلاتتى. بۇ ئىسلام بىرلىكىنىڭ شەكىللىنىشىدىن غەرب دۇنياسى بىئارام بولغانغا ئوخشاش، رۇسىيە ۋە خىتاي ھۆكۈمىتىمۇ قاتتىق ئەندىشە قىلاتتى. شۇڭلاشقا ئاللىبۇرۇن پىلانلانغان بىر سۈيىقەست ئارقىلىق شەھىد قىلىندى. زىيائۇل ھەق 1988 - يىلى 17 - ئاۋغۇستتا، ئامېرىكا باش ئەلچىسى ئارنولد راپھېل، پاكىستان ئارمىيە باش قوماندانى ۋە باشقا 27 كىشى ئولتۇرغان ئايروپىلان پارتىلىتىلىشى نەتىجىسىدە، شاھادەتكە قۇچاق ئاچتى. ئۇنىڭ شەھىد قىلىنىشىغا قارىتا بىۋاستە ئەمەس، بەلكى ۋاستىلىق ھالدا ئامېرىكا، ئىسرائىلىيە، ھىندىستان ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى گۇمانلىق دەپ قارالدى. ئەمما ھىلىگەر خىتاي ھۆكۈمىتى يەنە بۇرۇنقىدەكلا پاكىستاننىڭ گۇمان قىلىشقا بولمايدىغان قوتقۇزغۇچى دوستىغا ئايلىنىشنى داۋاملاشتۇردى. زىيائۇل ھەق شەھىد قىلىنغاندىن كېيىن پاكىستاننىڭ ئىچكى سىياستى ئاجىزلاپ كەتتى. تاشقى سىياسەتتىمۇ ئىككى يۈزلىمىچى نەتىجىسىز ئويۇنلىرى سەۋەبىدىن پاكىستان يالغۇزلاشتى. بولۇپمۇ 11 - سىنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن پاكىستاننىڭ تالىبانغا قارشى ئۇرۇش قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنۈپ، ئەمەلىيەتتە تالىباننى ئامېرىكا ۋە غەرب كۈچلىرىگە قارشى بىر كوزۇر قىلىپ ئىشلىتىش ئۈچۈن خىتاي بىلەن ئورناتقان ھەمكارلىقى غەربنىڭ نارازىلىقىنى قوزغاپ، ئۇزاقلىششىغا ۋە تېخىمۇ بەك خىتايدىن ئاجرىيالماس ھالغا كېلىپ قېلىشىغا سەۋەب بولدى. نەتىجىدە زىيائۇل ھەقتىن كېيىن ھاكىمىيەت بېشىغا كەلگەن پاكىستان رەھبەرلىرى خىتاي نېمە دېسە شۇنى قىلىدىغان قورچاق ھاكىمىيەت تۈسىنى نامايان قىلىشقا باشلىدى.

## تاغ - داۋانلاردىن ئېشىپ پاكىستانغا قېچىپ چىققان ئۇيغۇر ياشلار

1997 - يىلىدا، پاكىستان سوت مەھكىمىلىرى تەرىپىدىن دېلوسى تەكشۈرۈلىۋاتقان ۋە تېخىچە سوتتىن ھېچ قانداق قارار چىقىرىلمىغان 17 - 23 ياش ئارىسىدىكى 12 نەپەر ئۇيغۇر پاناھلانغۇچى ياشنى خىتايغا قايتۇرۇپ بېرىشتەك چوڭ شەرمەندىچىلىك يۈز بەردى. سوت ئىشلىرى داۋاملىشىۋاتقان كىشىنىڭ قايتۇرۇپ بېرىلىشى پاكىستان دۆلەت ئاساسىي قانۇنىغا پۈتۈنلەي خىلاپ ئىكەنلىكىگە ۋە ئۆز دۆلەت ئاساسىي قانۇنىنى ئۆزلىرى ئاياق ئاستى قىلغانلىق بولىدىغانلىقىغا قارىماستىن، خىتايدا زىيارەتتە بولۇۋاتقان پاكىستان پىرېزىدېنتى فارۇق ئەھمەدخان لاغارىنىڭ بېيجىڭدىن تېلېفون بىلەن چۈشۈرگەن بۇيرUقىغا بىنائەن يۈز بەرگەن بۇ نومۇس قىلارلىق پاجىئەگە پۈتۈن پاكىستان خەلقى شاھىد بولدى.

ئەسلىدە 1994 - يىلىدىن 1997 - يىلىغىچە

بولغان جەريانىدا ئۇيغۇر ياشلار ئارىسىدا خىتاي زۇلمىدىن قېچىپ، قاراقۇرۇم، پامىر ۋە خونجىراپ تاغلىرى ئارقىلىق پاكىستاننىڭ شىمالىدىكى ھونزا، بالتىستان قاتارلىق ئوخشاش بولمىغان چېگرا رايونلىرىغا پىيادە يېتىپ كېلىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلۈشكە باشلىغان ئىدى. بۇ ياشلاردىن بەزىلىرى يولدا شوغۇققا بەرداشلىق بېرەلمەي ۋاپات بولسا، بەزىلىرى ئاران دېگەندە يېتىپ كەلگەن جايلاردا قولغا ئېلىناتتى. بۇ خىل ياشلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ھەرىكەتكە ئۆتكەن پاكىستانغا يەرلىك ۋەتەنپەرۋەر ئۇيغۇرلارنىڭ ئارىسىدا گىلگىتلىك مۇھەممەد ئەمىن ھاجىم (مانتا) تارىختا يېزىپ قالدۇرۇشقا تېگىشلىك نۇرغۇن پىداكارلىقلارنى كۆرسەتكەن ئىدى. قانچە ئونلىغان ئۇيغۇرلارنى تۈرمىدىن چىقىرىپ، مەكتەپلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇش ياكى باشقا دۆلەتلەرگە يولغا سېلىش ئۈچۈن نەچچە يۈز مىڭلىغان رۇپىيە خىراجەت قىلغانلىقى مەلۇم. ھەتتا بۇ سەۋەبتىن بەزى مۇناپىقلارنىڭ ۋە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شىكايەتلىرى تۈپەيلى پاكىستان دائىرىلىرى مۇھەممەد ئەمىن ھاجىم (مانتا)نى قاماققا ئېلىش، مال - مۈلكىنى ۋاقىتلىق توڭلىتىپ قويۇش دېگەندەك ھەرخىل ۋاسىتىلەر بىلەن ئۇنىڭغا بېسىم ئىشلەتكەن ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن قىلغان ۋەتەن مۇجادىلىسىدىن ھەرگىز ۋازكېچىپ باقمىدى. ئەڭ ئاخىرقى قېتىمدا 1997 - يىلى خىتاي زۇلمىدىن قېچىپ دىنىي تەلىم ئېلىش مەقسىتىدە پامىر تاغلىرىدىن پىيادە 2 ئاي يول يۈرۈش ئارقىلىق پاكىستاننىڭ ھونزا شەھىرىگە يېتىپ كەلگەن 12 ئۇيغۇر ياش ھونزا چېگرا مۇداپىئە ئەترىتى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغان ۋە مۇھەممەد ئەمىن ھاجىم (مانتا)نىڭ كۈچ چىقىرىشى نەتىجىسىدە، خىتايغا قايتۇرىۋېتىلمەستىن گىلگىت شەھەرلىك سوت مەھكىمىسىگە تاپشۇرۇلغان ئىدى. ئۇلارنىڭ قولغا ئېلىنىشى رامىزان ئېيىغا توغرا كەلگەن بولۇپ، گىلگىت تۈرمىسىدە ئۇيغۇر ياشلارنىڭ تەراۋىھ نامىزىنى جامائەت بولۇپ ئوقۇغانلىقى پۈتۈن گىلگىت خەلقىنى ھەيران قالدۇرغان ئىدى. چۈنكى گىلگىت تۈرمىسى ياسالغاندىن بويانقى تارىخىدا جىنايەتچىلەر تەراۋىھ نامىزىنى جامائەت بولۇپ ئوقۇيدىغان ئىش قەتئىي كۆرۈلۈپ باقمىغان ئىدى. يەنە كېلىپ، ئىسلامىي تەلىم - تەربىيە پۈتۈنلەي چەكلەنگەن كوممۇنىست بىر دۆلەتتىن كەلگەن پاناھلانغۇچىلارنىڭ ئىسلامىي ئىبادەتكە بولغان بۇ ئۆلگىلىك پوزىتسىيەسى ھەممەيلەننى قاتتىق تەسىرلەندۈرۈپ، قىسقىغىنە ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ نامى پۈتۈن گىلگىت شەھىرىگە پۇر كەتتى. گىلگىتتە تۇرۇشلۇق ۋەتەن سۆيەر ئۇيغۇرلاردىن مۇھەممەد ئەمىن ھاجىم (مانتا) قاتارلىق ئىلغار زاتلارنىڭ سەپەرۋەرلىكىدە پۈتۈن گىلگىت خەلقى ئۇلارنى تۈرمىدە زىيارەت قىلىپ، بەس - بەس بىلەن تاماق ۋە باشقا ئېھتىياجلىرىدىن خەۋەر ئالدى. ئۇزۇن تارىختا ئىگە قېرىنداشلىق رىشتىسى بولغان شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ بۇ پاجىئەلىك ئەھۋالى ئىسلام ئېتىقادىغا ۋە ئىنسانىي ۋىجدانىغىمۇ زىت كېلىدىغان بولغاچقا، گىلگىتتىكى ۋىجدانلىق كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇلارنى قۇتقۇزۇپ چىقىش ئۈچۈن ئۆزئارا فوند توپلاپ، مەخسۇس ئادۋوكات تۇتتى. گىلگىت سوت مەھكىمىسى ئاخىرى ئۇلارنى كاپالەتكە قويۇپ بېرىدىغان ۋە كاپالەت ئۈچۈن تېگى

www.uyghurkitap.com

- تەكتى شەرقىي تۈركىستانلىق بولمىغان يەرلىك گىلگىت خەلقىنىڭ ھەر بىر ياشىنىڭ كاپالىتىگە بىر ئۆينىڭ ئىگىلىك كېنىشكىسىنى تاپشۇرۇشى كېرەكلىكىنى ئۇقتۇردى. بۇ ئۇقتۇرۇش چىقىپ ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي 12 ئۇيغۇر ياش ئۇچۇن يەرلىك گىلگىت خەلقى بەس - بەستە ئۆي كېنىشكىلىرىنى ئېلىپ كېلىشكە باشلىدى. شۇ قېتىمقى سەپەرۋەرلىكتە بىر كۈندىلا 27 كېنىشكە توپلانغان ئىدى. شۇنداق قىلىپ ئۇيغۇر ياشلار تۈرمىدىن چىقىرىلىپ، ئىسلامىي تەلىم -تەربىيە ئېلىشى ئۈچۈن بىر جامەدىكى مەدرىسىگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. يەنە بىر تەرەپتىن سوت ئىشلىرىمۇ داۋاملاشماقتا ئىدى. ھەممەيلەن بۇ ئىشتا قانۇن بويىچە تولۇق ئۇتۇقا ئېرىشىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. دەل شۇ پەيتتە بېيجىڭدا زىيارەتتە بولۇۋاتقان پاكىستان پىرېزىدېنتى فارۇق ئەھمەدخان لاغارىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئۇيغۇر ياشلار ئوقۇۋاتقان مەدرىسىدىن بىر كېچىدىلا تۇتۇپ كېتىلىپ يەنە تۈرمىگە ئېلىندى. بۇنىڭغا غەزەپلەنگەن خەلق ئاممىسى ھۆكۈمەتكە قارشى كوچىلارغا چىقىپ بىر ھەپتىگىچە نامايىش ئۆتكۈزدى. ساقچىلار خەلقنىڭ تۈرمىگە بېسىپ كىرىپ ئۇيغۇر ياشلارنى ئېلىپ چىقىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇلارنى ھونزاغا مەخپىي يۆتكىدى. خەلقنىڭ غەزىپىنىڭ بېسىقىشىنى ساق بىر ھەپتە كۈتتى. ھەر كۈنى نامازدىن يېنىپ گىلكىتتىكى چوڭ جامە ئالدىدا نامايىش قىلىۋاتقان خەلق ئاممىسىنىڭ سانى بارغانسېرى ئازلاشقا باشلىغانلىقىنى پۇرسەت بىلگەن ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ئاخىرى ئۆز قانۇنلىرىنىمۇ ئاياق ئاستى قىلغان ھالدا 8 - كۈنى تۇيۇقسىزلا خىتايغا تاپشۇرۇۋېتىشتەك تارىخىي بىر شەرمەندىچىلىكنى مەيدانغا چىقاردى. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ تاغ يوللىرى ئارقىلىق قېچىپ كېلىدىغانلار ئازلىدى ياكى كەلگەن بولسىمۇ پاكىستان ئەسكەرلىرى مەخپىي ھالدا ۋاقتىدا خىتايغا قايتۇرۇۋېتىدىغان بولۇپ قالدى.

بۇ خىل نومۇسسىزلارچە پوزىتسىيە، بىر تەرەپتىن پاكىستاننىڭ خىتايغا بولغان بېقىندىلىقىنى چوڭقۇرلاشتۇرىۋەتكەن ئامىللارنىڭ بىرسى ھېسابلىنىدىغان كەشمىر مەسىلىسىنىڭ ھەل بولۇشىغا پايدىسى بولۇش ئۈمىدىدە تۇرسۇن، دەل ئەكسىچە مەسىلىنى تېخىمۇ چىگىشلەشتۈرۈۋەتكەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن پاكىستان ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغىمۇ كۆرۈنەرلىك بىر ھەسسە قوشالمىدى. ھەم قۇرۇقلۇقتىن ھەم دېڭىز يولى ئارقىلىق ئۈزۈلمەي كېلىۋاتقان خىتاينىڭ ئەرزان باھالىق ماللىرى پاكىستاننىڭ كىچىك ۋە ئوتتۇرا تىپتىكى زاۋۇت - كارخانىلىرىنى ناھەق رىقابەتكە سۆرەپ، يۈزلىگەن زاۋۇتنىڭ تاقىلىپ كېتىشىگە ياكى مەجبۇرەن ئۆزگەرتىلىشىگە، شۇ تۈپەيلى يۈز مىڭلىغان كىشىنىڭ ئىشسىز قېلىشىغا سەۋەب بولدى ۋە ھازىرمۇ سەۋەب بولۇشىنى داۋاملاشتۇرماقتا.

### خىتاي بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلەرنىڭ پاكىستان ئىقتىسادىغا كۆرسەتكەن تەسىرى

پاكىستان ئىقتىسادىنىڭ خىتاي بىلەن يېقىنلىشىشتىن ئىلگىرى يەنى 1960 - يىللىكى ئوتتۇرىچە تەرەققىيات نىسبىتى 6.8% بولغان بولسا، خىتاي بىلەن يېقىنلاشقاندىن

كېيىن 1970 ـ يىللىرى 4.8% پىرسەنتكە چۈشۈپ قالدى. زىيائۇل ھەق دەۋرىدە يەنى 1980 ـيىلى قايتا يۈكسىلىپ، 6.8% كە چىققان بولسا، زىيائۇل ھەق شەھىد بولۇپ، پاكىستان خىتايغا بېقىندا بولۇشقا باشلىغاندىن كېيىن، 1990 ـ يىلى 4.6% كە، 2000 ـ يىلىدا 4.8% كە چۈشتى. ئارقىدىن 2008 ـ يىلىدىكى ئىقتىسادىي كرىزىس سەۋەبىدىن بولۇشقا چېكىنگەن ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدا ھۆكۈمەتنىڭ مالىيە سىياسىتى ۋە خەلقئار پۇل فوندى جەمئىيىتى بىلەن تۈزۈلگەن "stand_by" كېلىشىمى سايىسىدا، بىر ئاز ياخشىلىنىش كۆرۈلۈشكە باشلىدى. بىراق 2010 ـ يىلى پاكىستان تارىخىدىكى ئەڭ چوڭ سەل ئاپىتى يۈز بېرىپ، تېرىلغۇ يەرلىرىنىڭ 20% پىرسەنتى دېڭىزدەك سۇ ئاستىدا قالدى. 24 مىليون كىشى سەل ئاپىتىنىڭ ئېغىر تەسىرىگە ئۇچراپ، دۆلەت تەخمىنەن 10 مىليارد دوللار زىيان تارتتى. نەتىجىدە يېزا ئىگىلىكى ئېغىر زەربىگە ئۇچرىدى، دۆلەتنىڭ قاتناش ۋە ئالاقە ـئۇچۇر ئاساسىي قۇرۇلمىلىرى زور بۇزغۇنچىلىققا دۇچ كەلدى. 2010 ـ 2012 ـ يىلىدا پاكىستاننىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات نىسبىتى 2.4% كە چۈشۈپ قالدى. 2013 ـ يىلىدا 3.6% كە ئۆرلىگەن بولسىمۇ، ئەمما 2015 ـ يىلىغا كەلگەندە 2.5% كە چۈشۈپ قالدى. بۇ تەرەققىيات نىسبىتىگە ئەگىشىپ پۇل پاخاللىقى نىسبىتى بولسا، 8% يۇقىرى ئۆرلىدى[1].

يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، خىتاي پاكىستان مۇناسىۋەتلىرىدە نەپ ئالغان تەرەپ، يەنىلا ھېلىگەر خىتاي ھۆكۈمىتى بولدى. پاكىستاننىڭ قولغا كەلتۈرگىنى بولسا، پەقەتلا ھىندىستانغا قارشى خاتىرجەملىك تۇيغۇسىدىنلا ئىبارەت بولدى. ھىندىستان بىلەن بولغان چۈشىنىشمەسلىكلەرگە ھەل قىلىش چارىسى تېپىش ئۇياقتا تۇرسۇن، بەلكى يېرىكچىلىكلەرنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىقتىسادىي جەھەتتىن بارغانسېرى ئارقىغا چېكىنىشتىن ئىبارەت بولدى.

پاكىستاننىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى ئاخبارات ئورگانلىرىدىن بىرسى بولغان «PakistanExpres» گېزىتىدە ئېلان قىلىنغان خەۋەرگە كۆرە، بۇ ئەھۋالغا ئىسيان بايرىقىنى ئاچقان پاكىستانلىق ئىقتىسادشۇناسلار «خىتاينىڭ ئېغىزىدا ئىلگىرى سۈرۈۋاتقانلىدەك پاكىستاننىڭ تەرەققىياتىغا ھەسسە قوشۇش ئۈچۈن بېلىق تۇتۇشنى ئۆگەتمىگەنلىكىنى، ئەكسىچە پاكىستان خەلقىنى ئۆلۈك بېلىق يېيىشكە زورلاۋاتقان ۋە ئادەتلەندۈرۈۋاتقانلىقى» ھەققىدە ئوخشاش پىكىرگە ئىگە ئىكەنلىكلىرىنى ئېلان قىلدى.

ئەركىن ئاسىيا رادىئوسىنىڭ خەۋىرىدىمۇ ھازىرمۇ قۇرۇلۇشى داۋاملىشىۋاتقان ئاسىيا ئىقتىسادى كارىدورىنىڭ ئەڭ مۇھىم قىسمى بولغان يول ياساش لايىھەسى ئۈچۈن خىتاي بانكىلىرى تەرىپىدىن پاكىستانغا بېرىلگەن قەرز مەسىلىسى ھەممىنىڭ دىققىتىنى تارتماقتا. بۇ ھەقتە توختالغان پاكىستانلىق ئىقتىسادشۇناسلار خىتاينىڭ بەرگەن قەرزىنىڭ كەلگۈسىدە پاكىستان ئىقتىسادىغا چوڭ زىيان يەتكۈزىدىغانلىقى ۋە كېلەچەكتە چوڭ خەۋپلىك ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقى ھەققىدە ئاگاھلاندۇرۇشلاردا بولماقتا. خىتاينىڭ پاكىستان زېمىنىدا ھەممىنى قەرز ھېسابىدا

(1) http://islamabad.be.mfa.gov.tr/ShowInfoNotes.aspx?ID=214164

ياسىماقچى بولغان بۇ ئىقتىسادىي كارىدورىنىڭ پاكىستان ئىقتىسادىغا ھېچ قانداق ھەسسىسى بولمايدىغانلىقى، بۇ لايىھەنىڭ پۈتۈنلەي خىتاينىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈنلا خىزمەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرمەكتە. ئۇنىڭ ئۈستىگە پاكىستان ھۆكۈمىتىنىڭ يول قۇرۇلۇشىنىڭ ھەممىنى خىتاي شىركەتلىرىگە ھۆددىگە بەرگەنلىكى، پاكىستان قۇرۇلۇش شىركەتلىرىنىڭ بولسا، ئىشسىز، پالەچ ھالغا چۈشۈرۈپ قويۇلۇۋاتقانلىقىنى تەكىتلىمەكتە.

ئەركىن ئاسىيا رادىئوسىغا بايانات بەرگەن پاكىستانلىق مۇستەقىل پائالىيەتچى قەييۇم ئۇيغۇر بۇ ھەقتە مۇنۇلارنى قەيت قىلدى؛

«قەشقەرنى پاكىستان ئەرەب دېڭىزى ساھىلىدىكى پورتقا تۇتاشتۇرىدىغان قۇرۇغلۇق يولىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 2200 كىلومېتىر كېلىدۇ. پاكىستان بۇ يولنىڭ قۇرۇلۇشىنى ھۆددىگە ئاچتى. ھۆددىگە ئېلىش يىغىلىشىغا خىتاينىڭ شىركەتلىرى كۆپەرەك قاناشتى. پاكىستاننىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى «Karakurum and National» ناملىق قۇرۇلۇش شىركىتى بولسا، خىتاينىڭ ئېتىراز بىلدۈرىشى سەۋەبىدىن ھۆددىگە بېرىش يىغىلىشىغا قاتناشتۇرۇلمىدى. يىغىلىشقا قاتناشقان پاكىستان شىركەتلىرى لايىھە ئۈچۈن 90 مىليارد رۇپىيەلىك تەكلىپ سۇنغان بولسىمۇ، ھۆكۈمەت خىتاي شىركەتلىرىگە 214 مىليارد رۇپىيەگە ھۆددىگە بەردى. بۇ ئاۋاز شەرىف ھۆكۈمىتىنىڭ خىتايغا ياخشىچاق بولۇش ئۈچۈن خىتاي شىركەتلىرىنى ئاشكارا قوللىغانلىقىدىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ لايىھە ئۈچۈن خىتاينىڭ پاكىستانغا بېرىدىغان قەرزىنىڭ 90% ى ئامېرىكا دوللىرى بويىچە قايتۇرۇلىدۇ. چۈنكى خىتاي بىلەن تۈزۈلگەن قەرز كېلىشىمى شۇنداق. خىتاي ئەسلىدە قەرز، ياردەم، تەرەققىي قىلدۇرۇش... دېگەندەك يالتىراق سۆزلەر بىلەن پاكىستاننى ئىقتىسادىي قورشاۋغا ئالماقتا. پاكىستان خەلقى تېخىچە بۇنى تونۇپ يەتكىنى يوق. بىراق يېقىندىن بۇيان ياسىماقچى بولغان يول بويىدا ياشايدىغان خەلق بىر ئاز ئويغاندى. چۈنكى پاكىستان خەلقىدىن ئېگىلىك ھوقۇقىنى سېتىۋالغان جايلارنىڭ پۇلىنى تۆلىيەلمەيۋاتماقتا. پاكىستان خەلقى خىتاي شىركەتلىرىنىڭ پائالىيەتلىرى ۋە پوزىتسىيەلىرىدىن بەزى نەرسىلەرنى ھېس قىلماقتا. خىتاينىڭ ئىقتىسادىي كۈچىنى ئىشقا سېلىپ، پاكىستان ئىقتىسادىنى مونوپول قىلىشقا ئۇرۇنۇۋاتقانلىقى ئوتتۇرىغا چىقماقتا. بۇ تولىمۇ خەتەرلىك بىر ئەھۋال. خىتاي «يىپەك يولى ئىقتىساد كارىدورىنى جانلاندۇرۇش» دېگەندەك بەزى شوئارلار ئاستىدا قوشنىلىرىنى بولۇپمۇ پاكىستاننى ئىقتىسادىي قورشاۋغا ئېلىۋالغان ئەھۋالدا تۇرماقتا. مەن بۇ ئەھۋاللارنى كەلگۈسىگە نىسبەتەن ئىنتايىن خەتەرلىك دەپ قارايمەن.[1]»

ئۇزۇن يىل پاكىستاندا ياشىغان ۋە ماگېستىرلىق ئوقۇشىنى پاكىستاننىڭ پەنجاپ ئۇنىۋېرسىتېتىدە تاماملىغان، ھازىر مەركىزى ئىشخانىسى ئىستانبۇلدا تۇرۇشلۇق «شەرقىي تۈركىستان مائارىپ ۋە ھەمكارلىق جەمئىيىتى»نىڭ باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان ھىدايەتۇللاھ ئوغۇزخانمۇ پاكىستان ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستانلىق پاناھلانغۇچىلارغا تۇتقان دۈشمەنلەرچە پوزىتسىيەسى

(1) http://www.uyghurnet.org/24267-2

ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دېدى:

پاكىستان 1997 - يىلى ماي ئېيىدا 12 نەپەر ئۇيغۇر قېرىنداشىمىزنى قانۇنسىز بىر شەكىلدە خىتايغا تاپشۇرۇپ بەردى. پاكىستان بۇلاردىن باشقا ھازىرغا قەدەر يۈزلىگەن ئۇيغۇر پاناھلانغۇچىلارنى خىتايغا قايتۇرۇپ بەردى. ھەتتا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى تەرىپىدىن پاناھلانغۇچى سالاھىيىتى بېرىلگەن ۋە شىۋېتسارىيەگە يوللاش ئالدىدا تۇرغان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىمۇ خىتاينىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن تۇتۇپ بەردى. ئەمدىلىكتە بولسا، قەبىلە رايونلىرىدا ھاياتىنى قوغداپ قېلىشقا تىرىشۋاتقان پاناھلانغۇچىلارنى سوئال - سوراقسىز «تېرروچى» دېگەن قالپاق بىلەن بومباردىمان قىلىپ ئۆلتۈرمەكتە. پاكىستان ھۆكۈمىتى بۇنىڭ ئارقىسىدىكى ھەقىقەتلەرنى ئۆز خەلقىدىن يوشۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى تېخى كونتروللۇقى ئاستىدىكى مېدىيا ۋاستىلىرىنى ئىشلىتىپ، داۋاملىق تۈردە خىتاينىڭ تەشۋىقاتىنى قىلماقتا. پاكىستان خەلقىنىڭ كۆزىگە خىتاينى چىرايلىق كۆرسىتىش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچىنى ئىشقا سالماقتا. پاكىستان خەلقى دەل مۇشۇ سەۋەبتىن خىتاينى يېتەرلىك دەرىجىدە بىلمەيدۇ ھەم تونۇمايدۇ. ۋەھالەنكى تونىسا ئىدى، پاكىستانلىق قېرىنداشلىرىمىزنىڭ بۇ جەھەتتە خىتايغا كېرەكلىك دەرىجىدە ئىنكاس قايتۇرالايدىغانلىقىدىن ھەرگىز گۇمانلانمايمىز.

## خۇلاسە

مەنمۇ پاكىستاندا ئوقۇغان بىرسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن پاكىستان خەلقىنى ئەمەس، بەلكى ھۆكۈمىتىنى قاتتىق ئەيىبلەيمەن. پاكىستان خەلقى مېنىڭ ئىسلامىي قېرىنداشلىرىمدۇر. ئەللامە مۇھەممەد ئىقبالنىڭ ئۇممەت تۇيغۇسىغا ئىگە ۋە قەيەردە زۇلۇمغا ئۇچرىغان بىر مۇسۇلماننى كۆرسە، شۇنىڭ يېنىدا ئۇرۇن ئېلىشنى بىلىدىغان پاكىستان خەلقىنىڭ ھامان بىر كۈنى ئۆز ھۆكۈمىتىگە بېسىم ئىشلىتىپ، بۇخىل پوزىتسىيەلىرىنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇرلايدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

ئەللامە مۇھەممەد ئىقبالنىڭ «بىر بولسۇن مۇسۇلمانلار ھەرەمنى قوغداش ئۈچۈن، نىل ساھىلىدىن تارتىپ كاشغەر تۇپراقلىرىغىچە» دەپ سىزىپ بەرگەن ئۇممەت تېررىتورىيەسىنى نېمە ئۈچۈن «كاراچى ساھىلىدىن گىلگىت تۇپراقلىرىغىچە» دېگەندەك شەخسىيەتچى، مەنپەئەتپەرەس بىر سەۋىيەگە چۈشۈۋالدىڭلار؟

ئەللامە مۇھەممەد ئىقبال «ھىندىستان، خىتاي ۋە رۇسىيە ئوتتۇرىسىدا بىر ئىسلام دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن خىتاي فاشىزىمى، بولشېۋىزم، ئاتېئىزملىق ۋە دىنسىزلىقنىڭ خەۋپلىرى ھىندىستان مۇسۇلمانلىرىنىڭ چېگراسىدىن تېخىمۇ ئۇزاقلاشقان بولىدىغانلىقى بىر روشەن ھەقىقەتتۇر» دېگەن تۇرۇغلۇق سىلەر نېمە ئۈچۈن خىتاي فاشىزمىنىڭ بۇيرۇقى ئاستىغا كىرىشكە رازى بولدۇڭلار؟

مۇھەممەد ئەلى جىنناھ «مۇسۇلماننىڭ مۇسۇلماندىن باشقا دوستى يوقتۇر»، «خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ خىتايغا ھۆكۈمران بولۇشى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەڭ خەتەرلىك ئەھۋال» دېگەن تورۇغلۇق سىلەر قانداقسىگە، دىن دۈشمەنلىرىنىڭ دوستلۇقىنى دەپ، 25 مىليون شەرقىي تۈركىستانلىق قېرىنداشلىرىڭلارنى ئۇتقا ئىتتىردىڭلار؟ نېمە ئۈچۈن دىكتاتور ماۋزىدۇڭنىڭ شەپكىسىنى ئۆزەڭلار كېيگەننى ئاز دەپ، پۈتۈن دۆلەتكە كىيگۈزۈشكە تىرىشتىڭلار؟ دەپ هامان بىر كۈنى هېساب سورايدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

ئى پاكىستان هۆكۈمىتى مەسئۇللىرى! خىتاي بىلەن بولغان مەنپەئەتپەرەسلىك مۇناسىۋىتىڭلاردا ئازراق بولسىمۇ ۋىجدانىڭلارغا قولۇڭلارنى سېلىپ، ئۈممەتنىڭ مەنپەئىتىنى بولمىسىمۇ، هېچ بولمىغاندا پاكىستاننىڭ كەلگۈسى ۋە پاكىستان خەلقىنىڭ مەنپەئىتىنى چۈشىنىڭلار! غەرب ئەللىرىگە قارشى خىتاي بىلەن بىرلىشىپ، تالىباننى قانداق كۆزىر قىلىپ ئىشلەتكەن بولساڭلار، شەرقىي تۈركىستانلىقلارنى هېچ بولمىغاندا ئەمدى بولسىمۇ خىتايغا قارشى قولىڭلاردىكى ئاخىرقى كۆزىر ئورنىدا قەدىرلەشنى باشلاڭلار!

خىتاي بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن ئۇچرىشىشلاردا هېچ چېكىنمەستىن ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى بىلەن قېرىنداشلىق ۋە مىڭلىغان يىللىق ئۇرۇق- تۇغقانچىلىق رىشتىڭلارنىڭ بارلىقىنى مەردانە ئوتتۇرىغا قويۇڭلار! شەرقىي تۈركىستاندا يولغا قويۇلۇۋاتقان ئاسسىمىلياتسىيە ۋە ئىسلام دۈشمەنلىكى سىياسەتلىرىنىڭ گەۋادىر پورتىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان يېڭى يىپەك يولى لايىھەسىگە ئېغىر زىيان يەتكۈزىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈڭلار! خىتاينى زۇلۇم ۋە بېسىم سىياسىتىدىن ۋاز كەچۈرۈپ، قايىل قىلىشقا تىرىشىڭلار! بۇنىڭ سىلەرگە كاتتا مەنپەئەتكە ئايلىنىپ قايتىدىغانلىقىنى ياكى هېچ بولمىغاندا ئېزىلگۈچىلەرنىڭ ئاهۇ - پەريادى ۋە بەددۇئالىرىنىڭ نىشانى بولۇپ قىلىشنىڭ ئورنىغا، خەيرلىك دۇئالىرىنى ئالىدىغانلىقىڭلارنى قەتئىي ئۇنتۇماڭلار!

ئاخىرىدا مۇسۇلمان بىر دۆلەتنىڭ هاكىمىيەت بېشىدىكىلەر بولۇش سۈپىتىڭلار بىلەن سىلەرگە پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ تۆۋەندىكى هەدىسلىرىنى ئەسلىتىپ ئۆتۈشنى توغرا تاپتىم.

«مۆئمىنلەر بىر - بىرىنى سۆيۈشتە، بىر - بىرىگە كۆيۈنۈشتە، بىر - بىرىگە شەپقەت كۆرسىتىشتە بىر تەن، بىر جىسىمغا ئوخشايدۇ. ئۇ جىسىمنىڭ بىر ئەزاسى ئاغرىسا، باشقا بارلىق ئەزالىرىمۇ ئۇ ئاغرىقنى هېس قىلىپ، ئۇيقۇسىز قالىدۇ[1].»

«مۇهەممەد ئەلەيهىسسالام شۇنداق دېگەن ئىدى: هەرقانداق كىشى ئاللاهنىڭ قانۇنلىرىنى ئۆزگەرتىۋاتقان، هالالنى هارام ۋە هارامنى هالال قىلىپ قويغان، ئىلاهىي چەكلىمىلەرنى ئاياق ئاستى قىلىپ، بۇزغۇنچىلىق قىلغان ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ قېنىنى مۇقەددەس كۆرمەيۋاتقان زالىم بىر هۆكۈمدارنى كۆرۈپمۇ، يەنە سادا چىقارماستىن، سۈكۈت ئىچىدە ئۆز جايىدا ئولتۇرىۋېرىدىغان بولسا، ئاللاهنىڭ بۇ سۈكۈت قىلغان كىشىنى زالىم هۆكۈمدارنىڭ يېرىگە، يەنى جەهەننەمگە تاشلىشى ۋە ئۇ كىشىنىڭ جەهەننەمدە مەڭگۈ قېلىشى مۇهەققەقتۇر. بۇ ئىلاهىي سۈننەتتۇر[2].» ■

(1) جەمئۇل فەۋائىد رۇدانى، ئەدەپ 7820، بۇخارى ۋە مۇسلىم

(2) «هاياتلىق تۈيغۇلىرى» ئوردۇچە 4 - نەشرى، مەۋلانا يۈسۈپ ئىسلاهى، «هەرزەتى هۇسەين رەزىيەللاهۇ ئەنهۇنىڭ كەربالادىكى خۇتبىسى»

ئەھمەد ئايخان قويۇنجۇ

# تۈت پەرقلىق نۇقتىدىن
# ئىسلام-دېموكراتىيە مۇنازىرەلىرىگە نەزەر

قىسقىچە مەزمۇنى: ئىسلام ۋە دېموكراتىيە مۇنازىرىسى كۈنىمىزدە ئەستايىدىل تەتقىقاتلارنى شەكىللەندۈرگەن موھىم بىر تېما. ئىسلام بىلەن دېموكراتىيەنىڭ ئۇيغۇنلىشىش ۋە ئۇيغۇنلاشماسلىق مەسىلىسىدە غەرب ئىجتىمائىي پەنچىلىرى بىلەن ئىسلامچى مۇتەپەككۇرلارنىڭ ئىككى خىل پەرقلىق قارىشى بار. بۇ تېمىدا ئىسلام دېموكراتىيە بىلەن باغلىنىدۇ، دەپ قارايدىغان غەرب ئىلىم ئەھلى ۋە ئىسلام مۇتەپەككۇرلىرى بولغاندەك، ئىسلام بىلەن دېموكراتىيە باغلانمايدۇ دەپ تونۇيدىغان ئىسلام ۋە غەرب ئىلىملىكلىرى مەۋجۇت. مۇنازىرىدىكى ئاساسلىق ئۇقۇملار ھاكىمىيەت، كېڭەش، ھەقلىقلىق، ئىجما، ئىجتىھاد قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بىرىنچى خىل قاراشتىكىلەر ئىسلامىي تېكىستلەرگە ئاساسەن ئانالىز يۈرگۈزۈپ ئاللاھ ھاكىمىيىتىنىڭ بەندىلەرگە ھاۋالە قىلىنمىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئۇلار دېموكراتىيەنىڭ پەقەتلا باشقۇرۇش شەكلى ئەمەس، ياشاش شەكلى، پەلسەپە ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ. بۇنىڭغا قارشىلار دېموكراتىيەنىڭ ئاللاھ ھاكىمىيىتىنىڭ تەڭدىشى ئەمەسلىكىنى، ئىسلامنىڭ ئىنگىزلىك پىرىنسىپىدا بىر دۆلەت شەكلىنىڭ تەۋسىيە قىلىنمىغانلىقىنى، بۇ جەھەتتە ئىنسانلارغا تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي شارائىتلارغا ئاساسەن تاللاش ئەركىنلىكى بېرىلگەنلىكىنى قەيت قىلىشىدۇ.

ئاچقۇچلۇق سۆزلەر: ئىسلام، دېموكراتىيە، ھاكىمىيەت، كېڭەش، ئىجما، ئىجتىھاد

## كىرىش

ئىسلام ۋە دېموكراتىيە مەسىلىسى ئىسلام دۇنياسىنىڭ دىققىتىنى بەنت قىلىۋاتقان موھىم مۇنازىرە تېمىلىرىنىڭ بىرى. بۇ تېما دەسلەپ ئوسمانلى ئىمپېراتورلۇقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە، غەربنىڭ ئۈستۈنلىكى تەن ئېلىنغان مەزگىلدە كۆنتەرتېكىستە قويۇلغان. بولۇپمۇ ياۋروپاغا بارغان ئوقۇغۇچى ۋە زىيالىلارنىڭ ئۇ يەردىكى تۈزۈمنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىشى بەزى مۇنازىرىلەرگە سەۋەب بولغان ئىدى. بۇنداق مۇنازىرىلەرنىڭ باش تېمىسى «ئىسلام دۇنياسى نېمە ئۈچۈن كەينىدە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قالدى؟» دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. ئىمپېراتورلۇقنىڭ يېقىلىشىنى خالىمايدىغان يازغۇچى ۋە مۇتەپەككۇرلار ئىسلام دۇنياسىنىڭ كەينىدە قېلىشىنى مۇستەبىت تۈزۈم دەپ قارىغان.

«ھۆكۈمەتتى مۇتلەق» (مۇتلەق ھاكىمىيەت) دېيىلىدىغان، ھاكىمىيەتكە چىققان بىر كىشى ئۆلمىگىچە ئورنىغا باشقىسى ئالماشمايدىغان تۈزۈمنى ئوسمانلى ئىمپېراتورلۇقى ۋە ئىسلام دۇنياسىنىڭ خاراپ بولۇشىغا سەۋەب دەپ قارايدىغان مۇتەپەككۇرلار ئۆزلىرى كۆرگەن غەربنىڭ «ھۆكۈمەتتى مەشرۇ» (كېڭەشلىك ھاكىمىيەت) تۈزۈمىنى تەرەققىياتنىڭ ۋاستىسى دەپ قارىغان ۋە ئۇنى ئىسلامىي ئۇقۇملار بىلەن چۈشەندۈرۈشكەن. يېڭى ئوسمانلىلار دېيىلگەن بۇ كىشىلەرنىڭ ئىدىيەسى كېيىنچە ئىسلامچىلارنىڭمۇ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشىپ دەلىللىرى قوللىنىلىشقا باشلىغان. ئەمما دەسلەپكى ئىسلامچىلار (دىنىي ئىدىئولوگىيەلەشتۈرگەنلەر) قوبۇل قىلغان دېموكراتىيە ھەققىدىكى بۇ دەلىللەر كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئوتتۇرىغا چىققان (ئىسلامچىلارنىڭ قارشى چىقىشىغا دۇچ كەلگەن) بۇنداق پەرقلىق قاراشلارغا ئۇلار ياشىغان دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي، سىياسىي، ئىجتىمائىي، كۇلتۇرەل شارائىتلىرى تەسىر كۆرسەتكەن.

ئىسلام - دېموكراتىيە مۇنازىرىسىگە غەرب ئالىملىرىنىڭمۇ بەزى قاراشلىرى بار. ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا ئىسلام بىلەن دېموكراتىيەنىڭ بىر - بىرىگە ماس ياكى ئەمەسلىكى ھەققىدە ئىككى ئاساسلىق قاراش بولۇپ، بىرى ماسلىشىدۇ، يەنە بىرى ماسلاشمايدۇ دېگەندىن ئىبارەت. بۇ قاراشلارنىڭ تەرەپتارلىرى غەرب ئالىملىرى ۋە ئىسلام مۇتەپەككۇرلىرى بولۇپ، ئارىسىدا ئورتاقلىق مەۋجۇت. بۇ ماقالەنىڭ مەقسىتى يۇقىرىقىلارنىڭ قاراشلىرىنى سېلىشتۇرۇپ دېموكراتىيە چۈشەنچىلىرىنى ئايان قىلىشتۇر. ماقالىدە ئاۋۋال قاراشلار تەسۋىرلىنىپ، پەرقلەرنىڭ مەنبەسى ئېنىقلىنىدۇ ۋە دېموكراتىيە ھەققىدىكى چۈشەنچىلەرنىڭ پەرقلىنىشىگە سەۋەب بولغان ئامىللار ئىزاھلىنىدۇ.

بۇ تەتقىقاتتا ئوبيېكت بولغان بىر تۈركۈم موھىم كىشىلەر ۋە ئەسەرلەر مەۋجۇت. بۇلار ماقالىمىزدە ئىسلام-دېموكراتىيە مۇنازىرىسىگە كۆرسەتكەن تەسىرىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىگە ئاساسەن رەتكە تىزىلىپ تىلغا ئېلىنىدۇ. ماقالىدىكى يەنە بىر چەكلىمىلىك، دېموكراتىيە ھەققىدىكى ئۇقۇملار بىلەن مۇناسىۋەتلىك. دېموكراتىيەگە مەنسۇپ تۈرلۈك پەرقلىق چۈشەنچە ۋە شەكىللەر مەۋجۇت بولسىمۇ بۇنىڭدا ئىسلام دۇنياسىدا پەقەت ئىككى خىللا خاھىش بار. بىرى دېموكراتىيەنى سىياسى ھۆكۈمرانلىق، ئىدىئولوگىيە ۋە بىر خىل ياشاش شەكلى دەپ قاراشتۇر. يەنە بىرى بولسا ئۇنى باشقۇرۇش مېخانىزمى سۈپىتىدە چۈشىنىشتۇر. ئىسلامىي ھەرىكەت تەرەپتارلىرىنى غىدىقلىغان دېموكراتىيە چۈشەنچىسى ۋە شەكلى بۇ ماقالىدە مۇلاھىزە قىلىنمايدۇ. ئۇلارنىڭ چۈشەنچىسىمۇ يۇقىرىقىلارنىڭ بىرىنى مەنبە قىلغان. ماقالىنىڭ ئوبيېكتى بولغان ئىسلام-دېموكراتىيە مۇنازىرىسىدە ئۇقۇملارنىڭ پەرقلىق مەنبەدىن كېلىشى ۋە پەرقلىق چۈشىنىلىشى ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلە. ماقالىنىڭ بىرىنچى بۆلىكىدە ئىسلام ۋە سىياسىي ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ تارىخى يۈزى قىسقىچە تىلغا

ئېلىنىدۇ. دېموكراتىيەگە يۈزلەنگەن بۇ مۇنازىرىدە مۇسۇلمانلارنىڭ سىياسىيغا قانداق قارىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ. ئىككىنچى بۆلۈمدە ئىسلام دېموكراتىيە بىلەن ماسلاشمايدۇ دېگەن قاراش قەلەمگە ئېلىنىدۇ. ئۈچىنچى بۆلۈمدە ئىسلام دېموكراتىيە بىلەن ماسلىشىدۇ، دېگەن نۇقتىنەزەر بايان قىلىنىدۇ. خۇلاسە قىسمىدا ئومۇمىي بىر باھا ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ.

## ئىسلام ۋە سىياسىي مۇنازىرىگە بىر نەزەر

ئىسلام دىنى باشقا دىنلارغا ئوخشاش ئىنساننىڭ ئاخىرەت ھاياتىنىلا ئەمەس، بەلكى ئىككىلا دۇنيادىكى ھاياتىنى تەرتىپكە سالىدىغان ۋە مەنىگە ئىگە قىلىدىغان دىندۇر. ئىسلام شەخسنىڭ ھاياتىدىكى سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەتكە مۇناسىۋەتلىك بارلىق ئامىللارغا زور تەۋسىيەلەرنى سۇنىدىغان دىن بولغاچقا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەم پەيغەمبەر ھەمدە دۆلەت ئەربابى دەپ بىلىنگەن. ئىسلام يەنە سىياسىي ھەرىكەتلەرگىمۇ ئالاقىدار بولغاچ، ئۇنىڭ دۆلەت مەسىلىلىرى ھەققىدىمۇ بىر يۈرۈش تەۋسىيەلىرى باردۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغىچە ئۇنىڭ مۇكەممەل كىشىلىك سۈپەتلىرى ۋە ئىقتىدارى سەۋەبلىك ھېچ بىر سىياسىي مۇنازىرە ئوتتۇرىغا چىقمىغان. ھالبۇكى، ئۇ ۋاپات بولۇپلا سىياسىي پەرقلەر مەيدانغا چىققان ۋە كىمنىڭ خەلىپە بولۇشى ھەققىدە ئىختىلاپ كۆرۈلگەن. خەلىپىلىك مۇنازىرىسى ئىسلام تارىخىدا ئەڭ چوڭ تەسىرگە ئىگە تېمىلارنىڭ بىرى. خەلىپىنىڭ كىم بولۇشى مەسىلىسى دەسلەپتە سىياسىي ساھەدە قوزغالغان بولسىمۇ، كېيىنچە ئىسلامنىڭ مەزھەپلەرگە بۆلۈنىشىگە قەدەر سىڭىپ كىرگەن. نەتىجىدە، پەرقلىق بولغان ئىككى خىل باشقۇرۇش شەكلى شەكىللەنگەن. سۈننىلەر خەلىپىلىك ئەنئەنىسىنى داۋام قىلسا، شىئەلەر ئىمامچىلىق ئەندىزىسىنى بەرپا قىلغان. سۈننىلەرنىڭ قارىشىدا خەلىپە لاياقەتكە تايىنىپ ۋە ئۈممەتنىڭ بەيئىتىگە ئاساسەن ھەقلىق ئورۇنغا ئېرىشىدۇ. شىئەلەردە ئىمام ئاللاھ تاللىغان بىر كىشى بولۇپ، مۇكەممەل خارەكتېرگە ئىگە بولۇشى، گۇناھسىز بولۇشى ۋە ئالاھىدە كىشىلىك سۈپەتلەرگە نائىل بولۇشى كېرەك.

كېيىنكى مەزگىللەردە مۇسۇلمانلارنىڭ كۆپىنچىسى سۈننى بولغىنى ئۈچۈن خەلىپىلىك كۈچلۈك ئىجتىمائىي ئاساسقا ئىگە بولغان. ئەمما مۇئاۋىيە دەۋرىگە كەلگەندە خەلىپىلىك پادىشاھلىققا ئۆزگەرگەن. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھلىق ئەنئەنىسى خەلىپىلىك تونىغا ئورىنىپ كۈچلۈكلەر خەلىپە بولىدىغان، خەلىپىنى تەيىنلىگۈچى بىر جامائەت ئەمەس، بىر كىشى بولىسىمۇ بولىدىغان، ھاكىمىيەتتىكى مىراسخورلۇقنىڭ ھەقلىق ئىكەنلىكى قوبۇل كۆرۈلىدىغان بولدى. خەلىپىلىك دىنىنىڭ ئاساسى ۋە پەرز سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنغان. بۇ ئىسلامنىڭ سىياسىي چۈشەنچىسىدە بىر مۇنازىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە سەۋەب بولغان. بەكرەك كالامچىلار ۋە ئىسلام پەيلاسوپلىرىنىڭ ئارىسىدا يۈز بەرگەن بۇ مۇنازىرە دۆلەتنىڭ خارەكتېرى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. كالامچىلارنىڭ

www.uyghurkitap.com

قارشىچە دۆلەت ۋەھىيگە ئاساسەن ۋاجىپتۇر. ئىسلام پەيلاسوپلىرىنىڭ قارشىچە دۆلەت ۋەھىيگە ئاساسەن ئەمەس، ئىنسانىي ھايات ئېھتىياجىغا ئاساسلانغان بىر زۆرۈرىيەتتۇر. شۇندىن كېيىن بۇ سىياسىي مۇنازىرە پەرقلىق تەرەپتىن قانات يېيىشقا باشلىغان. بۇ مۇنازىرىنى بۈگۈنكى ئىسلامچىلارمۇ پەرقلىق شەكىلدە داۋاملاشتۇرماقتا. بولۇپمۇ 70 ـ يىللاردىكى تۈركىيەدە مەۋدۇدى ۋە سەيىد قۇتۇپ ئەسەرلىرىدىن ئىلھاملانغان تەۋھىدچى ئىسلام ئېقىمى دۆلەتنى ئىسلامغا تولۇق مۇيەسسەر بولۇشتىكى بىر زۆرۈرىيەت دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ قارشىچە «مۇسۇلمانلارنىڭ خەلىپىسىز ئۆلۈش ھەققى يوق». ئەمما دۆلەتنى ئىلاھىي تەۋسىيە ئەمەس، ئىنسانىي زۆرۈرىيەت دەپ قارايدىغانلارمۇ بار.

19 ـ ئەسىردىن ئېتىبارەن ئىزچىل مۇنازىرە قىلىنىپ كېلىۋاتقان ئىسلام-سىياسىي تېمىسى ئالاھىدە پەرقلىق بىر يولغا كىرگەن. ئىسلام دۇنياسىنىڭ غەرب بىلەن ئۇچرىشىشى ۋە توقۇنۇشلاردا يېڭىلىشى مۇسۇلمانلارنىڭ غەربنى چۈشىنىشى ۋە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشىغا سەۋەب بولغان. بولۇپمۇ ئوسمانلى ئىمپېراتورلۇقىنىڭ يېقىلىشىنى توسۇش ئۈچۈن تۈرلۈك تەدبىرلەرگە مۇراجىئەت قىلىنغان، بۇ تەدبىرلەر ئاۋۋال ئارمىيەنىڭ ئاندىن باشقا تارماقلارنىڭ زامانىۋىيلىقتا يۈزلىنىشكە باشلىشى بىلەن نەتىجەلەنگەن. بۇ ئەمەلىي تەدبىرلەرگە مۇناسىۋەتلىك سىياسىي شەكىلنىڭ قانداق بولۇشى، مۇسۇلمانلارنىڭ نېمە ئۈچۈن ئارقىدا قالغانلىقى قاتارلىق نىگىزلىك سوئاللار سورالغان ۋە جاۋابى ھەققىدە ئىزدىنىشلەر بولغان. بۇنداق ئىزدىنىشلەر جەريانىدا ئۈچ خىل سىياسەت ئەندىزىسى ئوتتۇرىغا چىققان بولۇپ، ئۇلار ئوسمانلىچىلىق، ئىسلامچىلىق ۋە تۈركچىلىكتۇر. بۇ دەۋردە ياۋروپاغا ئوقۇغۇچى چىقىرىلغان ۋە دۆلەتنى زامانىۋىيلاشتۇرماق ئۈچۈن ياۋروپا سىستېمىسىنى ئۆزلەشتۈرۈش ئويلىشىلغان. ئەمما ياۋروپاغا ئوقۇشقا چىققانلار، قاچقانلار ۋە سۈرگۈن قىلىنغانلار سىياسىي سىستېمىدىن بەكرەك تەسىر ئالغان.

ئىسلام دۇنياسىنىڭ نېمە ۋەجىدىن كەينىدە قالغانلىقىغا ئائىت جاۋابلاردا ئەڭ موھىم ئامىللاردىن بىرى سىياسىي تۈزۈلمىدۇر. ئارقىدا قېلىشقا ئىستىبدات ھاكىمىيەتنى جاۋابكار دەپ قارايدىغان زىيالىلار مۇستەبىت ۋە ھاكىممۇتلەقچىلىك بىلەن كۈرەش قىلىش نىيىتىدە يوللۇق بىر ھاكىمىيەت تەلەپ قىلغان ۋە بۇ تەلەپلىرىنى تۈرلۈك شەكىللەردە ئوتتۇرىغا قويغان. بولۇپمۇ يېڭى ئوسمانلىلار دېيىلىدىغان زىيالىلارنىڭ تەلەپلىرى كېڭەش ھۆكۈمىتى بولۇپ، بۈگۈننىڭ ئىبارىسىدە دېموكراتىك تۈزۈمدۇر. يېڭى ئوسمانلىلار دېموكراتىك رامكا ئىچىدە ئىمپېراتورلۇقنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن چارە ئىزدەشكە كىرىشكەن. ئىسلامچىلارمۇ دەسلەپتە يېڭى ئوسمانلىلارنىڭ چۈشەنچىلىرىدىن بەھرىلەنگەن، شۇنداقلا دېموكراتىيە ئۇلارنىڭ «ئۇسۇلى مەشۋەرەت» (كېڭەش)نى تۇتقا قىلغان تۈنجى مۇنازىرىسىنىڭ مەزمۇنىنى تەشكىل قىلغان.

شۇنىڭ بىلەن تۇنجى قېتىم ئوسمان ئىمپېرىيەسىنىڭ يېقىلىش مەزگىلىدە كۈنتەرتىپكە كەلگەن دېموكراتىيە 20 ـ ئەسىر بويىچە ئىسلام دۇنياسىدىكى مۇتەپەككۇرلارنى ۋە ھەرىكەتلەرگە تەسىرىنى سىڭدۈرگەن بىر ھادىسە بولغان. ئوسمان ئىمپېرىيەسىنىڭ يىمىرىلىشىدىن كېيىنكى

جۇمھۇرىيەت دەۋرىدە بۇ زېمىندا ياشىغان مۇسۇلمانلار بىر مىللىي دۆلەت ئىچىدە پەرقلىق سىياسىي بازىسلاردا يەر ئالغان. يېڭى قۇرۇلغان جۇمھۇرىيەتنىڭ غەربلىشىش سىياسىتى سەۋەبلىك تۈركىيەدىكى ئىسلامىي سىياسى ھەرىكەت يىمىرىلىشكە ئۇچرىغان. بولۇپمۇ 1924 - يىلى چىقىرىلغان ئۈچ قانۇن نەتىجىسىدە خەلىپىلىك ئەمەلدىن قالغان، مائارىپ ۋە دىيانەت مىنىستىرلىكى قۇرۇلغان. نەتىجىدە ئىسلامچىلىقنى مەيداندىن سىقىپ چىقىرىدىغان ھەرىكەتلەر مەيدانغا كەلگەن. باشقا مۇسۇلمان ئەللەردىكى ئىسلامىي ھەرىكەتلەر بولسا مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرى دائىرىسىدە داۋام قىلغان.

بۇرۇنقى ئوسمان ئىمپېرىيەسى تەۋەسىدە قۇرۇلغان يېڭى مىللىي دۆلەتلەر ۋە مۇستەملىكىچى ئەللەرنىڭ سىياسەتلىرى ئىسلامچى چۈشەنچە ۋە ھەرىكەتلەرنىڭ غەربكە ۋە غەربتىن كەلگەن ھادىسىلەرگە سوغۇق مۇئامىلە قىلىشىغا سەۋەب بولدى. شۇنىڭ بىلەن دېموكراتىيەمۇ غەربنىڭ مەھسۇلى سانىلىپ ئوسمانلى دەۋرىدىكىدىن پەرقلىق ۋە شۈبھىلىك بىلىنگەن. مۇسۇلمانلار دېموكراتىيەنى غەربنىڭ خىرىستىيانلاشتۇرۇش پىلانىنىڭ مەدەنىيەتلەشتۈرۈش دېگەن يېڭى نۇسخىسى دەپ قارىغان. بۇنداق ئىجتىمائىي ۋە سىياسى شارائىتلار دائىرىسىدە ئىسلامچىلار تەرىپىدىن تالاش - تارتىش قىلىنغان دېموكراتىيە پەرقلىق باھالانسىمۇ ئەڭ كۆرۈنەرلىك بولغىنى، ئىسلام دېموكراتىيە بىلەن ماسلىشىدۇ ۋە ماسلاشمايدۇ، دېگەن ئىككى قاراش گەۋدىلىك بولغان. بۇ قاراشلارنىڭ تايىنىدىغان سەۋەبلىرى پەرقلىق. ئىسلام بىلەن دېموكراتىيەنىڭ ماس ياكى ئەمەسلىكى ھەققىدە غەرب مۇتەپەككۇرلىرى ۋە مۇسۇلمان ئالىملارنىڭ پەرقلىق قاراشلىرى بار. ئاۋۋال غەرب ئالىملىرىنىڭ، ئاندىن مۇسۇلمان ئالىملارنىڭ قاراشلىرىغا نەزەر سالايلى.

### ئىسلام دېموكراتىيە بىلەن ماسلاشمايدۇ

ئىسلام بىلەن دېموكراتىيەنىڭ ماسلاشماي- -دىغانلىقى ھەققىدە غەرب ۋە مۇسۇلمان ئالىملىرىنىڭ قاراشلىرى مەۋجۇت. ئىسلامنىڭ دېموكراتىيە بىلەن ماسلاشمايدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن كىشىلەرنىڭ بايانلىرىدىكى زىتلىق ئۇلارنىڭ دېموكراتىيەنى لىبېرال دېموكراتىيەگە تەڭ دەپ چۈشىنىپ قالغانلىقىدىن بولغان. بۇ تەتقىقاتتا ئىسمى تىلغا ئېلىنىدىغان خانتىڭتون، فۇكۇياما، لۇۋىس قاتارلىقلارنىڭ قاراشلىرى بىر - بىرىگە ئوخشىشىدۇ. ئاساسلىق مەسىلە ئىسلامنىڭ لايىق (ئەلمانى)، لىبېرال قەدىرىيەتلەر (قىممەت قاراشلار) بىلەن كىرىشمەسلىكى ياكى ئىسلامىي قىممەت قاراشلارنىڭ لىبېرال ۋە لايىق قىممەت قاراشلار بىلەن ئۇيغۇنلاشماسلىقىدۇر.

غەربلىك ئىجتىمائىي پەنچىلەردە ئىسلام- دېموكراتىيە مۇناسىۋىتىدە ئىككى پەرقلىق خاھىش بار. ئۇلارنىڭ قاراشلىرى بويىچە ئۇيغۇنلۇق تەرەپتارلىرى ۋە ئۇيغۇنسىزلىق تەرەپتارلىرى دەپ ئىككىگە ئايرىش مۇمكىن. ئىسلامنىڭ دېموكراتىيە بىلەن ئۇيغۇنسىزلىقىنى تىلغا ئالىدىغان غەرب ئالىملىرىنىڭ دەلىللىرىنىڭ موھىمى ئىلاھنىڭ ھۆكۈمرانلىقى مەسىلىسى. بولۇپمۇ ئۆلىمانىڭ رولى ۋە شەرىئەت، ئۇيغۇنسىزلىق تەرەپتارلىرىنىڭ ئاساسلىق تايىنىدىغان نوقتىلىرىدۇر. غەرب ئالىملىرىدىن خانتىڭتوننىڭ قارىشىچە ئىسلام دېموكراتىيە بىلەن ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. چۈنكى

www.uyghurkitap.com

ئىسلامدىكى ئۆلىما ۋە شەرىئەتنىڭ ئورنى بۇ ئۇيغۇنلۇققا ئىمكان بەرمەيدۇ. ئۇنىڭچە غەربتە دىنىي نوپۇز بىلەن سىياسىي نوپۇز ئايرىۋېتىلىپ ئىسلامدا ئايرىلمىغان، بۇ دېموكراتىيەنىڭ ئالدىدىكى ئەڭ چوڭ توسالغۇنى تەشكىل قىلىدۇ. دېمەك، ئۇنىڭ لايىقلىقنى دېموكراتىيەنىڭ ئالدىنقى شەرتى دەپ قاراۋاتقانلىقى چىقىپ تۇرىدۇ. ئىسلامچىلار ئىچىدىمۇ خانتىڭتوندەك قارايدىغانلار بار. خانتىڭتون ئىنسانلاردىكى ئاساسلىق پەرقنىڭ تۈزۈم ۋە ئىدئولوگىيەدىكى ئەمەس، مەدەنىيەتتىكى ئۆزگىچىلىك سەۋەبلىك كېلىپ چىقىدىغان پەرق ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە شەخسنىڭ خاسلىقى، ئەركىنلىك، كىشىلىك هوقۇق، لايىقلىق (دىن بىلەن دۆلەتنىڭ ئايرىلىشى) دېگەندەك غەربچە ئۇقۇملار ئىسلام، بۇددا، كوڭزىچىلىق ۋە هىندى دىنلىرىدىكى ئۇقۇملار بىلەن نىگىزىدىن پەرقلىنىدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە غەرب ئۈچۈن ئەڭ چوڭ مەسىلە ئىسلام ئەسلىيەتچىلىكى ئەمەس، بەلكى ئىسلامنىڭ ئۆزىدۇر. خانتىڭتون مۇسۇلمانلارنىڭ دېموكراتىيە بەرپا قىلالمىغان بىلەن، بۇ يولدا مېڭىشقا ئۆزىگە خاس بىر ئىمكانى بارلىقىنى تىلغا ئالغان.

ئامېرىكىلىق ئالىم فوكۇيامامۇ ئىسلام-دېموكراتىيە مۇنازىرىسىدە موهىم شەخسلەردىن بىرى. ئۇنىڭ قارىشىچە سوۋېتلەر ئىتتىپاقى يىمىرىلگەندىن كېيىن دۇنيادا لىبېرال دېموكراتىيە هاكىم بولۇپ تارىخ خۇلاسە چىقىرىپ بولغان. بۇ ئىنسانىيەت ئالىمىدە لىبېرالىزمنىڭ (هۆرىيەتچىلىك) غالىپ بولغانلىقىنىڭ بىشارىتىدۇر. لىبېرالىزمغا نىسبەتەن باشقا بىر تاللاش بولغان ئىسلام، خۇددى لىبېرالىزم ۋە كومۇنىزمغا ئوخشاش بەلگىلىك ئەخلاق مىزانلىرىغا ۋە سىياسىي، ئىجتىمائىي دەستۇرغا ئىگە بىر ئىدئولوگىيەدۇر. ئەمما لىبېرال دېموكراتىزمنىڭ قارشىسىغا چىققۇدەك دۇنياۋىي تەۋسىيەگە قۇدرىتىگە ئىگە ئەمەس، چۈنكى ئىسلامنىڭ تەۋسىيە قىلىدىغىنى دىنىي هۆكۈمرانلىق تىپىدىكى دۆلەت بولۇپ، مۇسۇلمان بولمىغانلار ئۈچۈن جەلپكار بىر تەۋسىيە ئەمەستۇر. شۇڭا ئىسلام بەلكىم دېموكراتىك بىر هۆكۈمەت تۈزىمى بىلەن ماسلىشالىشى مۇمكىن، بىراق ئەركىنلىك ۋە ئەركىن ئىبادەت هوقۇقى بىلەن ماسلىشالمايدۇ. دېمەك، فۇكۇيامامۇ خانتىڭتونغا ئوخشاش ئىسلامنىڭ لىبېرال دېموكراتىيە بىلەن ئۇيغۇنلۇقتا بولالمايدىغانلىقىنى، بەلكى ئۆزىگە خاس بىر ئىسلامىي دېموكراتىك تۈزۈم بەرپا قىلالايدىغانلىقىنى قەيت قىلغان.

يېقىنقى ئىككى يىلدىن باشقا بەزى غەربلىك تەتقىقاتچىلارمۇ ئىسلام بىلەن دېموكراتىيە ئارىسىدىكى ئۇيغۇنسىزلىقنى تىلغا ئېلىپ، ئىسلامىي جەمئىيەتلەردە بىر دېموكراتىك باشقۇرۇش ئەندىزىسىنىڭ مۇمكىن بولمىغانلىقىنى دېيىشىدۇ. مەسىلەن، تارىخچى تويىنبىنىڭ قارىشىچە دېموكراتىك تۈزۈم بەلگىلىك مەدەنىيەتنىڭ مەهسۇلى بولۇپ، خىرىستىيانچە تۈزۈم ئىكەن، ئۇنىڭچە شەرق دۇنياسىدا دېموكراتىك تۈزۈم ئورناتقىلى بولمايدىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بەزى تەتقىقاتچىلار «ئىسلامدىكى دېموكراتىيە ۋە ئەركىنلىك كەمتۈكلىكى پۈتۈنلەي يوقسۇللۇق ۋە نېفىت سەۋەبىدىن ئەمەس، بەلكى ئىسلامنىڭ ئۆزىدە مەۋجۇتتەك كۆرۈنىدۇ».

ئىسلامنىڭ دېموكراتىيە بىلەن ئۇيغۇن

كەلمەيدىغانلىقىنى ياقلىغانلار يالغۇز غەربلىك تەتقىقاتچىلاردىلا ئەمەس، بەلكى مۇسۇلمان ئالىملار ئىچىدىمۇ بار. بۇ بىر تەپەككۇر سۈپىتىدىلا ئەمەس، بىر ھەرىكەتنىڭ پروگراممىسى ياكى بىر پارتىيەنىڭ نىزامنامىسى سۈپىتىدىمۇ مەۋجۇد. بۇ قاراشتىكى شەخسلەردىن سەييىد قۇتۇپ، مەۋدۇدى، مۇھەممەد قۇتۇپ قاتارلىقلارنى كۆرسەتسەك، ھەرىكەتلەردىن ھىزبۇتتەھرىر، سەلەفىيچىلىك، ئەلقائىدە قاتارلىقلارنى كۆرسىتىش مۇمكىن، پارتىيەلەردىن مىسىردىكى ئىخۋانۇل مۇسلىمىن ۋە پاكىستاندىكى جامائەتى ئىسلامىيە قاتارلىقلارنى مىسال قىلغىلى بولىدۇ. بۇلارنىڭ ئورتاق بىر قارىشى ئىسلامدا بىر دۆلەت ئەندىزىسى بار دېگەندىن ئىبارەت. بۇ دۆلەت ئەندىزىسىدىكى بەزى ئالاھىدىلىكلەر دېموكراتىيە بىلەن باغلىنىدىغاندەك كۆرۈنسىمۇ ئەمما پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. بۇنداق پەرقلەرنىڭ نىگىزىدە ھاكىمىيەتنىڭ ۋە قانۇن تۈزۈشنىڭ ئاللاھقا مەنسۇپ ئىكەنلىكى ياتىدۇ. بۇ قاراش ھاكىمىيەت خەلققە مەنسۇپ دەپ قارايدىغان دېموكراتىيە بىلەن توقۇنۇشىدۇ، ئۆزگە باشقىچە قاراشتا بولغانلار شېرىك كەلتۈرۈش بىلەن ئەيىبلىنىدۇ. ئۇلارچە دېموكراتىك ئەلدە تىرىكچىلىك قىلىۋاتقان كىشىلەر ئاللاھنىڭ ھۆكمىگە ئەمەس، تاغۇتنىڭ ھۆكمىگە بويسۇنۇپ ياشاۋاتقانلار ھېسابلىنىدۇ. ئىسلام ئۆلىماسى مەقدىسى ئەنئام سۈرەسىنىڭ 116 ـ ئايىتىدىكى «ئەگەر سەن زېمىندىكى كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسىگە ئىتائەت قىلساڭ، ئۇلار سېنى ئاللاھنىڭ يولىدىن ئازدۇرىدۇ» دېگەن مەزمۇننى قوللىنىپ دېموكراتىيەنىڭ ئاللاھنىڭ ھاكىمىيىتىگە قارشى بەندىنىڭ ھاكىمىيىتى ئىكەنلىكىنى قەيت قىلىدۇ.

ئىسلامنىڭ دېموكراتىيە بىلەن ماسلاشماي-دىغانلىقىنى تەكىتلەيدىغانلارنىڭ ئەڭ موھىم پىكىر مەنبەسى مەۋدۇدى قاراشلىرىدۇر. مەۋدۇدىنىڭ قارىشىچە ئىسلام بىلەن غەرب دېموكراتىيەسىنىڭ ھېچ بىر ئۇيغۇن كېلىدىغان يېرى يوقتۇر. مەسىلىگە پەلەسەپە نۇقتىسىدىن قارىغان مەۋدۇدىچە بولغاندا ئىسلام خەلق ھاكىمىيىتىنى تەشەببۇس قىلىدىغان دېموكراتىيىنى رەت قىلىدۇ. ئۇنىڭچە ئىسلامدا دۆلەت ئاللاھنىڭ ھاكىمىيىتى ۋە ئىنساننىڭ خەلىپىلىكى ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ. بۇ مەسىلىنى ئۇ ئۇلۇھىيەت (يەنى مۇتلەق ئىلاھلىق) بىلەن رۇبۇبىيەتكە باغلىغان. ئۇ ئاللاھنىڭ مۇتلەق ئىگىدارلىقا (رۇبۇبىيەت) كە ئىگە ئىكەنلىكىنى، شۇ سالاھىيىتى بىلەن بىر ئورتاق مىزان سۈپىتىدە ئىسلامنى ئىنسانىيەتكە سۇنغانلىقىنى، ئاللاھنىڭ ئىلاھلىق سۈپىتىنىڭ بىر نوپۇز ئىكەنلىكىنى، بۇ نوپۇزنىڭ پارچىلانمايدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ. ئەمما مەۋدۇدى دېموكراتىيەنى بىر ئاساسىي قانۇنلۇق تۈزۈم دەپ تونۇپ ئۇنىڭ ماھىيىتىنى ئۆزگەرتىشنى ياقلىغان. ئۇنىڭ ئۆز سۆزى بويىچە ئېيتقاندا دېموكراتىيەنى بىر دىنىي دېموكراتىك تۈزۈم سۈپىتىدە، باشقۇرۇش شەكلى قىلىپ قوبۇل قىلىشقا بولىدۇ. ئىلاھىي دېموكراتىك ھاكىمىيەت خەلققە پىرىنسىپلىق بىر خوجايىنلىق ئاتا قىلىدۇ. مەسىلەن، شەرىئەتتە ئېنىق بىر نەس (ئايەت ياكى ھەدىس) نازىل قىلىنمىغان، ئەمما قىلىنىشى كېرەك بولغان مەسىلىدە باشقا نەسلەرگە زىت بولمىغان ئەھۋالدا زىددىيەت ۋە مەسىلىلەر مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشتىراكى ۋە پىكىر بىرلىكى بىلەن ھەل قىلىنىدۇ.

www.uyghurkitap.com

مەۋدۇدىنىڭ دېموكراتىيەگە قارشى پىكىرلىرى ئۇنىڭ دەسلەپكى كۆز قاراشلىرىنىڭ ئەكسى سادىسىدۇر. مەۋدۇدى دەسلەپتە زامانىۋى بىر دۆلەتنىڭ قۇرۇلۇشىنى توغرا كۆرگەن ۋە ئەيىۋپخان ھاكىمىيىتىنىڭ زۇلۇملىرىنى يوقىتىش ئۈچۈن دېموكراتىيە چاقىرىقى ئېلان قىلغان. 1955 - يىلى ئۆزىگە بېرىلگەن ئۆلۈم جازاسى ئاساسى قانۇن مەھكىمىسى تەرىپىدىن رەت قىلىنغاندىن كېيىن، ھۆكۈمەت، ئەدلىيە ۋە پارلامېنتتىن ئىبارەت ئۈچ ئورگان باراۋەر ۋە مۇستەقىل بولغان دېموكراتىك تۈزۈمگە مايىل بولغان. باشقا مۇسۇلمان ئالىملارمۇ مەۋدۇدى قۇرغان جامائەتى ئىسلامىيەنىڭ دەسلەپ دېموكراتىيەگە قارشى چىقىپ كېيىن دەستەك بولغانلىقىنى قەيت قىلىشىدۇ.

دېموكراتىيەگە قارشى دۇنياۋىي ئىسلام ھەرىكەتلى--رىنىڭ تۇنجىسى مىسىردا قۇرۇلغان مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىدۇر. بۇ ئۇيۇشمىنىڭ دېموكراتىيە قارىشىغا نەزەر سالساق بۇ ھەرىكەتنى دېموكراتىيەگە قارشى بىر نۇقتىغا ئېلىپ كەلگىنى سەييىد قۇتۇپتۇر. قۇتۇپتىن بۇرۇنقى يېتەكچىلەردىن ھەسەن بەننامۇ سىياسىي تېمىلاردا پىكىر بايان قىلغان، ئەمما ئۇنىڭ پىكىرلىرى قۇتۇپقا ئوخشاش دەل ۋە كەسكىن بولمىغان. بەننا دەۋرىدە ۋە ئۇندىن كېيىنكى دەۋرلەردە ئىخۋانۇل مۇسلىمىن ئېنىق بىر سىياسىي قاراشنى ياقلىمىغان، پەقەت لايىقلىق مەسىلىسىدە ئوچۇق بىر پوزىتسىيەگە ساھىپ بولغان. بەننانىڭ قارىشىچە ئىسلام «ھېچ شۈبھىسىزكى ئېتىقاد، ئىبادەت، ۋەتەن، مىللەت، مەنىۋىيەت، قۇۋۋەت، ئەخلاق، ماددا، مەدەنىيەت ۋە قانۇندۇر». ئۇنىڭچە ئىسلام بىر پۈتۈنلۈك بولۇپ لايىقلىق رامكىسىغا سىغمايدۇ. قۇتۇپنىڭ كەسكىن پىكىرلىرىگە سېلىشتۇرۇپ قارايدىغان بولساق، بەننا قاراشلىرىنىڭ بىرئاز ئىلاستىكلىق ئىكەنلىكىنى بايقايمىز.

بەننا «ئىسلام ۋە تىنچلىق» ناملىق مەكتۇبىدا دېموكراتىيەنىڭ موھىم تۆھپىسى بارلىقىنى، خەلقلەر ۋە دۆلەتلەر ئۈچۈن ھۆرلۈك ۋە ھۆر چۈشەنچىلەر بەخش ئەتكەنلىكىنى، ھۆرلۈك ئىدىيەسىنى ئىنسان تەپەككۇرىغا سىڭدۈرۈشكە ئىمكان ئاتا قىلغانلىقىنى، ئىنسانغا ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش كۈچى ۋە ئەركىنلىكى تەقدىم قىلغانلىقىنى بۇ ئىنئاملارنى كۆرمەسكە سالالمايدىغانلىقىنى تىلغا ئالغان. بەننا ئاشقۇن ئەركىنلىك ۋە ئاشقۇن شەخسچىلىكنىڭ ئاقىۋەتلىرىدىن گېتلىر ۋە موسولىنىنى مىسال ئېلىپ ئاگاھلاندۇرغان. ئۇ گېرمانىيە ۋە ئىتالىيەدىكى دېموكراتىيەنىڭ كۈتۈلمىگەن نەتىجىلىرىنى نەزەرگە ئېلىپ مۇسۇلمانلارغا غەربچە دېموكراتىك ئەندىزىدىن بەكرەك، ئىسلامىي ئەنئەنىگە نەزەر سېلىشى كېرەكلىكىنى تەكىتلىگەن.

بەننانىڭ قارىشى بويىچە دېموكراتىيەنىڭ ئاساسى بولغان ھۆر پىكىر ۋە ھۆر ئىرادىنى، پۇقرا بىلەن باشلىقنىڭ قانۇندا باراۋەرلىكىنى، مۇسۇلمانلار دىنىنىڭ ئاساسى قىلغان ۋە ئىسلام تارىخىدا ئەمەلگە ئاشۇرغان. شۇنداقلار ئەرەپ يېرىم ئارىلىدىكى سەھرا ۋە چېدىرلاردا بىر مىزان سۈپىتىدە تەدبىق قىلغان. بەننانىڭ قارىشىچە ئاللاھ باشقۇرۇشتا ئومۇمىي پىرىنسىپ ۋە قائىدىلەرنى بېكىتكەن بولۇپ، ئۇلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا ئىنسانغان ھۆرلۈك ئاتا قىلغانلىقى ئۈچۈن، بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرغان

دۆلەت يوللۇق بىر دۆلەتتۇر. دېموكراتىك تۈزۈمنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى بولغان ئاساسىي قانۇن ۋە ئاۋاز بېرىشنى باھاسىز بىر مۆۋەپپىقىيەت سۈپىتىدە مۇئەييەنلەشتۈرگەن. بۇ نۇقتىدا دېموكراتىيە ئىسلامىي ئاساسلارغا تايانغان يوللۇق بىر باشقۇرۇش ئەندىزىسى تەرزىدە كۆرۈلگەنلىكى مەلۇم. ئەمما بەننا پارتىيە تۈزۈمگە قارشى بولۇپ، ئۇنى خەلقنىڭ بىرلىكىنى بۇزىدىغان، ئۆزئارا دۈشمەنلىك تۇغدۇرىدىغان بىر مەنبە دەپ قارىغان.

مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ يەنە بىر پىكىر مەنبەسى بولغان سەييىد قۇتۇپ بەننادىن پەرقلىق قاراشتا ئىگە. قۇتۇپنىڭ ئىدىيەسى بۈگۈنكى ئاشقۇن ئىسلامىي پىكىرلەرنىڭ مەنبەسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ زامانىۋىي دۇنيانى ئىسلامنىڭ قارشىسىغا قويۇپ جاھىلىيەت دۇنياسى دەپ قارىغان، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ نەزىرىدىكى ئىسلامىي جەمئىيەتكە تەۋە بولمىغان بارلىق جەمئىيەتلەرنى جاھىلىيەت جەمئىيىتى دەپ قارىغان. لايىقلىققا قارشى بولغان قۇتۇپ ئىسلامنى بىر پۈتۈن دەپ قارىغان. سەييىد قۇتۇپ ئىسلامدا دىن بىلەن دۆلەتنىڭ ئايرىلمايدىغانلىقىنى، دىنىنىڭ پەقەت بىر ئېتىقاد ۋە چۈشەنچە ئەمەس، ئىجتىمائىي تۈزۈم ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەن. قۇتۇپنىڭ قارىشىچە ئىسلامنى خەلقتىن ۋە ئىجتىمائىي ھاياتتىن ئايرىپ چۈشىنىلسە توغرا بولمايدۇ، ئىسلام ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە قانۇنىي ساھەلەردە ھاكىم قىلىنمايدىكەن بۇ دىنغا ئىشەنگەن كىشىلەرنى مۇسۇلمان دېگىلى بولمايدۇ. يۇقىرىقى پىرىنسىپلار ئەمەلگە ئاشماي تۇرۇپ ئىبادەت ۋە باشقا پىرىنسىپلارغا ئەمەل قىلغان تەقدىردىمۇ خەلق مۇسۇلمان ھېسابلانمايدۇ. بۇ پىرىنسىپلارنىڭ بېشى ھاكىمىيەتتۇر، ھاكىمىيەت ئاللاھقا مەنسۇپ بولۇپ، قانۇنلارنى تۈزگۈچى ئاللاھتۇر. ئىنسان تۈزگەن بارلىق پىرىنسىپلارغا ئاساسەن قۇرۇلغان دۆلەتلەر ئىسلامغا ئۇيغۇن ئەمەس. بۇ قاراشلىرى ئارقىلىق سەييىد قۇتۇپ دېموكراتىيەگە قارشى بىر تاقابىللىق شەكىللەندۈرگەن. ئۇنىڭچە پارلامېنت ئاللاھقا مەنسۇپ بولغان ھاكىمىيەتكە چاڭ سالغان بىر يەر بولۇپ قالغان.

ئىسلام دۇنياسىدىكى دېموكراتىيەگە قارشى يەنە بىر كۈچ ھىزبۇتتەھرىر ھەرىكىتى ۋە ئۇنىڭ رەھبىرى تاقىيۇددىن نەبھانىدۇر. 1950 ـ يىللاردا نەبھانى تەرىپىدىن ئىئوردانىيەدە قۇرۇلغان ھىزبۇتتەھرىرنىڭ ئىدىيەسى بويىچە جەمئىيەت ۋە دۆلەتنىڭ ئىسلاملاشتۇرۇلىشى شەرت. پۈتۈن مۇسۇلمانلارغا ئىسلام دۆلىتى قۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش پەرزدۇر. پارتىيەنىڭ تور بېتىدىكى ھىزبۇتتەھرىرنى تونۇشتۇرىدىغان كىتابقا قارىغاندا ئال ئىمران سۈرىسىنىڭ 104 ـ ئايىتىدىكى (ئۇيغۇرچە تەرجىمىدە 103 ـ ئايەت) «سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا كىشىلەرنى خەيرلىك ئىشلارغا دەۋەت قىلىدىغان، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ يامان ئىشلاردىن توسىدىغان بىر جامائە بولسۇن؛ ئەنە شۇلار مەقسىتىگە ئېرىشكۈچىلەردۇر» دېگەن مەزمۇنغا ئاساسەن بۇ پارتىيەنىڭ قۇرۇلغانلىقى ئېيتىلىدۇ. پارتىيەنىڭ قۇرۇلۇش مەقسىتى ئىسلام ئۈممىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئۇلارنى كۇفرىي پىكىرلەردىن، تەرتىپلەردىن، ھۆكۈملەردىن ۋە كاپىر ھاكىمىيەتتىن قۇتقۇزماقتۇر. بۇ پارتىيە دېموكراتىيەنى خەلق ئۈچۈن، خەلق نامىدا يۈرگۈزىلىدىغان باشقۇرۇش شەكلى دەپ

www.uyghurkitap.com

چۈشەندۈرگەن. بۇ چۈشەنچىگە قارىغاندا ئىرادە، ئىگىدارلىق ۋە ئىجراچىلىق خەلققە مەنسۇپ. خەلقنىڭ ئىگىدارلىقى مۇتلەقتۇر. خەلقتىن ئۈستۈن ھېچ بىر كۈچ ۋە شەخس مەۋجۇت ئەمەستۇر. ئۇلارچە يۇقىرىقى مەزمۇنلار دېموكراتىيەنى كۈپۈر ھاكىمىيەتكە ئايلاندۇرماقتا.

1960 - يىللاردىكى تۈركىيەدە بۇ قاراشتىكىلەرنىڭ ۋەكىلى ئەرجۇمەنت ئۆزقان بار ئىدى. ئۇ كېيىنچە بۇ پارتىيەدىن ئايرىلغان، ئەمما ئۇلارنىڭ دېموكراتىيە ھەققىدىكى قاراشلىرىنى تەرك ئەتمىگەن. ئۆزقاننىڭ قارىشىچە ئاللاھنىڭ قانۇنلىرى ئورنىغا ئىنسانىنىڭ قانۇنلىرىنى ئورناتقان دېموكراتىك تۈزۈم ئىسلامغا ئۇيغۇن ئەمەس. گەرچە ئىسلامدىمۇ كېڭەش تۈزىمى بولسىمۇ بۇ دېموكراتىيەدىكى كېڭەشتىن پەرقلىنىدۇ.

ئىسلام دۇنياسىدا دېموكراتىيەگە قارشى ئەڭ شىددەتلىك ئوت ئاچقان ھەرىكەت سەلەفىيچىلىكتۇر. بۈگۈنكى ئىسلام دۇنياسىدا قانات يايغان تۈرلۈك ئىسلامىي ھەرىكەتلەر ئەسلىگە قايتىش دېگەن تەشەببۇسىغا كۆرە سەلەفىيچىلىككە مەنسۇپ. ئەمما بۇ يەردە كۆزدە تۇتۇلغان مەنە رادىكال سەلەفىيلەر قوللىنىلىۋاتقان مەنىدىن پەرقلىق. بۇ ماقالىدە تىلغا ئېلىنغان سەلەفىي ئاتالغۇسى ئەگەشكۈچىلەرنىڭ ئېتىقادى، ھاياتى ۋە قىلىقلىرى سەۋەبلىك سەلەفىي خاراكتېرگە ئىگە بولغان ئەنئەنىۋي بىر ئىسلامىي ئېقىمنى ئىپادىلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ. ھاياتنىڭ ھەممە تەرەپلىرىدە نەس (قۇرئان ۋە سۈننەت) مەركەز قىلىنغان بۇ چۈشەنچىدە ئىنسان تىل، ئەخلاق، ھەقىقەت ۋە پىكىرلەر چاپلانغان ئاجىز، شەخسىيەتسىز، ئۆزلۈكىدىن بىر ئىش قىلىش قابىلىيىتى بولمىغان بىر ھەيكەل، بىر تاشقا ئوخشاش تەسەۋۋۇر قىلىنىدۇ، شۇڭا تۈرلۈك تەنقىت ۋە سۆكۈشلەرگە دۇچار بولماقتا. تەنقىت ۋە سۆكۈشلەرگە قارىغاندا سەلەفىيچىلىك ئەقىلنى نەسكە قارشى قويۇپ نەزەردىن ساقىت قىلىدۇ، ئىنسانىيەتنىڭ تارىخى تەجرىبە ۋە ھاسىلاتلىرىنى، مەدەنىيەتتىكى بايلىقلارنى رەت قىلىدۇ، دىنىي چۈشەنچىنى سۆز ۋە قىياپەت ئاساسىدا بەرپا قىلىشقا تىرىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ نوقتىئىنەزەر ھاياتنىڭ ۋە جەمئىيەتنىڭ ئاساسىنى نەزەرگە ئىلمايۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ.

دېموكراتىيە ھەققىدە كەسكىن بىر نوقتىئى-نەزەرگە ئىگە بولغان سەلەفىيلەر يېڭىلىقلارنى دىندا بولمىغان بىدئەت دەپ قارىغاچقا بۇرۇن مەۋجۇت بولمىغان دېموكراتىيەگە بىدئەت، ھەتتا شېرىك ۋە كۇفرىغا يول ئاچىدىغان بىدئەت دەپ قارىغان. سەلەفىيچىلىككە مەنسۇپ ئەلمەقدىسىنىڭ «دېموكراتىيە بىر دىندۇر» ئاتلىق كىتابى يۇقىرىقى قاراشنىڭ جاكارلىنىشىدۇر. بۇ كىتابتا دېموكراتىيە بىر تاغۇتچە باشقۇرۇش شەكلى قىلىپ تونۇشتۇرۇلىدۇ. سىياسىيلاشقان ئىسلامىي ئېقىملارنىڭ مەركەزلىك ئۇقۇمى بولغان تاغۇت قۇرئاندا ھەددىدىن ئاشماق، ئازغۇنلۇقتا ئەزۋەيلىمەك دېگەندەك مەنىلەردە كېلىدۇ. سەلەفىي ئالىملاردىن ئەسسۇرى ۋە مەقدىسىگە كۆرە كۆپ مەنىلىك سۆزگە ئايلىنىپ قالغان تاغۇت كەلىمىسىنىڭ بىر مەنىسى «ئاللاھنىڭ كىتابى سىرتىدا قانۇن تۈزگەن، ھۆكۈم چىقارغان دۆلەت باشلىقلىرى، ئاللاھنىڭ كىتابىغا ئاساسلانمىغان ئىدارە قىلىش ئورگانلىرى، ئاللاھنىڭ كىتابى بىلەن ھۆكۈم چىقارمىغان سوت مەھكىمەلىرى، ئاللاھتىن باشقىغا ئىتائەت قىلغان ۋە

هۆكۈملەرگە بويسۇنغانلار» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. يەنە بىر سەلەفىي ئالىم ئابدۇلئەزىز ئىبنى باز دېموكراتىيەگە مۇناسىۋەتلىك سوئاللارغا ئاللاھنىڭ بۇيرىغانلىرىغا ئاساسەن ھۆكۈم قىلمايدىغان بىر تۈزۈم دېگەن مەنىدە جاۋاب بەرگەن. ئۇنىڭ قارىشىچە بۇ تۈزۈمدە ئىسلامىي قانۇنلارنىڭ ھاكىملىقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان بىر ۋاستە بولۇش ئىمكانىيىتى بولمىسا، بۇ تۈزۈمدە نامزات بولۇش ۋە بۇ تۈزۈم ئۈچۈن بىلەت تاشلاش كۇپۇر ۋە شېرىكتۇر.

**ئىسلام دېموكراتىيە بىلەن ماسلىشىدۇ**

ئىسلام-دېموكراتىيە مۇنازىرىسىدە يەنە بىر خاھىش بولسا ئىسلام بىلەن دېموكراتىيەنىڭ باغلىنىدىغانلىقى ھەققىدىكى كۆز قاراشتۇر. بۇ قاراشنى ياقلايدىغانلار ئىچىدە غەربلىك تەتقىقاتچىلارمۇ، ئىسلام ئۆلىمالىرىمۇ مەۋجۇت. دېموكراتىيەگە ئائىت چۈشەنچىلەردە بىرى تۈزۈم سۈپىتىدىكى دېموكراتىيە، يەنە بىرى باشقۇرۇش مېخانىزمى سۈپىتىدىكى دېموكراتىيەدىن ئىبارەت ئىككى يۈزلىنىش بار. ئىسلامنىڭ دېموكراتىيە بىلەن باغلىنىدىغانلىقىنى ياقلايدىغان ئىسلامچىلار دېموكراتىيەنى بىر تۈزۈمدىن بەكرەك بىر خىل باشقۇرۇش مېخانىزمى دەپ تەبىرلەيدۇ. ئىسلامنىڭ دېموكراتىيە بىلەن باغلىنىدىغانلىقىنى ياقلايدىغان كىشىلەرنىڭ چىقىش نۇقتىسىدا ئۈچ موھىم ئۇقۇم بار. بۇلار شۇرا (كېڭەش)، ئىجما ۋە ئىجتىھاتتىن ئىبارەت. شۇرا (كېڭەش) ئۇقۇمى سۆز سۈپىتىدە «مەسلىھەتلەشمەك، پىكىر ئالماشتۇرماق، تەكلىپ سورىغان بىرىگە يول كۆرسىتىش» دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ. ئىسلامىي ئەسەرلەردىكى مەنىسى بولسا باشقۇرغۇچىنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئىشلاردا شۇ ئىشلارنىڭ ئەھلى بولغان كىشىلەردىن مەسلەھەت ئېلىشىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ مەنىدە ئىسلامنىڭ دېموكراتىيەگە تەتۈر كەلمەيدىغانلىقى سۆزلەنمەكتە. چۈنكى بۇ ئۇقۇم خەلقنىڭ سىياسىي قارارلارغا ئىشتىراك قىلىش ھوقۇقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ مەنىدە دەسلەپكى دەۋردىكى كېڭەش تۈزىمى بۈگۈنكى پارلامېنتنىڭ ئورنىدا بولغانلىقى ئېنىق. كېڭەش تۈزىمىنى دېموكراتىيە بىلەن ئىسلامنىڭ ئۇيغۇنلىقىنى تەكىتلىگەنلەر قانچىلىك ياقلىسا، دېموكراتىيەگە قارشىلارمۇ شۇنچە كۆپ تىلغا ئالىدۇ. ئۇلارچە دېموكراتىيە غەربچە چۈشەنچە بولۇپ، ئىسلامغا ئۇيغۇن بولغان باشقۇرۇش شەكلى كېڭەشتىن ئىبارەتتۇر.

ئىسلام دېموكراتىيەگە ئۇيغۇن دەپ قارايدىغانلار كۆپرەك توختىلىدىغان ئىككىنچى ئۇقۇم ئىجمادۇر. ئىجما كۆپچىلىكنىڭ قارارى بويىچە ئىش كۆرۈش پىرىنسىپى بولۇپ، ئىسلام دېموكراتىيەسىنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلماقتا. سۈننىيلەرنىڭ نەزىرىدە ئىسلام قانۇنچىلىقىدىكى تۆت ئامىلنىڭ بىرىنى تەشكىل قىلغان ئىجما پەيغەمبىرىمىزنىڭ «ئۈممىتىم خاتادا ئىتتىپاقلاشمايدۇ» دېگەن ھەدىسى بىلەن ئاساسقا ئىگە قىلىنىدۇ.

ئۈچىنچى موھىم ئۇقۇم بولغان ئىجتىھادنىڭ سۆز مەنىسى «پۈتۈن كۈچىنى چىقارماق، تىرىشچانلىق كۆرسەتمەك، چىڭ تۇرماق، جاپا چەكمەك» دېگەن بولۇپ، «جەھد» تىن شاخلانغان. ھەدىسلەردە قازى ياكى باشقۇرغۇچىنىڭ توغرا ھۆكۈمگە ئېرىشىش ئۈچۈن قولىدىن كەلگەن ئاماللارنى قوللىنىشى مەنىسىدە كەلگەن. فىقھى ئىلمىدە «فىقھىچىنىڭ ھەرقانداق بىر شەرئىي ھۆكۈم ھەققىدە مەلۇماتقا

ئېرىشمەك ئۈچۈن پۈتۈن زېھنىنى سەرپ قىلىشى» دەپ ئىزاھلىنىدۇ. ئىجتىھاد يېڭىدىن دۇچ كەلگەن ئەھۋاللارغا چارە تېپىش ئۈچۈن مەۋجۇت ئاساسلار ۋە نەسلەردىن يولغا چىقىپ بۇلارغا زىت كەلمەيدىغان جاۋابلارغا ئىگە بولۇش دېگەنلىكتۇر، شۇڭا بۇ ئۇقۇم ئىسلامنىڭ يېڭىلىقلار ئالدىدا تۇرغۇن ھالەتتە ئەمەس، ھەرىكەتچان ھالەتتە تۇرۇشىغا كاپالەتتۇر. بۇ ئۇقۇم يەنە دېموكراتىيەنىڭ موھىملىقىنى تەكىتلەيدىغان ئۆلىمالار ئۈچۈن ھالقىلىق بىر ئۇقۇمدۇر. دېموكراتىيە تەرەپتارلىرىنىڭ قارىشىچە ئاللاھ سىياسەت ۋە مەمۇرىيەت ھەققىدە ئومۇمىي پرىنسىپلارنى بېكىتكەن ۋە ئۇنى زامانغا ۋە شارائىتقا قاراپ ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى ئىنسانغا ھاۋالە قىلغان. شۇڭا دېموكراتىيە ئىسلامغا ئۇيغۇن كەلمىگەن ئەھۋالدا ئىجتىھادقا تايىنىلىسا چارە قىلىپ كەتكىلى بولىدۇ. دېمەك، يۇقىرىقى ئۈچ ئۇقۇم رامكىسىدا ئىسلام بىلەن دېموكراتىيەنىڭ ئۇيغۇن كېلىدىغانلىقى ئۇرغۇلۇق سۆزلەنمەكتە.

ئىسلام بىلەن دېموكراتىيەنىڭ ئۇيغۇن كېلىدىغانلىقى ھەققىدە ئەڭ موھىم كۆز قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇۋاتقان ئالىملاردىن ئېسپوسىتونى تىلغا ئېلىش مۇمكىن. (ئۇنىڭ «ئىسلامىيەتكە لىللا قارايلى»، «ئىسلام تەھدىتى ئەپسانىدۇر» دېگەن ئىككى مەشھۇر كىتابى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان). ئېسپوسىتونىڭ قارىشىچە ئىسلام بىلەن دېموكراتىيە ئارىسىدا مۇرەسسە بولمايدۇ دەپ قارىغۇچىلار، ئەمەلىيەتتە تەرەققىيات بىلەن لايىقلىق ئارىسىغا تەڭلىك بەلگىسى قويۇۋالغۇچىلاردۇر. بۇ ھالدا دېموكراتىيە غەربنىڭ چۈشەنچىسىگە چىقىرىلىدۇ-دە، مەسىلە پەيدا بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن دېموكراتىيە غەربنىڭ مەدەنىيەت تاجاۋۇزچىلىقى سۈپىتىدە چۈشىنىلىدۇ. شارائىت پەرقلىق بولغانلىقى ئۈچۈن دېموكراتىيەدەك ئوخشاش بىر تۈزۈم پەرقلىق شارائىتتا پەرقلىق نەتىجىگە ئېرىشىدۇ. مۇسۇلمانلار دۇنياسىنىڭ دېموكراتىيەلىشىشى شارائىت مەسىلىسىدۇر. ئىسلام بىلەن دېموكراتىيەنىڭ ئۇيغۇنلىقىغا كەلگەندە ئېسپوسىتونىڭ قارىشى بويىچە خاس شارائىتلارغا دىققەت قىلىدىغان بولساق دېموكراتىيەنىڭ قارشىسىدىكى كىشىلەردىن بولغان مەۋدۇدىمۇ ئىسلامىي بىر دېموكراتىيەنىڭ مۇمكىنلىكىدىن سۆز ئېچىۋاتقان بولىدۇ. ئۇ قارشى چىققان دېموكراتىيە غەربنىڭ ئەمەلىيىتىدىكى لايىق دېموكراتىيەدۇر. ئېسپوسىتونىڭ قارىشىچە ئىسلام ئۆزىگە خاس شارائىتلىرى رامكىسىدا دېموكراتىيە بىلەن ئۇيغۇنلىشىدۇ. بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان ئامىل ئىسلامدىكى كېڭەش، ئىجما ۋە ئىجتىھادتۇر.

ئىسلام بىلەن دېموكراتىيەنىڭ ئۇيغۇنلىقىنى تەكىتلەيدىغان يەنە بىر غەربلىك ئالىم جوس كاسانوۋادۇر. كاسانوۋا سېلىشتۇرما نوقتىئىينەزەردىن چىقىپ غەربتىكى دىنىي جەمئىيەت ۋە چېركاۋلارنىڭ دېموكراتىيەنىڭ موتۇرىغا ئايلانغانلىقىنى مىسال ئېلىپ ئىسلامدىمۇ شۇنداق بولىدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ. ئۇ دېموكراتىك بىر تۈزۈم ئۈچۈن لايىقلىقنىڭ شەرت ئەمەسلىكىنى، ياۋروپادىمۇ دېموكراتىيە ئەمەلگە ئاشقاندىن كېيىن لايىقلىشىشنىڭ باشلانغانلىقىنى قەيت قىلىدۇ. كاسانوۋا ئىسلامىي دېموكراتىيەلىشىشنىڭ مۇمكىن بولىدىغانلىقىنى، مەجبۇرىي دېموكراتىيەلەشتۈرۈشنىڭ لايىقلىقنى قوبۇل قىلالمايدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

ئىسلام دۇنياسىدىمۇ ئىسلام بىلەن دېموكراتىيەنىڭ

ئۆيغۇنلىشىدىغانلىقى پەقەت بولمىغاندىمۇ زىت ئەمەسلىكىنى ياقلايدىغان كىشىلەر بار. بۇلاردىن مالىك ئىبنى نەبى، راشىد غەننۇشى، ئابدۇلكەرىم سۇرۇش ۋە يۈسۈپ قەرداۋى قاتارلىقلارنى تىلغا ئېلىش مۇمكىن. ئەسلىدە بۇلارنىڭ پىكىرلىرىنىمۇ ئانچە يېڭى ھېسابلاشقا بولمايدۇ. ئىسلامچىلىق ئىدىئولوگىيەسى ئوتتۇرىغا چىققان ۋاقىتلاردا نامىق كامال، ئەلى سۇئاۋىي، جامالىددىن ئافغانى، مۇھەممەد ئابدۇھ قاتارلىق كىشىلەر كېڭەشلىك ھۆكۈمەت نامىدا دېموكراتىك تەلەپلەردە بولغان ئىدى. بۈگۈنكى ئىدىيەلەرمۇ يۇقىرىقى پىكىرلەرنىڭ داۋامى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئىسلام بىلەن دېموكراتىيەنىڭ ئۆيغۇن كېلىدىغانلىقىنى تەشەببۇس قىلىۋاتقان ئالىملاردىن بىرى مالىك ئىبنى نەبىدۇر. ئۇ «ئىسلام ۋە دېموكراتىيە» ناملىق ئەسىرىدە دېموكراتىيەنىڭ ئاددى بىر ئۇقۇم ئىكەنلىكىنى تەكىتلەشنىڭ خاتا بولىدىغانلىقىنى ئەسكەرتكەن. ئۇنىڭچە ئەرەبچىدىكى دېموكراتىيە ئۇقۇمى فرانسوزچىدىكى دېموكراتىيەنىڭ تەبىرىدىن تەرجىمە قىلىنغان بولۇپ، ئۇنى ئىسلام نۇقتىسىدىن چىقىپ تەبىرلەش تامامەن مۇمكىن. مالىك نەبىنىڭ قارىشىچە دېموكراتىيە لايىق دېموكراتىيە ۋە ئىسلامىي دېموكراتىيە دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. لايىق دېموكراتىيە ئىنساندا شەخسلىك ۋە ئىجتىمائىيلىقنىڭ بارلىقىنى تەكىتلىسە، ئىسلامىي دېموكراتىيە ئىنساندا ئىماننىڭ بارلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. نەبى بىرىنچى خىل دېموكراتىيەنى تەنقىتلەپ ئۇنىڭ ئىنسان بىلەن ئاللاھ ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشىنى ئۈزگەنلىكىنى تىلغا ئالىدۇ. ئىسلامىي دېموكراتىيەنىڭ ھەم سىياسىي ھەمدە ئىجتىمائىي دېموكراتىيەنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر جەۋھەر ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. ئۇنىڭچە بۇ ھەقىقىي دېموكراتىيەدۇر.

مالىك ئىبنى نەبىنىڭ قارىشىچە مۇسۇلمانلار ئىسلامدىكى دېموكراتىيە مەسىلىلىرى ھەققىدە ئويلاشقاندا بۈگۈنكى مۇسۇلمان ئەللىرىنىڭ ئەندىزىسىنى ئەمەس، پەيغەمبىرىمىز زامانىدىكى ۋە كېيىنكى تۆت خەلىپە دەۋرىدىكى ھەقىقىي دېموكراتىك ھاياتنىڭ ئۈلگىسى بولغان ئىسلامىي ئەنئەنىنى نەزەرگە ئېلىشى كېرەك. ئىسلام-دېموكراتىيە مۇنازىرىسىدە ئىسلامنىڭ ماھىيىتىدىن ئايرىلغان، تارىخنىڭ قالدۇقى بولغان بۈگۈنكى ئەنئەنىگە ئەمەس، ئىسلامنىڭ پىرىنسىپلىرى ھەقىقىي ئەمەلگە ئاشقان ئەسلى ئەنئەنىگە چۈشىشى كېرەك.

ئىسلام-دېموكراتىيە مۇنازىرىسىنىڭ ئاخىرقى يىللاردىكى ۋەكىللىرىنىڭ بىرى غەننۇشىدۇر. ئۇنىڭ قارىشىچە دۆلەت بىختەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىنىش شەرتى بىلەن كىشىلەرنىڭ بىر ئورگانغا ئەھدىلىك باغلىنىشىدۇر. ئۇنىڭ قارىشىچە ئىسلام پەيغەمبەر ۋە ساھابىلەرنىڭ تىكلىگىنى بويىچە مىللەتكە بىر دۆلەت ئەندىزىسىنى تەقدىم قىلىدۇ. شۇڭا دۆلەت مۇقەددەس ۋە مۇتلەق بىردىنبىر شەكىلگە ئىگە نەرسە ئەمەس. ئۇنىڭچە ئىسلامدا بىر دېموكراتىك تۈزۈم ئەمەلگە ئاشىدۇ. دېموكراتىيە تېمىسىدا ئىسلامچىلار ۋە ئىسلام دۈشمەنلىرىنىڭ ئورتاق پىكرى ئىسلام دېموكراتىيەگە قارشىدۇر دېگەندىن ئىبارەت. ئۇنىڭچە سىياسىي ئىلىمدىن بىخەۋەر ئىسلامچىلار سۆزنىڭ ئورانىنى بىلىشكە ئۈلگۈرمەيلا ئىسلامنى دېمكراتىيەگە قارشى قىلىپ قويغان ۋە ئاددىيلا قىلىپ «دېموكراتىيە خەلقنىڭ باشقۇرۇشى، ئىسلام ئاللاھنىڭ باشقۇرىشىدۇر»

www.uyghurkitap.com

دەپ خۇلاسىلىگەن. ئۇنىڭ قارىشىدا زامانىۋىلىقتا مۇسۇلمانلارنىڭمۇ نىسىۋىسى بار. بۇ نىسىۋىنى يا ئامېرىكىنىڭ يا فرانسىيەنىڭ ياكى ئەنگلىيەنىڭ قاچىسىدىن يېيىش شەرت ئەمەس. غەرب تەرەققىياتقا قەدەم قويۇشتا قەدىمكى رىم، گىرىك ۋە خىرىستىيانلارنىڭ ئىدىيەلىرىدىن پايدىلانغان. مۇسۇلمانلارنىڭ زامانىۋىلىققا لايىقلىقنى يۆكلەپ غەربنىڭ ئىشىكىدىن كىرىشى شەرت ئەمەس.

غەننۇشىنىڭ قارىشىچە دېموكراتىيە ئىسلاملاشسا بولىدۇ، چوقۇم لىبېرال ۋە لايىق بىر شەكىلنى دېموكراتىيە دەپ قوبۇل قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق. ئۇنىڭچە دېموكراتىيە شەكىل ۋە مەزمۇندىن تۈزۈلىدۇ، لىبېرالىزىم ۋە لايىقلىق دېموكراتىيەنىڭ شەكىللىرىدىن بىرى، مەزمۇنى ئەمەس. ئىسلام دۇنياسىدىكى ھازىرقى مەسىلە دېموكراتىيەنىڭ ئىسلامنى زەھەرلىشى ئەمەس، دېمكراتىيەسىز ئىسلامنىڭ زەھەرلىنىشىدۇر.

ئىسلام دۇنياسىدا دېموكراتىيەگە ئىجابىي قارايدىغان كىشىلەردىن موروككولۇق ئالىم مۇھەممەد ئابىد جابىرىدۇر. ئۇنىڭچە ئىسلام ھەم دىن ھەمدە دۆلەتتۇر. ئىسلامدا دىن ھەققىدە پرىنسىپلار بولغانغا ئوخشاش، دۆلەت ھەققىدىمۇ بەلگىلىك ئاساسلار بار. دىن ئۆزگەرمەس پرىنسىپنىڭ ۋەكىلى بولسا دۆلەت ئۆزگىرىشچان پرىنسىپلارنىڭ ۋەكىلىدۇر. ھادىسىۋى ۋە ئۆزگىرىشچان بىر قۇرۇم ھېسابلانغان دۆلەت دەۋرنىڭ شارائىتلىرىغا ئاساسەن تەرتىپلىنىدىغان بىر ھالەتتە بولىدۇ. جابىرى دۆلەتنى ئىنسانىي ئىگىدارلىقتىكى ھەمكارلىق دەپ تەبىرلەيدۇ. شۇڭا ئۆزىنى دېموكراتىيەگە قارشى دەپ ئويلايدىغان كىشىلەرنىڭ ئېغىزىدىكى «ئاللاھنىڭ ھاكىمىيىتى ياكى بەندىنىڭ ھاكىمىيىتى» شەكلىدىكى زىتلىق جابىرىنىڭ چۈشەنچىسىدە مەۋجۇت ئەمەس.

غەننۇشى بىلەن جابىرى ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئەڭ چوڭ مەسىلىسىنى دېموكراتىيەنى چۈشىنىش ۋە ئەمەلگە ئاشۇرۇش مەسىلىسى دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە دېموكراتىيە ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق بايلىقى، دېموكراتىيە بولماي تۇرۇپ ئىسلامدىكى كېڭەش ئەمەلگە ئاشمايدۇ. جابىرىنىڭ قارىشىچە لايىقلىق غەربنىڭ تارىخىي تەجرىبىلىرىنىڭ مەھسۇلى، ئىسلام ھەم دىن ھەمدە دۆلەت بولغىنى ئۈچۈن لايىقلىققا ئىمكانىيەت بەرمەيدۇ.

جابىرى كېڭەش بىلەن دېموكراتىيەنى بىر دەپ قارىمايدۇ، چۈنكى كېڭەشتىن چىققان قارارنى خەلىپە قوبۇل قىلىشىمۇ، قىلماسلىقىمۇ بولىدۇ. ئاخىرقى ھېسابتا يەنىلا بىر ئادەمنىڭ دېگىنى ھېساب.

ئىسلام بىلەن دېموكراتىيەنىڭ زىت ئەمەسلىكى ھەققىدە پىكىرلىرى ئەڭ رۇشەن ۋە ئۆتكۈر بولغان كىشىلەرنىڭ بىرى زامانىمىزدا ھايات بولغان فىقھى ئالىمى يۈسۈپ قەرداۋىيدۇر. ئۇ ئىسلام بىلەن دېموكراتىيەنىڭ بىر ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ. ئۇنىڭ قارىشىدا ئىسلامنىڭ پرىنسىپلىرى دېموكراتىيەدىنمۇ بەكرەك دېموكراتىكتۇر. دۇنيا ھاياتىدا كۆرۈلگەن يېڭىلىق ۋە ئۆزگىرىشلەر ئىسلامنىڭ ئاساسلىرىغا كۆرە ئىنساننىڭ ئىجتىھاد قىلىشىغا قالدۇرۇلغان. مۇسۇلمانلار ئىجتىھاد ۋاسىتىسى بىلەن مۇسۇلمان بولمىغانلارنىڭ تەجرىبىلىرىدىن پايدىلىنىپ زاماننىڭ شەرتلىرىگە ئۇيغۇن بىر شەكىلنى ئەندىزە ئالسا بولىدۇ. ئۇنىڭچە مۇسۇلمانلار نەزەرىيەۋىي بىر چۈشەنچە ۋە ئەمەلىي بىر چارەنى مۇسۇلمان بولمىغانلاردىن قوبۇل قىلىشقا

بولىدۇ، بۇنىڭغا خەندەك ئۇرۇشى دەلىل بولالايدۇ.

يۇسۇپ قەرداۋىينىڭ قارىشىچە دېموكراتىيەنى ھاكىمىيەت نۇقتىسىدىن تەنقىت قىلىش ئەھمىيەتسىزدۇر. چۈنكى دېموكراتىيەنى تەشەببۇس قىلغۇچىلارنىڭ ئاللاھنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئىنكار قىلىشىغا بىر زۆرۈرىيەت يوق. دېموكراتىيەنى تەشەببۇس قىلغۇچىلارنىڭ قارشى تۇرۇۋاتقىنى ئاللاھنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئەمەس، ئاللاھنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قەلبلەردىن ئۆچۈرۈپ تاشلاپ ئىنسان قەلبىگە ئىنسانغا قۇل بولۇشنى سىڭدۈرۈۋاتقان مۇستەبىتلەردۇر. ئۇلارنىڭ نىشانى مۇستەبىتلىكنى يوقىتىش، زۇلۇمنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، تەڭسىزلىككە خاتىمە بېرىشتىن ئىبارەت. شۇڭا دېموكراتىيەنى ئاللاھنىڭ ھاكىمىيىتىگە زىت دەپ چۈشىنىش خاۋارىجلارنىڭ پوزىتسىيەسىگە ماسلاشقانلىقتۇر. خاۋارىجلارنىڭ ھەزرىتى ئەلىنى قۇرئاننىڭ ھاكىمىيىتىگە دەۋەت قىلىشى، ئەسلىدىنلا باتىلنى مەقسەت قىلغان ھەق سۆزدۇر. شۇڭا قەرداۋىينىڭ قارىشىچە ئىسلام دېموكراتىيەگە زىت بولمايلا قالماي، شۇنداق بىر تۈزۈمنىڭ بولۇشىنى شەرت قىلىدۇ. مۇسۇلمانلار دۇنياسىدا بۇنداق قاراشقا ئىگە ئالىملاردىن يەنە ئابدۇكېرىم سۇرۇش، ھەسەن تۇرابى، ئابدۇلۋەھھاب ئەپەندى، خۇرشىد ئەھمەد ۋە ئىسمى تىلغا ئېلىنمىغان باشقا ئالىملارمۇ باردۇر.

## خۇلاسە

ئاساسلىق لىنىيەگە قارىغاندا ماقالىدە ئىسلام ۋە دېموكراتىيە مۇنازىرىسىدىكى تۆت پەرقلىق قاتلامدىن ئىككى پەرقلىق خاھىش تېما قىلىندى. ئىسلامنىڭ دېموكراتىيەگە ئۇيغۇن ئەمەسلىكىنى دەۋا قىلىدىغان ئىلىم ئەھلى ئارىسىدا ھەم ئىسلامچىلار ھەمدە غەربلىك مۇتەخەسسىلەر بار. غەربلىك ئالىملارنىڭ كۆز قاراشلىرى قۇرئان ئايەتلىرىنى ئانالىز قىلىش نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن. دېموكراتىيەگە قارشى ئىسلامچىلارنىڭ قارىشىمۇ ئوخشاش مەنبەگە ئىگە. ئۇلارچە دېموكراتىيە بەندىنىڭ، ئىسلام ئاللاھنىڭ ھۆكۈمرانلىقى، شۇڭا بۇ يەردە ھېچ بىر ئۇيغۇنلۇق مەۋجۇت ئەمەس. ئىسلامنىڭ دېموكراتىيە بىلەن ئۇيغۇنلىشىدىغانلىقىنى ئىسلام ئۆلىمالىرى ۋە غەربلىك ئالىملارمۇ تەكىتلىمەكتە. ئۇلارنىڭ دەلىلى دېموكراتىيەنىڭ چوقۇم لىبېرال، لايىق بولۇشىنىڭ شەرت ئەمەسلىكىدىن ئىبارەت. ئۇلارچە ئىنسانىي قىممەت قاراشلار ئىسلامىي ئۆلچەملەرگە زىتلا بولمىسا قوبۇل قىلىشقا بولىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «ئىلىم چىندە بولسىمۇ ئۆگىنىڭلار» دېگەن. («بەيھەقى، 1410: 253» بۇ ھەدىس ئەمەس - تەھرىر ئىلاۋىسى) دېموكراتىيەنىڭ قىممەت قاراشلىرىنى ئىسلامغا زىت دەپ رەت قىلىشنىڭ ئورنىغا ئۇنى ئىسلامىي قاراشلار بىلەن شەرھلەشمۇ مۇمكىن. ئىسلامنىڭ يېگانە بىر شەرھىسى بولمىغاندەك، دېموكراتىيەنىڭمۇ يەك بىر چۈشەندۈرۈشى يوق. شۇڭا ئىسلامغا ئۇيغۇن دېموكراتىيەنىڭ بولۇشىمۇ بەرھەق.

ئىسلام ۋە دېموكراتىيە مۇنازىرىسىدە ھالقىلىق نۇقتا ھاكىمىيەت مەسىلىسى. ھاكىمىيەت ئاللاھقا مەنسۇپ دېگەن قاتلامنىڭ ھاكىمىيەت ئاۋامغا مەنسۇپ دېگەن پىكىرنى قوبۇل قىلىشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇلارغا كۆرە قۇرئاندىكى ئايەتلەر كۆپچىلىككە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەگەشكەنلەرنىڭ تاپتىن چىقىدىغانلىقىنى كۆرسەت-مەكتە. دېموكراتىيە تەرەپتارلىرىنىڭ پىكرىچە ئاللاھ قانۇنلىرىغا ئەمەل قىلغان بىر دېموكراتىك تۈزۈم، ئىسلامىي تۈزۈم بولالايدۇ.

بۇ يەردە دېموكراتىيەنىڭ مەنىسى ھەققىدە پەرقلىق چۈشەنچىلەر مەۋجۇد. بىرىنچى خىل قاراشتىكىلەرگە كۆرە دېموكراتىيە پەقەتلا باشقۇرۇش ئەندىزىسى ئەمەس، بەلكى يۇناندىن مەنبەلەنگەن بىر پەلسەپە، ھايات شەكلىدىن ئىبارەت بولۇپ، تايىنىدىغىنى ئىنسان مەركەزچىلىكى ۋە لىبېرال قاراشلاردۇر. ئىككىنچى خىل قاراشتىكىلەرگە كۆرە دېموكراتىيە بىر باشقۇرۇش شەكلى بولۇپ، مەيلى لىبېرال دېموكراتىيە ياكى سوتسىيال دېموكراتىيە بولسۇن ئۇلارنىڭ ئىسلامغا خىزمەت قىلىش ئېھتىمالى بار. جابىرىنىڭ قارىشى بويىچە دېموكراتىيە ئىنسانىي ئىگىدارلىقتىكى ھەمكارلىق بولۇپ، ئاللاھنىڭ ئىگىدارلىقىغا شېرىك بولۇش دېگەن مەنىدە ئەمەس.

مۇنازىرىدىكى يەنە بىر مەسىلە ئىسلامىي تېكىستلەرگە تايانغان چۈشەنچە بىلەن تارىخىي تەجرىبىلەرنى نەزەرگە ئالغان، ئەمەلىيەتتىن ئۆتكەن چۈشەنچە ئوتتۇرىسىدىكى پەرقتۇر. دېموكراتىيەگە قارشىلار نوقتىئىنەزەرلىرىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن قۇرئان ۋە ھەدىستىن دەلىللەر كەلتۈرىدۇ. مەسىلەن، سۈرە مائىدەنىڭ 44 ـ ئايىتىدە تىلغا ئېلىنغان «ئاللاھنىڭ ھۆكمى بىلەن ھۆكۈم قىلمىغانلار كاپىرلاردۇر» دېگەن مەنىدىكى ئايەت ئۇلارنىڭ دەلىللىرىنىڭ مەنبەسىدۇر. ئۇلار يەنە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئايەت ۋە ھەدىسلەرنى ئورانىغا باقماي ئۈزۈپ ئېلىپ قاراشلىرىغا دەستەك قىلماقتا. ئىككىنچى قاراشتىكىلەر بولسا كۆپرەك تارىخىي تەجرىبە، ئەمەلىيەت ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتى ۋە دەسلەپكى تۆت خەلىپىنىڭ ئىسلامنى قانداق يولغا قويغانلىقىدىن ئۆرنەك ئېلىپ دېموكراتىيەنىڭ مۇستەبىتلىككە قارىغاندا ئىسلامغا بەكرەك ئۆز ئىكەنلىكىنى تىلغا ئېلىشماقتا. ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا دېموكراتىيەنىڭ ئىسلامغا ئۇيغۇن ئىكەنلىكى، كېڭەشلىك ھاكىمىيەتنىڭ دىنىي ئەقىدىلەرگە بەكرەك كەڭرىلىك ئاتا قىلىدىغانلىقىنى تەكىتلەش ئىسلام دۇنياسىدا كۈچلۈك بىر ساداغا ئايلانماقتا.

بۇنىڭ سەۋەبىنىڭ بىرى دېموكراتىيەگە قارشى بايراق كۆتۈرگەن ئىسلامچىلارنىڭ كەچۈرمىشى بولۇپ، ئۇلارغا دېموكراتىيە بولماي تۇرۇپ مەۋجۇتلۇق پۇرسىتى بولمىغان. ئىسلام دۇنياسىدا يۈز بېرىۋاتقان ناھەقچىلىك، داۋام قىلىۋاتقان زۇلۇم، كېڭىيىۋاتقان خىيانەت ۋە تۈگىمەيۋاتقان تۇتقۇن قىلىشلار دېموكراتىيەنىڭ ياخشى ياكى يامانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى ئەمەلگە ئاشمايۋاتقانلىقىدىن ئىكەنلىكى ئەقىللەرگە ئايدىڭ بولماقتا. دېموكراتىيە ئۆزىگە قارشى ئىسلامچىلارنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئۈچۈن پاناھگاھ بولماقتا.

يەنە بىرى غەرب دۇنياسىدا ئىنسانلارنىڭ چۈشەنچە ئۇپۇقلىرىنىڭ ئېچىلىشى، ئىسلام نۇقتىسىدىن قىلىنىۋاتقان تەنقىتلەرنىڭ ئۇلارنىڭ بىلىش دائىرىسىنى كېڭەيتىشى، شۇنىڭ نەتىجىسىدە ئەركىن تەپەككۇرنىڭ دېموكراتىيە ھەققىدىكى دوگمىلارنى يېڭىلىشى سەۋەپ بولغان بولۇشى مۇمكىن. شۇنداقلار ئىسلامچىلارنىڭمۇ زامانىۋىيلىق، لىبېرالىزم ۋە دېموكراتىيە ھەققىدە ئىزدەنگەنلىكى ۋە بەزى پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقى سەۋەپ بولغان بولۇشى مۇمكىن.■



مۇھەممەد ئەمىن ئىسلامي

ئۇستاز رەھمەتۇللاھ ئىنايەتۇللاھ

# مۇھەممەد ئەمىن ئىسلامي

زېمىن يۈزىدە ياشاۋاتقانلار ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، ھەر بىر لەھزىدە مىڭلارچىسى بۇ ھاياتلىققا كۆز ئېچىپ تۇرسا، يەنە مىڭلارچىسى ھاياتلىق بىلەن خوشلىشىپ تۇرىدۇ. ئۇلار شۇنىڭ بىلەن بۇ دۇنيادىكى ھايات سەھىپىسىدىن ئۆچۈرۈلىدۇ. ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەرلا بۇنىڭدىن مۇستەسنا. ئۇلارنىڭ ئىش - ئىزلىرى ۋە سىمالىرى كىشىلەرنىڭ زېھنىدە ۋە قەلبىدە پارلاپ تۇرىدۇ. تارىخ ئۇلارنى خاتىرىلەپ تۇرىدۇ. ئىنسانلار ئۇلارنى ئەسلەپ تۇرىدۇ. چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىش - ئىزلىرى، ھەقىقەت يولىدىكى كۈرەشلىرى، ياخشىلىقنى سۆيۈش ۋە ياخشىلىققا چاقىرىشتىن ئىبارەت ئېسىل پەزىلەتلىرى بىلەن تارىخ بەتلىرىدە مەڭگۈ ئۆچۈرۈلمەس ئىزلارنى قالدۇرغان كىشىلەردۇر. شۇڭا ئۇلارنىڭ بەدەنلىرى تۇپراققا ئايلانغان بولسىمۇ، نامى تارىخ بەتلىرىنى خۇشپۇراققا تولدۇرغان ھالدا مەڭگۈ ياشايدۇ. بۇ خىلدىكى ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ باقاسىز ھاياتى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى تا قىيامەت داۋام قىلىدىغان مىللىتى ئۈچۈن ياشايدۇ. مىللىتى داۋام قىلغان ئىكەن، ئۇلارنىڭ زىكرىمۇ ئۇلار بىلەن بىرگە تا ئەبەتكە داۋام قىلىدۇ. ئىنسانلار تارىخلارنى ياراتقان ئەرلەر بىلەن پەخىرلىنىدۇ، ئۇلارنى ئۆزلىرى ئۈچۈن ئۈلگە قىلىدۇ ۋە ئۇلار يورۇتۇپ بەرگەن يول بىلەن يۈرۈپ غەلىبىلەرگە ئېرىشىدۇ. چۈنكى مۇنداق ئەرلەر مىللەتنىڭ پەخرى ۋە ئۇنىڭ مەدەنىيىتىنى ياراتقان، تارىخنى يازغان كىشىلىرىدۇر.

مۇھەممەد ئەمىن ئىسلامي نامىنى تارىخ ئالتۇن رەڭ بىلەن نۇرلۇق بەتلىرىگە يېزىۋەتكەن ئەرلەرنىڭ بىرىدۇر. ئۇنىڭ ۋەتىنى ئۈچۈن قىلىپ كەتكەنلىرى، ئىسلام يولىدا قىلغان خىزمەتلىرى ۋە ھەمىشە

www.uyghurkitap.com

ياخشىلىقنى سۆيۈش، ياخشىلىق قىلىشتىن ئىبارەت ئېسىل پەزىلىتى بۇ يولدا ماڭغۇچىلارنىڭ يولىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ.

مۇھەممەد ئەمىن ئىسلامىي پۈتۈن ھاياتىنى دىنى، ئېزىلگەن خەلقى ۋە ياۋۇزلار تەرىپىدىن تارتىپ ئېلىنغان ۋەتىنى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا بېغىشلىغان شەخس بولۇپ، بۇ يولغا جېنىنى، ئائىلىسىنى ۋە مال - مۈلكىنى ئاتاشتىن ھېچ بېخىللىق قىلمىدى. غۇربەتچىلىك، قىيىنچىلىق، ئازابلار ئۇنى يولىدىن توسۇپ قالالمىدى. ئۇنىڭ كەچۈرمىشلىرى كۇفرى، دۈشمەنلىك ۋە زالىملىققا قارشى كۈرەش قىلغان بىر مۇسۇلمان خەلقنىڭ ئىنقىلابىي كۈرەشلىرىنىڭ جانلىق ئۆرنىكى ئىدى. ئۇنىڭ تارىخى ۋەتىنىنىڭ مۇستەقىللىقى، مىللىتىنىڭ ھۆررىيىتى، ئىنسانىيەتنىڭ ئەركىنلىكى ۋە ئىسلامنىڭ ئىززىتى يولىدا كۈرەش قىلغان شەخس بولۇپ پۈتۈلدى.

## دۇنياغا كېلىشى ۋە بالىلىق چاغلىرى

مۇھەممەد ئەمىن ئىسلامىي 1912 - يىلى شەرقىي تۈركىستاننىڭ يەكەن شەھرىدە ئىسلام باي دېگەن كىشىنىڭ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، ئىپتىدائىي تەلىمنى يەكەندىكى ئۇستازلىرىدىن ئالغاندىن كېيىن، قەشقەرگە بېرىپ «خانلىق مەدرىسە»دە، مەشھۇر ئۆلىمالاردىن ھاشىم داموللام، شەمسىدىن دامولاملاردا ئوقۇغان. كېيىن يەكەنگە قايتىپ كېلىپ، «مەھمۇدىيە مەدرەسەسى»دە مۇدەررىس بولۇپ ئىشلىگەن. 1932 - يىلى مۇھەممەد ئابدۇللاخان خوجا تەسىس قىلغان «ئىرپان» مەدرەسەسىگە مۇدىر بولغان. 1936 - يىلى مائارىپ ئىدارىسىنىڭ مۇدىرى بولغان.

## ئىنقىلاپ سېپىگە كىرىشى

1937 - يىلى شەرقىي تۈركىستان خەلقى خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىگە قارشى قوزغالغاندا، ئىنقىلاب سېپىگە ئاتلىنىپ، شەرقىي تۈركىستان مۇجاھىدلىرىنىڭ قوماندىنى گېنېرال ئابدۇنىيازنىڭ مۇشاۋىرى بولۇپ تۇرغان. مۇجاھىدلار 1937 - يىلى 17 - ئاپرېل كۈنى يەكەن شەھىرىنى خىتايلارنىڭ قولىدىن ئازات قىلىپ، ئۇنى مىللىي ئىنقىلابنىڭ مەركىزى قىلىپ بېكىتىپ، قەشقەر، ئاقسۇ، كۇچار شەھەرلىرىگىچە كېڭەيگەن بولسىمۇ، شۇ ۋاقىتتىكى مۇستەبىت خىتاي ھۆكۈمدارى شىڭشىسەي تۈركىستانلىق مۇجاھىدلار بىلەن قىلغان ئۇرۇشلىرىدا ئېغىر زىيانغا ئۇچراپ، مۇستەبىت ھاكىمىيىتى تەۋرەپ قالغاندا، سوۋېت ئىتتىپاقىغا مۆڭگىنىپ، سوۋېت كۈچلىرىنى شەرقىي تۈركىستانغا ئېلىپ كېلىشتە غەلىبە قىلىدۇ. شۇ ۋاقىتتا سوۋېت ھەربىي ئايروپىلانلىرى مۇجاھىدلارغا قارشى ھۇجۇمغا ئۆتۈپ 1937 - يىلى 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى قەشقەر شەھىرىنى ھاۋادىن بومبىلايدۇ. سوۋېت ۋە خىتاي بىرلەشمە كۈچلىرى مىللىي مۇجاھىدلارنىڭ مەركەزلىرىگە زامانىۋى قوراللىرى بىلەن ھۇجۇم قىلىدۇ ۋە ئابدۇنىيازنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇنى 1937 - 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنى شېھىد قىلىدۇ. شۇ ۋاقىتتا مۇھەممەد ئەمىن ئىسلامىي ئۆزىنىڭ مۇجاھىد سەبداشلىرى بىلەن بىرلىكتە ھىندىستانغا ھىجرەت قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ.

## ھىندىستاندىكى ھاياتى

مۇھەممەد ئەمىن ئىسلامىي لاھۇردا ئۆزىدىن بۇرۇن يەنى 1937 - يىلى 8 - ئاپرىل كۈنى ھىندىستانغا چىقىپ كەتكەن گېنېرال مەھمۇت مۇھىتى ۋە ئۇنىڭ سەبداشلىرى بىلەن ئۇچرىشىدۇ. مەھمۇت مۇھىتىنىڭ رۇخستى بىلەن دىنىي تەھسىلىنى تاماملاش يولىغا ئاتلانغان مۇھەممەد ئەمىن ئىسلامىي سىھانپۇر شەھىرىدىكى «مەزاھىر ئەل ئۇلۇم» مەدرەسەسىگە كىرىپ، ئەرەب تىلى ۋە ئىسلامىي بىلىملەرنى ئوقۇشقا باشلايدۇ. بۇ ئارىدا 6 چوڭ مەشھۇر ھەدىس كىتابلىرىنى كاتتا ئۇستازلارنىڭ قولىدا ئوقۇپ تۈگىتىدۇ. گېنېرال مەھمۇت مۇھىتىي 1939 - يىلى مەككە ۋە تۈركىيە سەپەرلىرىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ھىندىستانغا قايتقىنىدا، شۇ ۋاقىتتىكى ئىنگىلىز ھۆكۈمىتى ئۇنى قاماققا ئالىدۇ ۋە ھىندىستاندىن چىقىپ كېتىش شەرتى بىلەن ئۇنى قويۇپ بېرىدۇ. گېنېرال مەھمۇت مۇھىتىي ياپونىيەگە قاراپ يولغا چىققىنىدا، مۇھەممەد ئەمىن ئىسلامىينى بىرگە ئېلىۋالىدۇ.

## توكيودىكى پائالىيەتلىرى

ئۇلار توكيو شەھىرىگە بارغىنىدىن كېيىن، 1939 - يىلى 12 - ئاينىڭ 5 - كۈنى «شەرقىي تۈركىستاننى ئازات قىلىش جەمئىيىتى»نى قۇرۇپ چىقىدۇ. مۇھەممەد ئەمىن ئىسلامىي بۇ جەمئىيەتنىڭ سېكرېتارى بولىدۇ. جەمئىيەتنىڭ رەئىسى گېنېرال مەھمۇت مۇھىتى، مۇئاۋىن رەئىسى شۇ ۋاقىتتا ئافغانىستاندا تۇرۇۋاتقان مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا بولىدۇ.

مۇھەممەد ئەمىن ئىسلامىي توكيودا تۇرغان مەزگىللىرىدە، توكيو شەھىرىدىكى چوڭ مەسجىدتە ئىماملىق قىلغان. ئۇ بىر تەرەپتىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ زۇلمىدىن قېچىپ توكيوغا ھىجرەت قىلغان تاتارلار بىلەن ياخشى مۇناسىۋەتتە بولۇپ، ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىگە دىنىي بىلىملەرنى ئۆگەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن تاتار ئۆلىمالىرىدىن قازى ئابدۇرەشىد، مۇسا جارۇللاھ قاتارلىق زاتلارنىڭ قولىدا ئىسلامىي ۋە ئەدەبىي بىلىملەرنى تەھسىل قىلغان.

مۇھەممەد ئەمىن ئىسلامىي 1950 - يىلى سەئۇدى ئەرەبىستانغا كېلىپ ھەج پەرزىنى ئادا قىلغان. 1951 - يىلى 2 - ئاينىڭ 9 - كۈنى پاكىستاننىڭ كاراچى شەھىرىدە چاقىرىلغان خەلقئارالىق ئىسلام قۇرۇلتىيىغا ئىشتىراك قىلىپ، ئۇنىڭدا شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ۋەزىيىتى، خىتاي زۇلمى ئاستىدا تارتقانلىرى ھەققىدە تەپسىلى بايانات ئېلان قىلغان. قۇرۇلتاي بۇ ھەقتە تۆۋەندىكىچە قارار ماقۇللىغان:

«قۇرۇلتىيىمىز شەرقىي تۈركىستانلىق مۇھاجىرلار تەرىپىدىن سۇنۇلغان دوكلاتنى مۇزاكىرە قىلدى. شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ھۆررىيىتىنى قولىغا ئېلىش يولىدا ئېلىپ بارغان يوللۇق كۈرەشلىرى ۋە شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابىنىڭ باشچىلىرىنىڭ خىتاي كوممۇنىستلىرى تەرىپىدىن بېشىغا كەلگەن ئۆلتۈرۈش، يوقىتىش ۋە ۋەتىنىدىن قوغلاپ چىقىرىش پاجىئەلىرىدىن خەۋەردار بولدى. بۇنىڭغا ئاساسەن، قۇرۇلتىيىمىز خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ بۇ ھەددىدىن ئاشقان زۇلۇم ۋە جەۋرلىرىنى قەتئىي

www.uyghurkitap.com

تۇردە ئەيىبلاش، خەلقئارادىكى ئىنسان ھەقلىرىنى ھىمايە قىلىدىغان تەشكىلاتلارنى بۇ زۇلۇمنى توختىتىش يولىدا ھەرىكەت قىلىشقا چاقىرىش، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى خىتاي زۇلمىدىن قۇتقۇزۇپ، ئۇلارنى ھۆررىيىتىگە ئېرىشىشى ئۈچۈن جىددىي ئىشلەشنى قارار قىلدى».

مەزكۇر قۇرۇلتاي مۇناسىۋىتى بىلەن مۇھەممەد ئەمىن ئىسلامىي ئىسلام دۇنياسىدىكى شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان مەشھۇر ئۆلىمالار بىلەن زىچ ئالاقىدا بولۇپ، ئۇلارنى شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىگە تېخىمۇ زور ئەھمىيەت بېرىشكە چاقىرىپ تۇردى. بۇ ئارىدا ئۆزى ئىراق، سۈرىيە، لىۋان، تۈركىيە، ئىئوردانىيە قاتارلىق مەملىكەتلەردە زىيارەتتە بولۇپ، بۇ مەملىكەتلەردىكى مەسئۇللارغا، ئۆلىمالارغا شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئېچىنىشلىق ۋەزىيىتىنى، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ كوممۇنىست خىتاي زۇلمى ئاستىدا ئىڭراۋاتقانلىقىنى تونۇشتۇرۇش بىلەن بولدى. كېيىنچە، مىسىرنىڭ قاھىرە شەھىرىگە بېرىپ، شۇ جايدا 1956 - يىلىغا قەدەر تۇرۇپ قالدى.

## مىسىردىكى پائالىيەتلىرى

مۇھەممەد ئەمىن ئىسلامىينىڭ مىسىردا تۇرغان ۋاقتى ئۇنىڭ مىللىي روھنى ئويغىتىش، شەرقىي تۈركىستاننى كەڭ تونۇشتۇرۇش جەھەتتە، ئۇنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ پائالىيەتچان ۋاقىتلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مىسىر شۇ ۋاقىتلاردا پىكرىي ئېقىملار ئەڭ ئەۋجگە يەتكەن ۋە دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ئىسلام ئۆلىمالىرى توپلىنىدىغان ئىلىم ۋە پىكىر مەركىزى ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەزھەر بىلىم يۇرتىدىن ئىبارەت يەر يۈزىدىكى ئەڭ مەشھۇر ئىلىم مۇنبىرى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى بىلىمگە تەشنا بولغانلارنى ئۆزىگە جەلب قىلىپ تۇراتتى. مىسىرنىڭ بۇ ئىستىراتېگىيەلىك مۇھىم ئورنى سەۋەبلىك، شەرقىي تۈركىستان لىدېرلىرىدىن مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا بىلەن ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىن مىسىرنىڭ قاھىرە شەھىرىنى شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنىڭ ئەرەب دۇنياسىدىكى مەدەنىيەت ۋە تەشۋىقات مەكزى قىلىپ بەلگىلەپ، بۇ مەركەزگە مۇھەممەد ئەمىن ئىسلامىي بىلەن ئىبراھىم ۋاسىلىنى مەسئۇل قىلغان.

مۇھەممەد ئەمىن ئىسلامىينىڭ قاھىرەدە ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرىنى مۇنداق ئىككىگە ئايرىشقا بولىدۇ:

1 - مۇھەممەد ئەمىن ئىسلامىي ئىسلامىي مەسىلىلەرگە ئائالىغان جەمئىيەتلەرنىڭ قۇرۇلتايلىرى ۋە چوڭ يىغىنلىرىغا ئىشتىراك قىلىپ، خىتاي ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئېچىنىشلىق ۋەزىيىتىنى كەڭ تونۇتۇش بىلەن شۇغۇللانغان.

2 - مۇھەممەد ئەمىن ئىسلامىي مۇھاجىرەتتىكى تۈركىستانلىقلارنىڭ مەدەنىي يادىكارلىقلىرىنى، ئۆز تىلىنى ۋە تۈركىستان مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىش ئىشلىرىغا زور ئەھمىيەت بەرگەن. شۇ مەخسەت بىلەن چاغاتاي يېزىقى بىلەن «ئازات تۈركىستان»ناملىق دىنىي، ئىلمىي، ئەدەبىي، ئىجتىمائىي ژۇرنالنى چىقارغان. بۇ ژۇرنالنىڭ تۇنجى سانى 1954 - يىلى چىقىشقا

باشلىغان. ئەينى ۋاقىتتا بۇ ژۇرنال سەئۇدى ئەرەبىستان، مىسىر، ئافغانىستان، تۈركىيە، پاكىستان، ھىندىستان، ئىران قاتارلىق ئىسلام مەملىكەتلىرىدە، ئامېرىكا، ياۋروپا، ياپونىيە ۋە تەيۋەندە مۇھاجىرەتتە تۇرىۋاتقان تۈركىستانلىقلارغا كەڭ تارقىتىلغان بولۇپ، ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان ماقالىلەردە ئاساسەن تۈركىستاننىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى، ئەدەبىياتى ۋە شۇۋاقىتتىكى ئەھۋالى تەپسىلى ۋە ئىلمى ئۇسۇلدا بايان قىلىنغان ئىدى. ژۇرنالنىڭ پۈتۈن مەسئۇلىيىتى ۋە خىراجىتىنى ھەل قىلىش ئىشلىرىنى مۇھەممەد ئەمىن ئىسلامي ئۆز ئۈستىگە ئالغان ئىدى. ئەپسۇسكى بۇ ژۇرنال ئاران 3 سان چىقىپلا تۇرلۇك سەۋەبلەر بىلەن داۋام قىلالمىغان.

مەزكۇر ئۈچ سان ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان ماقالىلەر ۋە ئەمگەكلەر شۇنى ئىسپاتلىدىكى، مەرھۇم مۇھەممەد ئەمىن ئىسلامي خەلقى، ۋەتىنى ئۈچۈن روياپقا چىقىرىشنى مەقسەت قىلغان ئىشلىرىدا بار كۈچىنى چىقارغان. بەلكى بۇ خۇسۇستا شەرقىي تۈركىستانلىق مۇھاجىرلارنىڭ ئەڭ ئالدىنقىلىرىدىن بىرى ئىدى.

مۇھەممەد ئەمىن ئىسلامي يەنە «تۈركىستان ئەدەبىياتىدىن پارچىلار» ناملىق كىتابىنى چىقارغان بولۇپ، ئۇنىڭدا شەرقىي تۈركىستاندا ئۆتكەن مەشھۇر شائىرلار ۋە ئەدەبلەرنىڭ ئەسەرلىرى تاللاپ ئېلىنغان. بۇ مۇھاجىرەتتىكى تۈركىستانلىقلارنىڭ ئۆز مەدەنىيىتىنى، تارىخىنى ۋە ئەدەبىياتىنى، خۇسۇسەن ياشلارنىڭ ئۆز تىلىنى ئۇنۇتماسلىقى ئۈچۈن ئىدى. كىتابنىڭ مۇقەددىمىسىدە: «ئەدەبىيات ھەر قانداق بىر تىلنىڭ ئاساسىدۇر. ھەر قانداق بىر تىلنىڭ ئورنى، ھاياتى ۋە قىممىتى ئۇنىڭ ئەدەبىياتىغا تايىنىدۇ. ئەدەبىياتىدىن ئايرىلىپ قالغان تىل ئۆلۈك تىلدۇر. شۇنىڭدەك ئۆزىنىڭ تىلىدىن ئايرىلىپ قالغان مىللەت مۇنقەرىزلىككە يول تۇتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر قانداق مىللەت ئۆز ئەدەبىياتىغا زور ئەھمىيەت بېرىدۇ ۋە ئۇنى ساقلاپ قېلىش يولىدا ھەر نە سىسنى پىدا قىلالايدۇ.»

ئاپتور يەنە سۆزىگە داۋام قىلىپ، خىتاي زۇلمىنىڭ ھالاكىتىدىن مەدەنىي مىراسلىرىمىزنىڭ ئېغىر دەرىجىدە يوقىتىشقا ئۇچرىغانلىقىنى قىسقىچە بايان قىلىپ مۇنداق دەپ يازىدۇ: «مۇستەملىكىچىلەر مىللىي مەۋجۇدىيىتىمىزنى، تىلىمىزنى، دىنىمىزنى ۋە دەمەنىيەت مىراسلىرىمىزنى يوق قىلىش ئۈچۈن ئىنسان قېلىپىدىن چىققان تۈرلۈك رەزىل ۋاستىلىرىنى قوللىنىپ كەلدى. بىرقانچە قېتىم كۆپ تۈركۈمدە مەدەنىي مىراسلىرىمىزنى ۋە مىسلى تېپىلمايدىغان نادىر قولىيازمىلارنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىۋەتتى. تۈركىستان مەدەنىيىتىنى يوقىتىپ، ئورنىغا خىتاي تىلىنى زورلۇق بىلەن تېڭىشقا ئورۇنۇپ كەلمەكتە. ھازىر شەرقىي تۈركىستاندا كوممۇنىستلارنىڭ قارا قولى ئاستىدا ئوتتۇرىغا چىققان يېڭى ئەدەبىيات مىللىي روھ ۋە دىن ئىگىسى بولغان ھېچكىم قوبۇل قىلالمايدىغان دەرىجىدە باشقىچە بىر ئەدەبىياتتۇر.»

ئاپتور مىللىي ئەدەبىياتقا ئەھمىيەت بېرىشنىڭ زۆرۈرلىكى ئۈستىدە توختىلىپ يەنە مۇنداق دەپ يازغان: «دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ياشاۋاتقان تۈركىستانلىقلار، خۇسۇسەن ئۇلارنىڭ

پەرزەنتلىرى ئۆز تىلىدىن ۋە ئۆز ئەدەبىياتىدىن يىراقلىشىپ بارماقتا. مۇھاجىرەتتىكى شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ ئۆز تىلىدا نەشىر قىلىنىدىغان بىرەر ئىلمىي ماتېرىيالىنىڭ بولمىغانلىقى ئىشنىڭ بۇ قەدەر مۇرەككەپ بولۇپ كېتىشىگە سەۋەب بولغان. بىزنىڭ ئۆز ئەدەبىياتىمىزنى باشقا تىللارغا تەرجىمە قىلىپ، دۇنيا خەلقىگە ئۆزىمىزنىڭ مەدەنىي مىراسلىرىمىزنى تونۇشتۇرۇشىمىز، ئەۋلادلىرىمىزغا ئۆز تىلىمىزنى ۋە ئۆز مەدەنىيىتىمىزنى ئۆگىتىپ تەربىيەلىشىمىز زۆرۈردۇر. بۇ ۋەزىپىنى ئورۇندىيالماسلىقتا زۇلۇم ئاستىدىكى خەلقىمىزنىڭ ئۆزۈرىسى قوبۇل قىلىنىسىمۇ، چەت ئەللەردە ھۆر دۇنيادا ياشاۋاتقان تۈركىستانلىق مۇھاجىرلار ئۈچۈن ئۆزۈر يوق!؟»

مۇھەممەد ئەمىن ئىسلامىي مىسىردا ئىلمىي ئىشلىرى بىلەن بىرگە سودا ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ۋەتەن، خەلقى ئۈچۈن قىلىدىغان ئىشلىرى كۆپ ۋە ئېغىر بولغانلىقتىن، سودا ئىشلىرىغا ۋاقىت ئاجرىتالمىغان ۋە تازا كۆڭۈل بۆلەلمىگەنلىكى سەۋەبلىك سودا ئىشلىرىدا ئېغىر دەرىجىدە زىيانغا ئۇچرىغان. شۇنىڭ بىلەن 1956 - يىلى شۇ ۋاقىتتىكى پەلەستىن مۇفتىسى ھاجى ئەمىن ھۈسەينىي، مىسىردىكى «مۇستەملىكە ئاستىدىكى مىللەتلەرنى قۇتقۇزۇش تەشكىلاتى»نىڭ رەئىسى مۇھەممەد ئابدۇللەتىف دەررازلارنىڭ تەۋسىيەلىرى بىلەن سەئۇدى ئەرەبىستانىغا كېلىپ، جىددە شەھىرىدىكى ھەج ئىشلىرى ئىدارىسىدە 1987 - يىلغىچە تەرجىمانلىق خىزمىتىدە بولغان.

## سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى پائالىيەتلىرى

مۇھەممەد ئەمىن ئىسلامىينىڭ سەئۇدى ئەرەبىستاندا تۇرغان ۋاقتى 30 يىلدىن ئاشىدۇ. بۇ ئارىدا مەرھۇم ھارماستىن، زېرىكمەستىن مىللىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ ئۆتتى. كېسەللىك ياكى ياشىنىپ قالغانلىقى ئۇنى بۇ ئۇلۇغۋار خىزمىتىدىن بىر كۈنمۇ توسۇپ قالالمىدى.

مۇھەممەد ئەمىن ئىسلامىينىڭ سەئۇدى ئەرەبىستاندا ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرىنى مۇنداق ئىككى نوقتىدىن قاراشقا بولىدۇ:

## ئىنقىلابىي پائالىيىتى

مۇھەممەد ئەمىن ئىسلامىينىڭ ئاسارەتتىكى ۋەتىنى شەرقىي تۈركىستاننى خىتاي زۇلمىدىن قۇتقۇزۇش ئىرادىسى بالىلىق چاغلىرىدىلا يېتىلگەن بولۇپ، بۇ يولدا قولىغا قورال ئېلىپ ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلدى. ۋەتىنىدىن ھىجرەت قىلىشقا مەجبۇر بولغاندىن كېيىن، قولىغا قەلەم ئېلىپ بۇ كۈرەشلىرىنى داۋاملاشتۇردى. ئۇنىڭ پىكرى خالىس ئىسلامىي پىكىر بولۇپ، پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ غېمىنى يەيتتى. خىتاي ۋە رۇس ئىستىلاسىدىكى مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىنى مۇستەملىكىنىڭ چىدىغۇسىز زۇلۇملىرىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۇنىڭ بىرلا تىلىكى ئىدى. شۇ يولدا مۇھاجىرەتتىكى شەرقىي ۋە غەربىي تۈركىستانلىق قېرىنداشلىرىنى بىر دۈشمەنگە قارشى بىر سەپتە بولۇپ، بىرلىكتە كۈرەش قىلىشقا چاقىردى. ئۇ ئادەتتىكى تۈركىستانلىقلارغا ئوخشاش ھايات كەچۈرۈشنى ئۆزى ئۈچۈن راۋا كۆرمىدى ۋە

پۈتۈن ھاياتىنى، ئىلمىنى، ئەقلىنى ۋە ۋاقتىنى تۈركىستان مەسىلىسىگە بېغىشلىدى. ئۇ شەرقىي ۋە غەربىي تۈركىستاندىكى مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىنىڭ خىتاي ۋە رۇس زۇلمى ئاستىدا ئۇچرىغان كۈلپەتلىرىنى، ئېزىلىشلىرىنى ۋە ھۆررىيەتكە مۇشتاق ئىكەنلىكىنى پۈتۈن ئىسلام دۇنياسىغا تونۇشتۇرۇش يولىدا كۆپلىگەن ئىلمىي ماقالىلەرنى ۋە كىتابلارنى نەشىر قىلدۇردى. ئەينى ۋاقىتتا سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ « ئەل بىلاد» گېزىتىدە، «چوڭ تۈركىستان»، «خىتايدىكى مۇسۇلمانلار»، «شىمالى قافقاستىكى مۇسۇلمانلار»، ئىدىل ـ ئورالدىكى مۇسۇلمانلار»، «قىرىمدىكى مۇسۇلمانلار»، «تۈركىستاندىن نېمىلەرنى بىلىسىز»، «تۈركىستان مۇسۇلمانلىرى ۋە كوممۇنىست زۇلمى»، «قېرىنداشلىق چاقىرىقى»، «شەرقىي تۈركىستان شىنجاڭ ئەمەس» دېگەن تېمىلاردا كۆپلىگەن ئىلمىي ماقالىلەرنى ئېلان قىلغان.

1962 ـ يىلى مەككە مۇكەررەمە شەھرىدە «ئىسلام دۇنيا ئىتتىپاقى» تەسىس قىلىنغاندىن كېيىن، مۇھەممەد ئەمىن ئىسلامىي بۇ ئىتتىپاققا ئەزا بولغان دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئىسلامىي جەمئىيەت ۋە تەشكىلاتلارنىڭ باشلىقلىرىدىن پاكىستاندىكى «ئىسلامىي جامائەت» تەشكىلاتىنىڭ قۇرغۇچىسى ئەبۇل ئەئىلا مەۋدۇدى، پەلەستىن مۇفتىسى ئەمىن ھۈسەينىي، دوكتور مۇستافا سىبائى، دوكتور رامىزان، شەيخ مۇھەممەد سەۋۋاف قاتارلىقلار بىلەن بۇرۇندىن باغلىنغان ياخشى مۇناسىۋىتى ۋە دوستلۇقىدىن پايدىلىنىپ، شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى «ئىسلام دۇنيا ئىتتىپاقى»نىڭ چوڭ يىغىنلىرىنىڭ كۈن تەرتىپىگە كىرگۈزۈشتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدۇ.

سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى تۈركىستانلىق مۇھاجىرلار مۇھەممەد ئەمىن ئىسلامىينى مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا بىلەن ئىيسا يۈسۈپ ئالپتېكىنلەرگە ۋاكالىتەن «ئىسلام دۇنيا ئىتتىپاقى تەسىس مەجلىسى» ئەزالىقىغا سايلايدۇ. مۇھەممەد ئەمىن ئىسلامىي «ئىسلام دۇنيا ئىتتىپاقى»غا شەرقىي ۋە غەربىي تۈركىستاننىڭ، شۇنداقلا كوممۇنىستلارنىڭ مۇستەملىكىسىدە قالغان باشقا مۇسۇلمان خەلقلەرنىڭمۇ مەسىلىسىنى تەقدىم قىلىدۇ. «ئىسلام دۇنيا ئىتتىپاقى تەسىس مەجلىسىنىڭ» نىڭ 1963 ـ يىلى مارتنىڭ 6 ـ كۈنىدىن 9 ـ كۈنىگىچە داۋام قىلغان ئۈچىنچى نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىدا تۆۋەندىكىچە قارا ماقۇللىنىدۇ:

«... يەتتىنچى مەسىلە، تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىنىڭ مەسىلىسى بولۇپ، مەجلىس تۈركىستان مۇسۇلمانلىرى ھەققىدە تەقدىم قىلىنغان دوكلاتنى مۇزاكىرە قىلىپ چىقىپ تۆۋەندىكىچە قارارنى ماقۇللىدى:

1 ـ «ئىسلام دۇنيا ئىتتىپاقى»نىڭ باش كاتىبلىق ئىدارىسىنىڭ ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ ھۆكۈمەتلىرىدىن خىتايدىن ۋە رۇسىيەدىن كەلگەن تۈركىستانلىق مۇھاجىرلارنى قوينىغا ئېلىشىنى، ئۇلارغا گراژدانلىق بېرىشىنى تەلەب قىلىشى ۋە ھەر قايسى دۆلەتلەردىكى ۋەكىللىرىگە بۇيرۇش ئارقىلىق تۈركىستان مەسىلىسىنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ كۈن تەرتىپىگە كىرگۈزۈشى.

2 ـ مۇھەممەد ئەمىن ئىسلامىنىڭ «ئىسلام

www.uyghurkitap.com

دۇنيا ئىتتىپاقى»غا تەقدىم قىلغان ئەرەبچە دوكلاتىنى ئىنگىلىزچە ۋە فرانسۇزچىغا تەرجىمە قىلىپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا سۇنۇش. ئۇنى ئىيسا يۈسۈپ ئالىپتېكىن شەرقىي تۈركىستان ھەققىدە تەقدىم قىلغان تەپسىلى مەلۇمات بىلەن بىرگە نەشىر قىلدۇرۇپ تارقىتىش.»

تۈركىستان خەلقىنىڭ بۇ ھەققانىي دەۋاسىنىڭ ئىسلام دۇنياسىدا كەڭ تونۇلغانلىقى ۋە ئىسلامىي تەشكىلاتلارنى ھەرىكەتلەندۈرگەنلىكى ئۆزىنى «جۇڭگونىڭ قانۇنلۇق ھۆكۈمىتى»دەپ دەۋا قىلىپ كەلگەن تەيۋەنلىكلەرنىڭ ئۇغىسىنى قايناتتى. تەيۋەننىڭ ۋەكىلى «سالىھ سون شۇن ۋۇ» « ئىسلام دۇنيا ئىتتىپاقى تەسىس مەجلىسى»گە ئەزا بولۇپ كىرىش پۇرسىتىگە ئېرىشتى. ئەمما ئۇ ئېزىلگەن مۇسۇلمانلارنىڭ تەرىپىنى ئەمەس، بەلكى تەيۋەن ھۆكۈمىتىنىڭ تەرىپىنى تۇتۇش ئۈچۈن كىرگەن ئىدى. ئۇ 1963 ـ يىلى «ئىسلام دۇنيا ئىتتىپاقى تەسىس مەجلىسى»نىڭ چوڭ يىغىنىدا سۆزلىگەن نۇتقىدا، «شەرقىي تۈركىستان دەپ ئاتىلىدىغان بىر جاي يوق، ئۇ جۇڭگونىڭ بىر ئۆلكىسى بولغان شىنجاڭ» دېگەن ئويدۇرما دەۋالىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى توغرۇلۇق «دۇنيا ئىسلام ئىتتىپاقى» تەرىپىدىن چىقىرىلغان قارارنىڭ بىكار قىلىنىشىنى تەلەپ قىلغان ئىدى. لېكىن ھەقىقەت ھەر زامان غالىب بولۇپ، ئۇنى قوغدايدىغانلار تۈگەپ كەتمەيدۇ. شۇ ۋاقىتتا پاكىستاندىكى «ئىسلامىي جامائەت» تەشكىلاتىنىڭ قۇرغۇچىسى ئەبۇل ئەئلا مەۋدۇدى تەيۋەنلىك ۋەكىلنىڭ بۇ يالغان دەۋالىرىغا بىر ـ بىرلەپ رەددىيە بېرىپ چىقىپ، ھېلىقى ۋەكىلنىڭ ئاغزىنى ئېچىلماس قىلىپ قويىدۇ. «ئىسلام دۇنيا ئىتتىپاقى تەسىس مەجلىسى» ئەزالىرىدىن ئەللامە مۇھەممەد مەھمۇد سەۋۋاف تەيۋەنلىك ۋەكىل كۆتۈرۈپ چىققان دەۋانىڭ يالغان دەۋا ئىكەنلىكىنى پۈتۈن ئالەمگە ئېلان قىلىش ئۈچۈن ئەڭ ئىشەنچلىك مەنبەلەردىن پايدىلىنىپ شەرقىي تۈركىستان ھەققىدە تەپسىلى دوكلات ھازىرلاشنى تەلەب قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن 1964 ـ يىلى شەرقىي تۈركىستانلىق زىيالىيلار ناھايىتى ئېنىق ۋە ئىخچام ھالدا «ئىسلام دۇنياسىغا چاقىرىق»، «تۈركىستان توغرۇلۇق ھەقىقەتلەر» ناملىق كىتابچىلارنى يېزىپ چىقىپ، سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى ئۇيغۇر مۇھاجىرلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن باستۇرۇپ تارقىتىدۇ. بۇ كىتابلار بەش مىڭ نۇسخىدىن نەشىر قىلىنغان بولۇپ، پۈتۈن ئىسلام دۇنياسىدىكى تەشكىلات ۋە جەمئىيەت مەسئۇللىرىغا تارقىتىپ بېرىلگەننىڭ سىرتىدا، سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ مەشھۇر گېزىتى «ئەل بىلاد»، رىياد شەھرىدە چىقىدىغان «دەۋەت»، مەككە مۇكەررەمە شەھرىدە چىقىدىغان «نەدۋە» گېزىتلىرىدە بۇ كىتابچىلارنىڭ ئىچىدىكىلەر ئارقا ـ ئارقىدىن تولۇق ئېلان قىلىنىدۇ. بۇ كىتابچىلار كېيىنچە ئىنگىلىز تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ، سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ «ئىسلامىي ھەمكارلىق» دېگەن ھەج ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنىدۇ. 1969 ـ يىلى شۇنىڭ تەسىرىدە، شەيخ خېلىل ھامىدى ئوردۇ تىلىدا «قىزىل پەردە ئارقىسى» ناملىق بىر كىتاب يېزىپ چىقىپ، تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇرغان. مۇھەممەد ئەمىن ئىسلامىينىڭ

شەرقىي تۈركىستان ھەققىدە يازغان كۆپلىگەن قولىيازمىلىرى بار ئىدى. بەلكى پەرزەنتلىرىنىڭ قولىدا ساقلانغان بولۇشى ئېھتىمال.

## دىنىي پائالىيەتلىرى

مەرھۇم مۇھەممەد ئەمىن ئىسلامىي ئىلىم مەرىپەتلىك ۋە ئېسىل پەزىلەتلىك كىشى بولۇپ، ئىسلامىي بىلىملەرنى ۋەتىنى شەرقىي تۈركىستاندا، ئاندىن ھىندىستاندا، ئاندىن ئەزھەردە ئالغان. مەرھۇم بىلگەن بارلىق بىلىملىرىگە ئەدەبىيات ۋە ھەرخىل زامانىۋىي ئىلىملەر ھەققىدىكى مەلۇماتلىرىنى قوشۇپ مۇكەممەللەشتۈرگەن ئىدى. ئۆزىنىڭ ئانا تىلىنىڭ ئەدەبىياتىنى پىششىق بىلگەنلىكى سىرتىدا، ئەرەب، پارس، ئوردۇ تىللىرىنى بىلگەنلىكى ۋە ئىنگلىز تىلىغا ئەھمىيەت بېرىشى ئۇنىڭ ئىلىم سەۋىيىسىنى ۋە ھەر تەرەپلىمە مەلۇماتىنى تېخىمۇ ئاشۇرغان ئىدى. مەرھۇم پاساھەتلىك ۋە ئورۇنلۇق سۆزلەيدىغان، گۈزەل ئەخلاقلىق، ھەركىمنى ئۆزىگە جەلپ قىلالايدىغان، مەجلىسىگە ھازىر بولغانلارنى ئىلىم، ئىرپان بىلەن تەمىن ئېتەلەيدىغان ۋە ھەمىشە كىشىلەرگە ياخشى سۆز قىلىپ بېرىدىغان كىشى ئىدى. ئۇنىڭ مەجلىسىنى ئاڭلىغان قانداقلا كىشى ئۇنىڭ ئېغىزىدىن مۇسۇلماننىڭ كۈندىلىك ھاياتىدا بولۇشقا تېگىشلىك گۈزەل ئەخلاق، ئىلىم - ھېكمەت ۋە ياخشى ئىشلارنى ئاڭلايتتى. مەرھۇمنىڭ ئەڭ زور ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن ئىشلىرىنىڭ بىرى مۇھاجىرەتتىكى تۈركىستانلىقلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى ئۆز تىل ۋە ئۆز مەدەنىيىتى ئاساسىدا تەربىيەلەش ئىدى.

مەرھۇمنىڭ ھەرخىل مۇناسىۋەت ۋە سورۇنلارغا ئاتاپ يازغان ماقالىلىرىمۇ كۆپ بولۇپ، ئۇلاردىن:

1 - «تۈركىستانلىقلارنىڭ يېڭى ئەھدىنى تەبرىكلىشى» (1961 - يىلى «ئەل بىلاد گېزىتى» نىڭ 951 - سانىدا ئېلان قىلىنغان)

2 - « قىرال فەيسەلنىڭ ئىش - ئىزلىرى» (ئەل بىلاد گېزىتى»نىڭ ـ843 سانىدا ئېلان قىلىنغان)

3 - « گېزىتلەرگە ئاللاھنىڭ ئىسمىنى ۋە ئايەتلەرنى يازماسلىق ھەققىدە» (1965 - يىلى «ئوككاز گېزىتى»دە ئېلان قىلىنغان).

مەرھۇمنىڭ تۈركىستاندىكى ئىسلامىي مىراسلارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش يولىدا كۆرسەتكەن خىزمەتلىرىمۇ كۆپتۇر. تۈركىستاندا كوممۇنىستلار كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىۋەتكەن ئىسلامىي ئەسەرلەرنى قايتىدىن رەتلەپ، توپلاپ نەشر قىلدۇرغان ئىدى.

مەھمۇد تەرازىي تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغان «قۇرئان كەرىمنىڭ چاغاتايچە تەرجىمىسى»، «ياخشىلارنىڭ باغچىسى - ھەدىس كىتابى»، «نۇرۇل بەسەر - پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى»، «ھەج كىتابى»، ئابدۇلقادىر داموللامنىڭ «ئەقائىدى زۆرۈرىيە»، «تەجۋىد تۈركى»، سابىت دامولامنىڭ «ئەقائىد جەۋھەرىي»، «شېرىن كالام»، «ئىبنى مالىك ئەلفىيەسىنىڭ شەرھى» ناملىق ئەسەرلىرىنى نەشر قىلدۇرغان كىشى يەنە مۇھەممەد ئەمىن ئىسلامىي ئىدى.

## مۇھەممەد ئىسلامىي ئۇيغۇر تىلى رادىئوسىدا

مۇھەممەد ئەمىن ئىسلامىي 1982 - يىلى سەئۇدى ئەرەبىستان رادىئوسىنىڭ تۇنجى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئېچىلغان «تۈركىستانچە ئاڭلىتىش بۆلۈمى»گە ئىشقا كىرىپ، ئۆزىنىڭ ئىلمىي تەجرىبىسى ۋە ئىجتىمائىي ئورنىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن مەزكۇر بۆلۈمنىڭ باشلىقى بولغان. رادىئودا ھەركۈنى قۇرئان كەرىمنىڭ تەرجىمە ۋە تەپسىرىنى ئۆزى ئىشلەپ ھازىرلاپ ئاڭلىتىپ كەلگەن ئىدى. ئەپسۇسكى، مەرھۇمنىڭ ئۆمرى قۇرئان كەرىمنىڭ تەپسىرىنى تولۇقلاشقا يەتمىدى. ناس سۈرىسىدىن باشلىنىپ يۇسۇف سۈرىسىگە كەلگەندە مەرھۇمنىڭ ھاياتى ئاخىرلاشتى. مەرھۇم بۇ ئارىدا ئېغىر كېسەللىك ئانلىرىدىمۇ بىر كۈنمۇ بۇ ئىشنى توختاتمىغان ئىدى. رۇماتىزم سەۋەبلىك يۇرۇشتىن توختاپ قالغان كۈنلىرىدىمۇ ھەرىكەتلىنەلىدىغان ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ رادىئوغا بېرىپ ئىشىغا داۋام قىلغان ئىدى. كېسەللىنىڭ ئېغىرلىشىپ قالغىنى سەۋەبلىك ئۇنى ئىشىنى توختىتىپ دەم ئېلىشقا تەۋسىيە قىلغانلارغا «بۇ مېنىڭ دىنىي بۇرچۇم» دەپ جاۋاب بېرىپ ، ھاياتىنىڭ ئاخىرقى لەھزىلىرىگە قەدەر ئىشىغا داۋام قىلغان ئىدى.

## ۋاپاتى

مەرھۇم 1988 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى پەيشەنبە ئەتىگەندە ۋاپات بولۇپ، مەككە مۇكەررەمە شەھىرىدىكى «جەننەتۇ مۇئەللا» قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىندى. مەرھۇمنىڭ بەش ئوغلى بولۇپ، ئابدۇسەمەت ۋە ئابدۇلئەھەد ئىككىسى شەرقىي تۈركىستاندا قىلغان، مەجدى، مۇھسىن ۋە مدھەتلەر ھازىر جىددە شەھىرىدە ياشىماقتا. ئاللاھ تائالا مەرھۇمنىڭ ياتقان يېرىنى ئېسىل جەننەتلەردىن قىلغاي، ئامىين! ■

**پايدىلانغان ماتېرىياللار:**

1 ـ «بەشىير» ژۇرنىلى ـ11 سان 1950 ـ يىلى كاراچى ـ پاكىستان. «دۇنيا ئىسلام قۇرۇلتىيى» تەرىپىدىن نەشىر قىلىنغان.

2 ـ مۇھەممەد ئاللاھ بەردىنىڭ «مۇھەممەد ئەمىن ئىسلامىي ھەققىدە ئەسلىمىلەر» ناملىق ئەسىرى ـ1931 يىلى.

3 ـ ئابدۇرەشىد يۇسۇپنىڭ «يەكەندە مەدەنىي ـ مائارىپ ئىشلىرىنىڭ دەسلەپكى دەۋرى ۋە تەرەققىياتى» («شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى» ئۈرۈمچى ـ1987 يىلى 20 ـ سان، 60 ـ 75 ـ بەتلىرىدىن).

4 ـ باي ئەزىزنىڭ «مەھمۇت سىجاڭ بىلەن بىللە بولغان 12 يىل» («شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۈرۈمچى 1982 ـ يىلى 5 ـ سان، 138 ـ 171 ـ بەتلىرىدىن).

5 ـ مۇھەممەد ئەمىن ئىسلامىينىڭ « تۈركىستان ئەدەبىياتىدىن پارچىلار» 160 ـ بەت (قاھىرەدە «ئاتايا باسمىخانىسى»دا بېسىلغان، 1960 ـ يىلى).

6 ـ «ئازات تۈركىستان» ژۇرنىلى (قاھىرەدە نەشر قىلىنغان. بىرىنچى سان، 34 ـ بەت، 1954 ـ يىلى ئۆكتەبىر، ئىككىنچى سان 64 ـ بەت، 1954 ـ يىلى دىكابىر، ئۈچىنچى سان 56 ـ بەت، 1955 ـ يىلى ئاۋغۇست).

مۇھەممەد ئەمىن ئىسلامىينىڭ «ئىسلام دۇنياسىغا چاقىرىق» ۋە «تۈركىستان ھەققىدە ھەقىقەتلەر» ناملىق ئەسەرلىرى (ئەل ئەرەبىيە باسمىخانىسى»دا بېسىلغان 1964 ـ يىلى.

6 ـ مۇھەممەد ئەمىن ئىسلامىينىڭ «ختايدىكى مۇسۇلمانلار» ناملىق ئەسىرى («مۇسۇلمانلار ژۇرنىلى» بىرىنچى سان، 82 ـ 85 ـ بەتلەر، 1961 ـ يىلى جەنۋەدە نەشر قىلىنغان.)

# 840 - 848 - يىللاردىكى ئۇيغۇر - تاڭ سۇلالىسى توقۇنۇشى

«ئىچكى ئاسىيا تارىخىدىكى ئۇرۇشلار» ناملىق كىتابتىن ئارىيە

ئىچكى ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئۇزۇن يىللىق ۋە قايتا - قايتا تەكرارلانغان توسۇۋالغۇسىز بويسۇندۇرۇش ئۇرۇشلىرىدىكى مۇۋەپپىقىيەتلىرى شۇ دەۋردىكى ئىچكى ئاسىيا بوزقىر خەلقلىرىنىڭ بەزى نەتىجىسىز ئۇرۇشلىرىنىڭمۇ بولغانلىقىدەك ھەقىقەتنى غۇۋالاشتۇرۇپ قويۇشى مۇمكىن. بۇخىل تۇقۇنۇشلار كىڭەيمىچىلىك ۋە مۇداپىئە ئۇرۇشلىرىدىكى تىرىشچانلىقلىرىنىڭ مەغلۇپ بولۇشلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغاندىن سىرىت يەنە چۈشكۈنلۈك ۋە ئەندىشە سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان توقۇنۇشلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ماقالە ئىككىنچى خىل ھادىسىنى يەنى ئىچكى ئاسىيادىن چىققان زور بىر تۈركۈم خەلقلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ دۆلىتىنىڭ يىقىلىشى سەۋەبىدىن كۆچۈپ كېتىشكە ۋە جۇڭگو بىلەن نۇرغۇنلىغان تالاش - تارتىشلارغا، شۇنداقلا شىددەتلىك توقۇنۇشلارغا كىرىشكە مەجبۇر بولغانلىقى، ئەڭ ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ يوقىلىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقىدەك بىر ھادىسىنى تەھلىل قىلىدۇ.

تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ بىرى بولغان ئۇيغۇرلار - خەنزۇچە مەنبەلەردە خۇيخى، خۇيخۇ دەپ ئاتالغان. ئۇلار 744 - يىلى ئۆزىنىڭ قېرىندىشى بولغان تۈركلەرنىڭ ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ موڭغۇلىيەدە ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلىگەن. ئۇيغۇرلار تۈركلەرنى ئاغدۇرۇۋېتىشتىن بۇرۇن تۈركلەرنىڭ ئەڭ يېقىن قېرىندىشى ۋە ئىتتىپاقدىشى ئىدى. ئۇيغۇرلار تۈركلەرنىڭ ئورنىنى ئالغاندىن كېيىن شىمالدا دەرىجىدىن تاشقىرى بىر كۈچ سۈپىتىدە مەيدانغا چىقتى ۋە بوزقىر خەلقلىرى بولسۇن ياكى ئولتۇراقلاشقان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

خەلقلەر بولسۇن ئەتراپىدىكى قوشنا خەلقلەرنى مومكىنقەدەر بويسۇندۇردى ياكى ئەزدى. ئۇيغۇر - خەنزۇ مۇناسىۋىتى - ئىككى ھاكىمىيەتنىڭ بىر - بىرىگە بولغان موھىملىق دەرىجىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا - تارىختا ئىنتايىن كەمدىن كەم ئۇچرايدۇ. بۇنىڭ ئەڭ يارقىن مىسالىنى ئۇيغۇر قاغانلىقى قۇرۇلۇپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا 755 - يىلى تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئەن لۇشەن (ئۆگلۈك) توپىلىڭى يۈز بەرگەن ۋاقىتتا كۆرۈۋالايمىز. توپىلاڭنىڭ تەسىرىنىڭ چوڭلۇقىدىن تاڭ سۇلالىسى ئوردىسى ئۆزىنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن يات ئەلدىن ياردەم ئېلىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇلارغا بۇ ياردەم ئۇيغۇر قاغانلىقىدىن كەلدى. ئۇيغۇر قاغانى جوڭگوغا ئاتلىق قوشۇن ئەۋەتىپ توپىلاڭنى تىنچىتىشقا ياردەم بەردى.

توپىلاڭدىن كېيىن ئۇيغۇرلار تاڭ سۇلالىسىدىن مەيلى ھەربىي جەھەتتىن مەيلى ئابروي جەھەتتىن بولسۇن زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتتى. تاڭ سۇلالىسى ئەن لوشەن توپىلىڭىدا ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى كۆرسەتكەن ئىدى. گەرچە توپىلاڭ تىنچىتىلغان بولسىمۇ تاڭ سۇلالىسىنىڭ بۇرۇنقى ھالىتىگە قايتىپ كېلىشى مومكىن بولمىدى. بىر ۋاقىتلاردىكى قۇدرەتلىك ۋە گۈللەنگەن تاڭ سۇلالىسى 8 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ ئاجىزلاش ۋە پارچىلىنىشقا قاراپ ماڭدى. گەرچە جۇڭگو بۇ ۋاقىتتا يەنىلا چوڭ ۋە سەل چاغلىغىلى بولمايدىغان دۆلەت بولسىمۇ تاشقى كۈچلەرگە ۋە توپىلاڭچىلارغا تاقابىل تۇرۇشتا ئۆزىنىڭ ئىشەنچىسىنى يوقىتىپ قويۇشقا باشلىدى ۋە كۈچىنى ئاشۇرۇشقىمۇ بۇرۇنقىدەك قۇربىتى يەتمەيدىغان بولۇپ قالدى. بۇنىڭ ئۈستىگە ئۇيغۇر قاغانلىقى تاڭ سۇلالىسى ئىمپېراتورى ئۈچۈن ناھايىتى چوڭ ياردەم قىلدى. بۇنىڭ بىلەن تاڭ ئوردىسى رەھمەت ئېيتىش كېرەكلىكىنى ھېس قىلدى ۋە بۇرۇن باشقا دۆلەتلەرگە بېرىپ باقمىغان بىر ھوقۇقنى ئۇلارنىڭ بەھرىمەن بولۇشى ئۈچۈن بەردى. بۇ ئات - يىپەك سودىسى بولۇپ، بۇ سودىدا، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلار ۋە بوزقىر مىللەتلىرى كۆپ پايدىغا ئېرىشەتتى. بۇنىڭدىن باشقا تاڭ سۇلالىسى نۇرغۇنلىغان پادىشاھ جەمەتىدىن بولغان مەلىكىلەرنى ئۇيغۇر ھۆكۈمدارلىرىغا ياتلىق قىلدى.

گەرچە بەزى ۋاقىتلاردا ئارىلىرىدا جىددىيچىلىك يۈز بەرگەن بولسىمۇ، ئومۇمىي جەھەتتىكى دوستلۇق مۇناسىۋىتى سەۋەبىدىن ئۇيغۇرلار تاڭ سۇلالىسىدىن ئىقتىسادىي جەھەتتىن كۆپ پايدىلىنالايتتى. ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ جۇڭگودىكى مانى دىنىنىڭ قوغدىغۇچىلىرىغا ئايلانغان ئىدى. مانى دىنى سوغدىيانلار ۋە باشقا ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى تەرىپىدىن ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئارىسىغا تارقالغان بىر دىن ئىدى. جوڭگو ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي جەھەتتىكى ئارىلىشىشى ۋە ئىقتىسادىي ئېكسپىلاتاتسىيىسىگە قارىتا بەكمۇ غەزەپلەنگەن بولسىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىشنىڭ قىيىنلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن جوڭگو يىپەكنىڭ تۈركۈم - تۈركۈملەپ ئىچكى ئاسىيا رايونلىرىغا كىرىشى غايەت زور بايلىقنىڭ جۇغلىنىشى ئىدى. بۇ خىل ھادىسە ئىلگىرىكى ھېچقانداق بوزقىر ئىمپېرىيىلىرىدە مەۋجۇت بولۇپ

باققان ئەمەس ئىدى. جوڭگولۇقلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتلىرىغا ۋە باشقا بويۇملىرىغا ئېھتىياجلىق بولسىمۇ ئۇيغۇرلارنى قارشى ئېلىنمايدىغان پارازىتلار دەپ قارايتتى، ئۇيغۇرلار بولسا ئىككى دۆلەتنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ ھوزۇرىنى سۈرەتتى، چۈنكى بۇخىل مۇناسىۋەت ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشىغا پايدىلىق ئىدى. جوڭگونىڭ يىپەكلىرى ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرغان بولسا ياتلىق قىلىنغان مەلىكىلەر ۋە تاڭ سۇلالىسى پادىشاھىنىڭ ئۇلارغا بەرگەن ئوتۇغات ناملىرى ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسى ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈردى.

گەرچە بۇخىل دەرىجىدىن تاشقىرى ئەۋزەللىككە ئىگە بولسىمۇ ئۇيغۇر قاغانلىقى ئاخىرىدا ئاجىزلىششقا باشلىدى. 820 - يىلى يەنە بىر تۈركىي تىللىق مىللەت بولغان قىرغىزلار (خەنزۇچە 黠戛斯Xiajiasi) ئۇيغۇرلارغا قارشى ئىسيان كۆتۈردى ۋە بۇ ئىسيان ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئۇرۇشقا قاراپ تەرەققىي قىلدى. ئۇيغۇر ھۆكۈمدار تەبىقىسىدىكىلەر ئارىسىدىكى دەھشەتلىك ئىچكى توقۇنۇش ھاكىمىيەتنى زور دەرىجىدە ئاجىزلاشتۇرىۋەتتى. 840 - يىلى ئۇيغۇر ھاكىمىيىتى قاتتىق سوغۇق، ئاچارچىلىق ۋە ۋابا كېسىلىنىڭ زەربىسى بىلەن ئاجىزلاپ قىرغىزلارغا قارشى تۇرالمايدىغان دەرىجىدە ئاجىزلاپ كەتتى. قىرغىزلار خائىنلىق قىلغان ئۇيغۇر قوماندانىنىڭ ياردىمى بىلەن پايتەخت ئورخۇن دەرياسىغا ھۇجۇم قىلدى ۋە ئۇيغۇر قاغانىنى ئۆلتۈردى. بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر ئورخۇن ئىمپېرىيىسى يوق بولدى. نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇرلار قىرغىزلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا كىرىشنى خالىمىدى ۋە ئۇزۇل - كېسىل مەغلۇبىيەتتىن قۇتۇلۇپ چىقتى. بىرقانچە گۇرۇپپىغا بۆلۈنگەن ئۇيغۇرلار ئوخشىمىغان يۆنىلىشتە بۇرۇنقى تېررىتورىيەسىدىن(ئانا ماكانىدىن) ئۇزاقلاشتى. بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئارىسىدا تاڭ سۇلالىسىنىڭ چېگرالىرىغا قاراپ كۆچكەن بىر قىسىم ئۇيغۇرلار بىزنىڭ دىققىتىمىزنى تارتىدۇ.

يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، 9 - ئەسىردىكى تاڭ سۇلالىسى يېڭى قۇرۇلغان ۋاقىتلىرىدىكىدەك ئۇنداق كۈچلۈك ۋە چوڭ ئىمپېرىيە ئەمەس ئىدى. ئەن لوشەن توپىلىڭىدىن كېيىن تاڭ سۇلالىسى ئەسلىگە كەلدى ھەتتا تەرەققىي قىلدى. لېكىن شەرقىي ئاسىيا ۋە مەركىزى ئاسىيالاردىكى بۇرۇنقى كۈچى ۋە ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ھېچ قادىر بولالمىدى. 840 - يىللىرىدا تاڭ سۇلالىسى ئۆزىنى ناھايىتى موھىم بىر دۆلەت دەپ ھېس قىلسىمۇ ئەمما بۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئاجىزلاپ كەتكىنىنىمۇ ھېس قىلىپ يەتكەن ئىدى. ئۇيغۇرلارغا ئوخشاش نۇرغۇن قوشنىلىرى ئۇنىڭ بۇ ئاجىزلىقىدىن پايدىلىنىشقا تەييار ئىدى. تاڭ سۇلالىسى ئەن لوشەن توپىلىڭىدىن كېيىن يەنىمۇ ئاجىزلاپ كەتتى ۋە بىر قىسىم رايونلىرىدىن ئايرىلىپ قالدى. تارىم ئويمانلىقىغا ئوخشاش بەزى رايونلار بۆلۈنۈپ چىقىپ كېتىپ قالماستىن يەنە بەزى جايلار مۇستەقىللىق ۋە باراۋەرلىك دەرىجىسىگە يەتتى. يەنى تاڭ سۇلالىسىغا باج تاپشۇرۇشنى رەت قىلدى ھەم سىياسىي ۋە ھەربىي جەھەتتىن تاڭ سۇلالىسى مەركىزى ھاكىمىيىتىدىن ئايرىلىپ چىقتى.

ئۇيغۇرلار شىمالىي جۇڭگودا پەيدا بولغان

www.uyghurkitap.com

ۋاقىتتا تاڭ سۇلالىسى چاڭئەن ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ بۇ رايوندىكى ئاجىزلىقىنى بىلەتتى. بۇ ۋاقىتتا شىمالىي جۇڭگو مۇنداق ئۈچ رايونغا بۆلۈنگەن ھالدا تاڭ سۇلالىسىنىڭ كونتروللۇقى ئاستىدا ئىدى. بۇلار غەربتىن شەرققە تەرتىپ بويىچە فىڭ جوۋ (بۇ غەربىي تىبەتلەرنىڭ كونتروللۇقىدا ئىدى)، جىن ۋۇ ۋە خې دوڭلار ئىدى. خې دوڭنىڭ شەرق تەرىپى ياڭ جوۋ بولۇپ، ھەربىي ۋالىينىڭ كونتروللۇقىدىكى ئاپتونومىيەلىك رايون ئىدى. ياڭ جوۋ شەرقتە كورىيە بىلەن چېگرادىش بولۇپ ئوكيانغا تۇتىشاتتى. ئۇنىڭ شىمال تەرىپىدە بولسا بەزى موھىم بولغان بوزقىر خەلقلىرىدىن قىتانلار، تاتابىلار ۋە شى ۋېي (shi wei室韦) قاتارلىقلار بار ئىدى ۋە بۇلار ئەسلىدە ئەينى ۋاقىتتىكى قۇدرەتلىك ئۇيغۇر ئىمپېرىيىسىنىڭ ۋاسساللىرى ئىدى.

تاڭ سۇلالىسى ئۇيغۇر ئىمپېرىيىسىنىڭ ئىچىدە يۈز بەرگەن ئەھۋاللارغا ئۇزۇن مەزگىلگىچە ئېتىبار قىلمىدى. شۇڭا بۇ سەۋەبتىن 840 - يىلى ئۇيغۇرلارنىڭ كۆچۈپ چىققان بىر تارمىقىنىڭ تۇيۇقسىز خۇاڭخې دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدىكى ئەڭ چوڭ قولتۇقتا جايلاشقان فىڭ جوۋنىڭ شىمالىي چېگراسى بولغان تيەن دې (Tian de) شەھىرىگە كەلگىنىدە نېمە بولغىنىنى ئاڭقىرالماي قالدى. (ئۇيغۇرلار ئىككى گۇرۇپ بويىچە جۇڭگوغا كۆچكەن بولۇپ - تەرجىماندىن) بۇ قولتۇققا يېتىپ كەلگەن بىرىنچى گۇرۇپىنى بىر قانچە مۇھىم بولغان ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكلىرى يېتەكلەپ ئېلىپ كەلگەن ئىدى، بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ موھىمى بولسا ئورمىزىد (Orm zt) ئىدى. ئۇ تېكىن (شاھزادە) بولۇپ، ماتېرىياللاردا ئۆلتۈرۈلگەن ئۇيغۇر قاغانىنىڭ ئىنىسى دەپ قەيت قىلىنغان.

گەرچە تاڭ سۇلالىسىنىڭ چېگرا ۋالىيلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ تۇيۇقسىز پەيدا بولۇشىدىن بىئارام بولغان بولسىمۇ ئېغىر دۈشمەنلىشىش ياكى توقۇنۇشۇپ قېلىش ئەھۋاللىرى يۈز بەرمىدى. ئەلۋەتتە ئورمىزىد تېكىن ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى تاڭ سۇلالىسىدىن پاناھلىق تىلىگەن ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىتائەت قىلىشى ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ زور قىيىنچىلىقتا قالغانلىقى سەۋەبىدىن ئىدى. ئۇلارنىڭ ھاكىمىيىتى يىلتىزىدىن قومۇرۇلۇپ تاشلىنىپلا قالماي ئۇيغۇرلار بىر قانچىگە پارچىلىنىپ كەتكەن بولۇپ، ئېتىراپ قىلىنغان رەھبىرى يوق ئىدى. بىر قانچە بۆلۈك ئۇيغۇرلار شەرققە، يەنە بىر قىسمى غەربكە، شۇنداقلا يەنە بىر قىسمى جەنۇبقا كۆچكەن ئىدى. يەنە بەزىلىرى بولسا موڭغۇل ئېگىزلىكىدە قېلىپ قالغان ئىدى. قىرغىزلارنىڭ بۇ كۆچۈپ چىققانلارنى قوغلاش تەھدىتىمۇ يوق ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇيغۇر ھاكىمىيىتىنىڭ غۇلاپ چۈشۈشىگە سەۋەب بولغان توقۇنۇش ۋە ئىختىلاپلار ئۆزلىرىنىڭ ئارىسىدىن دۈشمەنلىشىپ قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىراتتى، شۇڭا ئورمىزىد يەنە ئۆزىنىڭ ئىچكى رەقىبلىرىدىن قورقاتتى. شۇڭا ئۇنىڭ جۇڭگوغا ئىتائەت قىلىشى بەك ھەيران قالارلىق ئىش ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭغا نىسبەتەن جۇڭگوغا كىرگەنلىك تاشقى مۇڭغۇلىيەدىكى تىنىمسىز خەتەرلىك دۈشمىنىدىن ئۆزىنى دالدىغا ئالغانلىق ئىدى، شۇنداقلا ئۆزلىرىگە ئېھتىياجلىق بولغان قوغداشقا

ئىگە بولغانلىق ھېسابلىناتتى.

گەرچە ئۇيغۇرلارنىڭ كۆچۈپ كېلىشى روشەن ھالدا جەڭگى ـ جېدەلسىز بولغان بولسىمۇ، تاڭ سۇلالىسى كېيىن يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى بولغان دۈشمەنلىشىشكە ئالدىن تەييارلىق قىلىپ قويدى. بۇ يەردىكى ئۇيغۇرلار ئۇنچىۋالا كۆپ بولمىسىمۇ ئورمىزىد ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى تاڭ سۇلالىسىنىڭ چېگرا موقىملىقى ئۈچۈن چوڭ بىر تەھدىد ئىدى. چۈنكى شىمال چوڭ توقۇنۇشلارغا تاقابىل تۇرۇشتا ئاجىز ۋە تەييارلىقسىز ئىدى. يېقىندا تەختكە چىققان پادىشاھ ۋۇ زۇڭ (840ـ846) ۋىن جوۋنىڭ ھەربىي ۋالىيسى، تەجرىبىلىك قۇماندان لىيۇ مىيەننى (782ـ845) ئەسكەرلىرىنى شىمالغا يۆتكەشكە ۋە كېلىپچىقىش ئېھتىماللىقى بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ ھۇجۇمىغا تەييار تۇرۇشقا بۇيرىدى، لېكىن بۇنداق بىر ھۇجۇم ۋە توقۇنۇش كېلىپ چىقمىدى. ئەكسىچە ئۇيغۇرلار ئۆزلىرى ئاستا چېگرادىن چېكىنىشكە باشلىدى.

841 ـ يىلى ئەتىيازدا، تاڭ سۇلالىسى ئوردىسى ئۆزىنىڭ چېگراسىدا تۇيۇقسىز پەيدا بولغان «ئىسيانچى» ئۇيغۇرلارغا پادىشاھ تەرىپىدىن پۈتۈلگەن بىر پەرمان ئەۋەتتى. پەرماندا ئۇلار چېگرانى قالايمىقان قىلغانلىق ۋە ئىككى خەلقنىڭ ئۇزۇندىن بېرى داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان دوستانە مۇناسىۋەتنى بۇزغانلىق جىنايىتى بىلەن ئەيىپلەنگەن ئىدى. ئۇلارنى دەرھال ئۆزىنىڭ ۋەتىنىگە قايتىشىنى ۋە شۇيەردە دۆلىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشىنى ئېيتتى. پەرماندا يەنە بارلىق چېگرا گارنىزونلىرىغا گەرچە چېگرادا بەزى توقۇنۇشلار يۈزبەرگەن بولسىمۇ ـ ئۇيغۇرلار تەمىناتقا ئېرىشىش ئۈچۈن بەزى ھۇجۇم قىلىش ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بارغان ئىدى ـ ئۇيغۇرلار بىلەن ئۇرۇشۇپ قالماسلىق ۋە بۇنىڭ بىلەن توقۇنۇش كەلتۈرۈپ چىقارماسلىقنى ئەسكەرتتى. بۇ ھېسداشلىق قىلىشتىن بەكرەك ئەندىشە قىلىشتىن دېرەك بېرەتتى، چۈنكى تاڭ سۇلالىسى چېگرانى قوغداشقا كېتىدىغان چىقىمنىڭ كۆپلىكى ۋە ئۇيغۇر قاغانلىقى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنىڭ ياخشىلىقى سەۋەبىدىن چېگرانى قوغداشقا بەكلا سەل قارىغان ئىدى. چېگرادىكى ئۇيغۇر كىرزىسىنى كۆزەتكۈچى قوماندان لى دې يۈگە 李德裕(787ـ850) ـ تاڭ ۋۇزۇڭنىڭ باش ۋەزىرى ـ شىمالىي چېگرا مۇداپىئەسىنىڭ ئاجىز ۋە تەييارلىقسىز ئىكەنلىكى ئايان ئىدى.

تاڭ سۇلالىسىنىڭ مەكتۇبىغا ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن جاۋاب كەلدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەھۋالىنى بىر قۇر بايان قىلغاندىن كېيىن تاڭ سۇلالىسىدىن رەسمى پاناھلىق تىلىدى. گەرچە تاڭ سۇلالىسى ئۇيغۇرلارغا ھېسداشلىق قىلغان بولسىمۇ يەنىلا ئۇلارنىڭ قايتىپ كېتىشىنى تەلەپ قىلدى. تاڭ ئوردىسى ئۇيغۇرلارنىڭ تەلىپى ۋە پىلانلىرىنى ئېنىقلاپ چىققاندىن كېيىن بۇلارنى مەخپىي ھالدا چېگرا رايونىدىكى ئوردىغا بەك ماسلىشىپ ھەرىكەت قىلمايدىغان ئەمەلدارلارغا يەتكۈزدى. ئەلۋەتتە تاڭ سۇلالىسى ئوردىسىدىكى ۋە چېگرادىكى نۇرغۇن ئەمەلدارلار ئۇيغۇر پاناھلانغۇچىلارنىڭ ئۈستىگە ھۇجۇم قىلىشنى تەشەببۇس قىلاتتى. لېكىن لى تې يۇ بۇ پىكىرگە قارشى چىقتى. ئۇ ئەن لوشەن توپىلىڭىدا ئۇيغۇرلارنىڭ قىلغان ياردىمىنى تىلغا ئېلىپ تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ھازىرقى قىيىن

ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىشى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ سالماقلىق بىلەن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ تۇرۇشلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ يىراق چېگرادا ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ ئۆتتى. ئۇ تاڭ سۇلالىسى پادىشاھىغا چېگراغا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۇلاردىن ھال سوراش ۋە تەمىنات يەتكۈزۈپ بېرىش تەكلىپىنى بەردى. ئۇ - ھازىر بىچارە بىر قۇش، بىزنىڭ قوينىمىزغا ئۇچۇپ كەلدى - دېدى ۋە - بىز چوقۇم بۇلارغا ھېسداشلىق قىلىشىمىز لازىم- دېدى. ئۇ يەنە چېگرا رايونلىرىدىكى نۇرغۇنلىغان ئەسكەرلەرنىڭ ھازىرچە ئۇيغۇرلارنىڭ ھۇجۇمىغا قارشى تۇرۇشقا ئاجىزلىق قىلىدىغانلىقىنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتتى ۋە پادىشاھقا چېگرا مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىشنى تەۋسىيە قىلدى. لى يەنىلا ئۇرۇشتىن تىنچلىقنىڭ، توقۇنۇش چىقارغاندىن ھېسداشلىق قىلغاننىڭ ئەقىلگە ئۇيغۇن ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتتى. لى تې يۇ يەنە بىر تەرەپتىن ئورمىزىد تېكىن قاتارلىقلارنىڭ پاناھلىق تىلەش تەلىپىگە قارشى تۇردى. ئۇنىڭچە بولسا ئۇيغۇرلارنىڭ مومكىن قەدەر چېگرادىن ئۇزاقلىشىپ ئۆزلىرىنىڭ ۋەتىنىگە قايتىپ كەتسە ياخشى بولاتتى. بۇ ئۇنىڭ جۇڭگولۇق بولمىغان خەلقلەرنىڭ تۈركۈملەپ جۇڭگو چېگراسى ئىچىدە ئولتۇراقلىشىشىنى بۇرۇن تۈركلەر مەسىلە چىقارغانغا ئوخشاش يەنە مەسىلە كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ دەپ قارايدىغانلىقىنى، شۇنداقلا ئۆزىدىن كۈچلۈك بولغان خەلقتىن قېچىپ كەلگەن پاناھلانغۇچىلارغا پاناھلىق بېرىشنى خالىمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرەتتى. ئۇ ئۇيغۇرلارنى پاناھلانغۇچىلاردىن تالان - تاراج قىلغۇچىلارغا ئۆزگىرىدۇ دەپ قارايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇ ۋاقىتتا قىرغىزلارنىڭ سانى ۋە ھەرىكىتىنى كۆزىتىدىغان ئورگىنى يوق ئىدى.

تاڭ سۇلالىسى ئۇيغۇرلارغا قاراتقان كېيىنكى پەرمانى بولسا ياردەمنى ئازايتىش، ھەرگىزمۇ بۇرۇنقى ئۆلچەمدىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىك بولدى. بۇنىڭدىن باشقا ئۇيغۇرلارنىڭ قورال - ياراق بېرىپ تۇرۇش ئىلتىماسىنىمۇ رەت قىلدى ۋە ئۇلارنى دەرھال چېگرادىن ئايرىلىپ يايلاقتا قايتىشىنى تەلەپ قىلدى. بۇ گۇرۇپ ئۇيغۇرلارنىڭ قورال - ياراق ئىلتىماس قىلىشى ئۇلارنىڭ قىرغىزلار بىلەن قايتىدىن تۇتۇشۇپ بۇرۇنقى ماكانىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش بولماستىن، بەلكى ئۆزىنى ئەتراپتىكى تونگۇس، تۇيغۇن ۋە شاتو قاتارلىق خەلقلەرنىڭ ھۇجۇمىدىن قوغداش ئۈچۈن ئىدى. بۇ خەلقلەر تاڭ سۇلالىسىنىڭ «تىزگىنىنى بوشاشتۇرۇپ كونترول قىلىشى (خەنزۇچە Jimi)» سەۋەبىدىن شىمالىي جۇڭگودا زورىيىشقا باشلىغان بولۇپ، ھەتتا ئۇيغۇر ۋە قىرغىزلارغا رەقىپ بولالىغۇدەك ھالەتكە كەلگەن ئىدى. قىشنىڭ يېقىنلاپ كېلىشى بىلەن تاڭ سۇلالىسى ئوردىسى ئاخىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالىغا ئىچ ئاغرىتتى ۋە زور مىقداردا ئاشلىق ئەۋەتتى. بۇ ئىلتىپاتنى لى تې يۇ كۆرسەتكەن ئىدى. چۈنكى ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئاچلىقتىن چېچىلىپ بۇلاڭ - تالاڭ قىلىش ھەرىكىتىنى باشلىۋېتىشىدىن ئەنسىرىگەن ئىدى. چېگرا يەنىلا ئۇرۇشقا تەييارلىقسىز ھالەتتە ئىدى. تىيەن دې Tian de يەنىلا ئاجىز، ئۇيغۇرلار بولسا ئاچ ئىدى. لى تې يۇ پادشاھنى ئۇيغۇرلارغا ياردەم بېرىشنىڭ شىمالى چېگرا گارنىزونلىرىنى يوقىتىپ قويغىنىدىن بەكرەك ئاقىلانە ئىكەنلىكى

توغرىسىدا قايىل قىلغان ئىدى. ئۇ يەنە پادىشاھنى چېگراغا قوشۇن يۆتكەپ مۇداپىئە گارنىزونلىرىنىڭ ئورۇنلىشىشقا تەييارلىقىنى كۈچەيتىپ كەلگۈسىدە يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى بولغان ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىشقا ئۈندىدى.

842 - يىلى 1 - ئايدا ئۆگە قاغانىنىڭ يەنە نۇرغۇنلىغان پاناھلانغۇچىلارنى ئېلىپ ئۆزىنى ئۇيغۇرلارنىڭ قاغانى دەپ ئاتاپ تاڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا ئەلچى ئەۋەتىشى بىلەن ۋەزىيەت يەنىمۇ مۇرەككەپلىشىپ كەتتى. ئۆگە خەنزۇچە ماتېرىياللاردا (乌介Wu jie) دەپ يېزىلغان بولۇپ، ئۇ بۇ قېتىم تەيخى مەلىكىنىمۇ ئېلىپ كەلگەن ئىدى. تەيخى مەلىكە پادىشاھ تاڭ ۋۇزۇڭنىڭ دادا تەرەپتىن ھاممىسى بولۇپ، 821 - يىلى ئۇيغۇرلارنىڭ قاغانىغا ياتلىق قىلىش ئۈچۈن پايتەختتىكە ئەۋەتىلگەن ئىدى ۋە ئۇ يەردە خاتۇنلۇق سالاھىيىتىگە ئېرىشكەن ئىدى. ئۆگە تاڭ سۇلالىسىغا بىر قانچە تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويىدى، بۇلار: ئۆزىنى رەسمىي ئۇيغۇرلارنىڭ قانۇنلۇق قاغانى دەپ ئېتىراپ قىلىش، جۇڭگودىكى مانى دىنى چىركاۋلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش، ئۇيغۇر ھاكىمىيىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئاشلىق ۋە ئەسكەر ياردىمى بېرىش، ئەڭ ئاخىرىدا جۇڭگونىڭ قاراۋۇلخانىسى بولغان تيەن دې Tiande شەھىرىنى ئۇيغۇرلارغا ۋاقىتلىق ئولتۇراقلىشىشقا بېرىش. تيەن دې ئۆگە قاغانىنىڭ ئادەملىرىنىڭ چېدىرلىرىغا يېقىنلا يەردىكى بىر شەھەر ئىدى. جۇڭگو ئورمىزد قاغانغا ياردەم قىلغان مىقداردا ئۆگە قاغانغىمۇ ئاشلىق ياردىمى قىلىشقا قوشۇلدى ۋە مانى دىنىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشقىمۇ ماقۇل بولدى. تاڭ سۇلالىسى يەنە ئۆگە قاغانغا ئوتۇغات نام بەرمەكچى بولدى، لېكىن چېگرا رايون ۋەزىيىتىنىڭ تۇراقسىزلىقى تۈپەيلىدىن ئەمەلگە ئاشمىدى. قاغانىنىڭ باشقا تەلەپلىرى رەت قىلىندى. يېڭى قاغانىنىڭ تەسىر كۈچىنى ئاجىزلىتىش ئۈچۈن تاڭ سۇلالىسى ئۆگە قاغانىنىڭ تەيخى مەلىكىنى چاڭئەنگە ئەۋەتىشى ئۈچۈن خېلىلا كۈچەپ باقتى، لېكىن قايتۇرۇپ كېلەلمىدى.

ئۆگە قاغان ئۆزىنى ئورمىزد تېكىنگە ئوخشاش ئىلتىجا قىلغۇچى دەپ قارىمىدى. ئۇ ئۆزىنى تاڭ سۇلالىسىغا شۇنداق تەلەپلەرنى قويالايدىغان ۋە شۇ خىل سالاھىيەتكە ئىگە بىرى دەپ كۆرەتتى. ئۇنىڭ بۇ خىل ئۆزىنى كۈچلۈك چاغلايدىغان ۋە - سىياسىي ئېھتىياج سەۋەبىدىن - خالىغانچە ھەرىكەت قىلالايدىغان بىرى دەپ قارايدىغان مىجەزى ئەڭ ئاخىرىدا ئۇنىڭ بىلەن تاڭ سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولدى. بۇنىڭدىن باشقا ئورمىزد بىلەن ئۆگە بىر - بىرىگە رەقىب ئىدى. بۇ ئورۇن جەھەتتىكى پەرق ئەمەس، بەلكى ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇيغۇر ھاكىمىيىتىنىڭ ئىچىدىكى بۆلۈنمىچىلىك سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان دۈشمەنلىك ئىدى. لېكىن ئورمىزد ئۆزىنى قاغان دەپ باقمىغان ئىدى.

ئۆگە قاغان قارامىلىق بىلەن ھەرىكەت قىلىش ئىستراتېگىيىسىنى قوللانغانىدەك قىلاتتى. ئۇنىڭ بۇ خىل پوزىتسىيىسى پۈتۈنلەي كاپالەتسىز ئەمەس ئىدى. چۈنكى ئۇنىڭ قولىدا تاڭ سۇلالىسى پادىشاھىنىڭ ھاممىسى تەيخى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

مەلىكە بار ئىدى، شۇنداقلا فىلىڭ جوۋ، ۋۇ جوۋ ۋە خې دوڭلارنىڭ ھەر قاندىقىدىكى ئەسكەرلەرنىڭ ساندىن كۆپ ئەسكىرى بار ئىدى. تاڭ سۇلالىسى ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ تەخمىنەن 100 مىڭ كىشىدىن ئاشىدىغانلىقىنى مۆلچەرلىدى. بۇ ساننى ھەرگىزمۇ تۆۋەن چاغلىغىلى بولمايتتى. ئۆگە قاغاننىڭ بۇنداق ۋاستە تاللىشىدىكى مەقسىتى جوڭگو ۋە ئەتراپىدىكى باشقا مىللەتلەر بىلەن ئوخشاش ئورۇنغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ مۇستەقىللىقىنى ساقلاش ئىدى. ئۇنىڭ جوڭگودىن ئەسكەر ياردەم ئىلىش تەلىپى گەرچە چوڭ بىر تەۋەككۈلچىلىك بولسىمۇ مەقسىتى يېتەرلىك ئەسكەر ۋە ماددى ياردەم توپلاپ قىرغىزلارنى ئۆز ۋەتىنىدىن قوغلاپ چىقىرىپ مۇڭغۇل ئىگىزلىكىدە ئۇيغۇر ھاكىمىيىتىنى قايتا تىكلەش ئىدى. ئۇ ھەممىدىن بۇرۇن ئادەملىرىنى قايتا تەشكىللەش ئۈچۈن يېتەرلىك ۋاقىتقا ئېھتىياجلىق ئىدى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇنى قاغان دەپ ئېتىراپ قىلىشى ئۇنىڭ قانۇنلۇق ئورنىنى كۈچەيتتى. ئاشلىق ياردىمى بولسا ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئۈچۈن جىددى ئېھتىياجلىق بولغان نەرسە ئىدى. تىيەن دې شەھىرىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ئۇ شەھەر ھاياتىغا ماسلىشىپ كېتەلەيتتى. شۇنداقلا شەھەر، ئۇنى ئىزدەپ يۈرگەن قىرغىزلاردىن قوغداپ قالالايتتى. ئورمىزىدقا ئوخشىمايدىغىنى ئۇ جوڭگونىڭ باشقۇرۇشىنى قوبۇل قىلمىغان ئىدى. ئۆگە قاغان ئۆزىنى تاڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن قانۇنلۇق ھۆكۈمدار دەپ ئېتىراپ قىلىنىشىنى ئويلايتتى.

جوڭگونىڭ چېگرا رايونىدا ئىككى چوڭ ئۇيغۇر گۇرۇپ بار ئىدى، شۇنداقلا بەزى كىچىك گۇرۇپپىلارمۇ بار ئىدى، بۇلار تاڭ سۇلالىسىغا قالايمىقانچىلىق ۋە يوشۇرۇن مۇقىمسىزلىق ۋەزىيىتى پەيدا قىلاتتى. ئورمىزىد تېكىن تاڭ سۇلالىسىغا پاناھلىق بېرىش توغرۇلۇق توختىماي بېسىم ئىشلەتتى ۋە 842 - يىلى 6 - ئاينىڭ 2 - كۈنى رەسمى يوسۇندا تىيەندې شەھىرىگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئورمىزىد ۋە ئۇنىڭ بەزى موھىم ئادەملىرى تاڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن ئۇتۇغات نامغا ئېرىشتى. گەرچە بىز ئۇنىڭ رەھبەرلىكىدە جەمئىي قانچە كىشىنىڭ بارلىقىنى ئېنىق بىلمىسەكمۇ تارىخىي مەنبەلەردە يالغۇز ئەمەلدارلىرىنىڭلا 2600 دىن كۆپ ئىكەنلىكى مەلۇم. تاڭ سۇلالىسى پادىشاھى بۇيسۇنغان ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكلەرگە ئاشلىق، يىپەك ۋە كۈمۈشتىن ياسالغان بويۇملارنى ئىنئام قىلدى. تېخىمۇ موھىم بولغىنى بۇ ئۇيغۇرلاردىن «ھەقىقەتكە قايتقان» قوشۇن قۇرۇپ چىقىلدى ۋە تاڭ سۇلالىسى ئەسكىرى قۇرۇلمىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈلدى. ئورمىزىدقا خان جەمەتى فامىلىسى بولغان لى فامىلىسى ۋە سې زوڭ Sizong思宗 دېگەن ئىسىم ئىنئام قىلىندى. ئۇنىڭ پۇقرالىرى چېگراغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى ۋە ئائىلىسىگە ئوردىدىن ئىقتىسادى تەمنات بېرىلدى.

ئۆگە قاغاننىڭ بۇ ئىشقا بولغان ئىنكاسى خاتىرىلەنمىگەن، لېكىن ئۇ ھەقىقەتەن ئورمىزىد ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنى ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكى پۇقرالىرى دەپ قارايتتى ۋە تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇلارغا پاناھلىق بەرگەنلىكىدىن تولىمۇ بىئارام بولغان ئىدى. ئۇ ھايال ئۆتمەيلا تاڭ سۇلالىسىدىن ئورمىزىدنى تاپشۇرۇشنى تەلەپ قىلدى، شۇنداقلا يەنە نۇرغۇن ئاشلىق، مال، چارۋا بېرىشنى ۋە مانى دىنىغا بولغان قوغداشنى يەنىمۇ كۈچەيتىشنى تەلەپ

قىلدى. تاڭ سۇلالىسى ئۇنىڭ بارلىق تەلەپلىرىنى رەت قىلدى، ئۇنىڭغا ئاشلىقنى ۋىن جوۋدىن سېتىۋېلىشنى، يىپەكنى ئات بىلەن ئالماشتۇرۇپ ئىشلىتىشنى ئېيتتى. مانى دىنى چىركاۋلىرىنى قوغداش ئىشىغا قارىتا تاڭ سۇلالىسى پادىشاھى جەنۇبتىكى بۇتخانىلارنىڭ ئۇرخۇن خانلىقى يىقىلغاندىن كېيىن ساھىبسىز قالغانلىقىنى ۋە ھازىرچە ۋاقىتلىق تاقىلىدىغانلىقىنى تەكىتلىدى.

بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆگە قاغانىنىڭ تاڭ سۇلالىسىدىن تېخىمۇ يىراقلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئۇ ئۇلتۇراقلىشىشنى تەلەپ قىلغان شەھەرنىڭمۇ ئۇنىڭغا بېرىلمەسلىكى ئۆگە قاغاننى تېخىمۇ غەزەپلەندۈردى. لېكىن ئۆگە قىيىن ئەھۋالدا ئىدى. ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ۋەتىنىنى قايتۇرىۋالغۇدەك كۈچى يوق ئىدى. شۇنداقلا تاڭ سۇلالىسىغا ئەل بولۇشقىمۇ تەييارلىقى يوق ئىدى. ئۇنىڭ بۇ قىلغانلىرى بەلكىم تاڭ سۇلالىسىغا ھەيۋە قىلىش ئۈچۈن بولغان بولۇشى ئېھتىمال. قاغاننى قانداق نەرسە مۇشۇنداق قىلىشقا مەجبۇرلاۋاتقان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ بۇ خىل ئېنىقسىز ھالىتى خەتەرلىك ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تاڭ سۇلالىسى بارغانسېرى ئۇنىڭ تەلەپلىرىگە يېقىن كەلمەس بولىۋالغان ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئازراق شەپىدىن ھودۇقۇپلا يۈرىدىغان تاڭ سۇلالىسى چېگرا قاراۋۇلخانىلىرى ئۇنىڭ بۇ يەردىكى مەۋجۇتلۇقىنى تەھدىت دەپ بىلىشەتتى. ئۆگە قاغان بىلەن توقۇنۇشۇپ قېلىش خەۋپى يېقىنلاشقانسېرى چېگرادىكى «تىزگىنى بوشىتىۋېتىلگەن» قەبىلىلەر ئۇرۇشىنىڭ ئۆزىنىڭ مال، چارۋىلىرى، قۇللىرى ۋە تۈرلۈك

مەھسۇلاتلىرىغا ئېلىپ كېلىدىغان زىيىنىدىن ئەنسىرەشكە باشلىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆگە قاغان تاڭ سۇلالىسىغا بۇرۇن ئۇيغۇر قاغانلىقىغا تەۋە بولغان قىتان، تاتابى ۋە شى ۋېي Shiwei دېگەن قەبىلىلەرنىڭ ئۆزىگە دۈشمەنلىك قىلىشىدىن ھەتتا بىرلىشىپ ھۇجۇم قىلىشىدىن ئەنسىرەيدىغانلىقىنى ئاشكارىلاپ قويىدى.

لى تې يۈ گەرچە ئۆگە قاغانىنىڭ چېگرادىن يىراقلىشىشىنى ئۈمىد قىلسىمۇ، يەنىلا ئۇرۇشنىڭ تەييارلىقلىرىنىمۇ داۋاملاشتۇردى. شۇنداقلا پادىشاھقا شىمالى چېگرا رايونىنىڭ ئەسكىرى كۈچىنىڭ ئاجىز ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ، چېگرا ۋالىيلىرىنىڭ ئالدىراپ ئۇيغۇرلارغا ھۇجۇم قىلىشنى چەكلىشىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. ئۇ قول ئاستىدىكى ئەمەلدارلارنى چاقىرىپ 700 كىشىلىك ئوقياچىلار قوشۇنى تەشكىللىدى ۋە ئۇلارنى چېگراغا ئەۋەتتى. بۇلارنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇمىدىن كېيىن ئورمانلىققا كىرىپ كېتىپ ئۆزىنى قوغدايدىغان تاكتىكىسى ئۈچۈن ئىشلەتمەكچى بولدى. ئۇ يەنە تاڭ سۇلالىسى پادىشاھىغا ئۆگە قاغاندىن يۈز ئۆرۈپ كەلگەنلەرگە ياخشى مۇئامىلە قىلىش تەكلىپى بەردى. ئۇنىڭ تەدبىرى بولسا قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان ئۇيغۇرلارنى ئەل بولۇشقا كۆندۈرۈش ۋە سېخىيلىق كۆرسىتىپ تېخىمۇ كۆپ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەل بولۇشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئىدى.

ئۆگە قاغان ئۆزىنىڭ ئورنىنى مۇستەھكەملەش ۋە يۇقىرى كۆتۈرۈش بىلەن ئالدىراش ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ تىرىشچانلىقلىرى تاڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن توختىماي توسقۇنلۇققا ئۇچراپ تۇردى. ئۇ بىر ئەمەلدارنى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى

يىقىلىشتىن بۇرۇنقى يىپەك، ئات سودىسىدا تاڭ سۇلالىسى قەرز بولۇپ (ئاتنى ئېلىپ بولۇپ، يىپەكنى تېخى بەرمەي قالغان) قالغان يىپەكنى سۆيلەپ چاتىئەنگە يولغا سالدى. لېكىن بۇ ئادەم جىن ۋۇ Zhenwu دا تۇتۇۋېلىندى. بۇ يىپەك ئۆگە قاغان ئۈچۈن موھىم بولۇپ، ئۇنىڭغا تاڭ سۇلالىسىدىن ئاشلىق تېگىشەتتى. تاڭ سۇلالىسى ئورمىزىدقا بۇ يىپەكلەرنى ئىنئام ئورنىدا بېرىپ بولغان بولۇپ، ئەمدى ئۆگە قاغان تاڭ ئوردىسىغا يىپەكنى قايتۇرۇۋېلىپ ئۆزىگە بېرىشنى تەلەپ قىلغان ئىدى. تاڭ سۇلالىسى بۇ قەرزنى قايتۇرۇش ئارقىلىق پاناھلانغۇچى ئۇيغۇرلار بىلەن بولغان جىددىيچىلىكنى پەسەيتىش ئۈچۈن ئاللىبۇرۇن ئۇلارغا قايتۇرۇپ بولغان ئىدى. لېكىن جۇڭگولۇق ئەمەلدارلارنىڭ ھېس قىلغىنىدەك، قاغان يىپەكتەك ئالماشتۇرۇش ۋاستىسىغا ئېرىشىشتىن بەكرەك چېگرادىكى باشقا قەبىلىلەرنىڭ تەھدىتىدىن ئەنسىرەيتتى. گەرچە تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئۆگە قاغاندىن يىپەكنى ئېلىپ ماڭغۇچىلارنى قوغداشقا ئەسكەر تەلەپ قىلىشى بىلەن ئازراق كېيىن قالغان بولسىمۇ يىپەك ئاخىرىدا ئۇنىڭغا ئەۋەتىلدى. لېكىن بۇ ئۇسۇل ئويلىغاندەك ئۈنۈم ھاسىل قىلالمىدى، قاغان ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى يەنىلا چېگراغا يېقىن بىر يەردە تۇرىۋەردى. تاڭ سۇلالىسى ئەمدى ئۆگە قاغانغا دىققەت قىلىشقا باشلىدى، ئۆگە ئاخىرى يىپەكنى ئىشلىتىپ ئەتراپىتىكى قەبىلىلەردىن ئات، تۆگە قاتارلىق ھايۋانلارنى سېتىۋالدى ۋە ئەڭ موھىمى ئۇرۇش ماتېرىياللىرىنى سېتىۋالدى. لى تې يۇ پادىشاھقا چېگرادىكى بۇ خىل سودىنى توختىتىشقا بۇيرۇق چۈشۈرۈشنى ئىلتىماس قىلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە 842 - يىلى كۈزدە ئۇيغۇرلار خواڭخې دەرياسى چوڭ قولتۇقىنىڭ تىيەن دې ۋە جىن ۋۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى باتوۋفىڭ Batoufeng غا قاراپ يۆتكىلىشكە باشلىدى. لى تې يۇ يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى بولغان ھۇجۇمغا دىققەت قىلىشقا باشلىدى ۋە پادىشاھقا مەكتۇپ سۇندى، ئۇنىڭ سۇنغان مەكتۇبى بەزى موھىم بايقاشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىدى:

- مەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئىزچىل تۇردە باتوۋفىڭغا يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقىغا ئالاقىدار مەلۇماتلارنى تاپشۇرۇۋېلىشقا باشلىدىم. ئۇلارغا چوقۇم ئامال بار. بالدۇرراق ھۇجۇم قىلىش كېرەك. لېكىن مەسىلە بولسا بىز تەيخى مەلىكىنى قانداق قۇتۇلدۇرىمىز. مەن ئۆزۈمدىن بېرى بۇ خىل مەسىلىنىڭ كېلىپ چىقىدىغانلىقىنى بىلەتتىم ۋە ئەھۋالنى ئەتراپلىق تەھلىل قىلدىم. ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسى چەۋەندازلار ۋە تۈزلەڭلىك يەردە جەڭ قىلىشقا ماھىر. ئەگەر ئۇرۇش چۆللۈكتە يۈز بېرىپ قالسا بىز قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىمىز. بىزنىڭ قوماندانلىرىمىز سەرخىل، ئەسكەرلىرىمىز كۈچلۈك بولسىمۇ بىز ئۇيغۇرلارغا قارشى غەلىبە قىلالمايمىز. مېنىڭ يېقىندا ئىگەللىشىمچە ياۋايىلار (runglu لار) قورشاپ جەڭ قىلىشنى بىلمەيدىكەن. يىغىپ ئېيتقاندا، قانداق ھۇجۇمغا ئۆتۈش، ئات ئۈستىدە ئالدى - كەينىگە ھۇجۇم قىلالىغاندىن باشقا جەڭ تاكتىكىلىرىنى بەك بىلىپ كەتمەيدىكەن. يولدا ئۇلارنىڭ كۆزەتكۈچى قوشۇنلىرى يوق، شۇڭا بىز ئۇلارنىڭ چېدىرلىرىغا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلساق بولمايدۇ. ئەگەر بىز شي شيوڭ Shi Xiong غا ، يى ۋۇ Yiwu ئاتلىق ئارمىيىسىدىن 1000 چەۋەنداز

بەرسەك، تۇيغۇنلاردىن 1000 چەۋەنداز تاللىساق ۋە پىيادە قىسىمنى ياندىن ھۇجۇم قىلىشقا مەسئۇل قىلىپ ئۇيغۇرلارغا كىچىدە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلساق غەلىبە قىلىشىمىز ئاسان بولىدۇ.

لېكىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا لى تې يۇ پىكرىنى ئۆزگەرتىپ ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىش پىلانىنى بىكار قىلىشنى تەلەپ قىلدى. سەۋەبى ئۇيغۇرلار تاڭ سۇلالىسىغا قارشى ھېچقانداق دۈشمەنلىك ھەرىكىتى ئېلىپ بارمىغان ئىدى. ۋەزىيەت بىردەمدىلا يەنە جىددىيلىشىپ كەتتى. ئۇيغۇرلار باتۇۋفىگدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ خى دوڭ Hedong ئۆلكىسىنىڭ ياڭ جوۋ (بۇگۇنكى داتۇڭ) غا كىرگەندە بۇ يەردىكى تۇيغۇن ۋە تونگۇسلار چېدىرلىرىنى يىغىشتۇرۇپ «تىزگىنى بوشاشتۇرۇۋېتىلگەن» قەبىلىلەردىن ئوغرىلىنىپ يوشۇرۇپ قويۇلغان نۇرغۇن ئات ۋە كالىلارنى تاشلاپ قېچىپ كەتتى. چۈنكى ئۇلار تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئۆزىنى قوغدايدىغانلىقىغا ئىشەنمىگەن ئىدى. ئۇيغۇرلارمۇ شۇنىڭ بىلەن چېكىنىپ شىمال تەرەپكە سۈرۈلدى.

تاڭ سۇلالىسى ئوردىسىدا مۇۋاپىق بىر ھەرىكەت قوللىنىش توغرىسىدا تالاش - تارتىش باشلاندى. لى تې يۇ نۇرغۇن ئەمەلدارلارنىڭ قارشى تۇرغىنىغا ئۇنىماي ئۇيغۇرلارغا ھۇجۇم قىلىشنى بىكار قىلدى. لى پادىشاھقا جۇڭگونىڭ شەرقىي ۋە شەرقىي جەنۇبىدىكى يۆتكىگىلى بولىدىغان قوشۇنلارنىڭ ھەممىسىنى يۆتكەپ چېگرانىڭ مۇداپىئەسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش پىكرىنى بەردى. ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ تىبەتلەر بىلەن بىرلىشىۋالسا چېگرادىكى تەھدىدنىڭ تېخىمۇ چوڭىيىپ ۋە مۇرەككەپلىشىپ كېتىدىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ ئۈستىگە قىش كېلىپ دەريالار مۇز تۇتقاندا ئۇلارنىڭ دەريادىن ئۆتۈپ قالايمىقانچىلىق توغدۇرۇشىنىڭ ئاسانلىشىپ كېتىدىغانلىقىنى بايان قىلدى. چېگرادا پەيدا بولغان ئۇيغۇر گۇرۇپپىلار ھەرخىل بولۇپ، ئورتاق بىر بۇيرۇق بويىچە ھەرىكەت قىلمايتتى. بەزىلىرى ئۆگە قاغاندىن مۇستەقىل ئىدى. بۇ خىل ئەھۋال تاڭ سۇلالىسىنىڭ قايسى ئۆگە قاغاننىڭ ئادەملىرى ۋە قايسىنىڭ ئەمەس ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتىشكە قىيىنچىلىق توغدۇرۇپ بېرەتتى. تاڭ سۇلالىسى چېگرا گارنىزونىنىڭ يەنە بىر ئاجىزلىقى بولسا - لى تې يۇنىڭ ئەنسىرگىنىدەك - ئۇيغۇرلارنىڭ ھۇجۇمىغا بەرداشلىق بېرەلمەيتتى.

842 - يىلى 9 - ئايدا تاڭ سۇلالىسى ئۆگە قاغان ۋە تەيخې مەلىكىنىڭ ھەر ئىككىسىگە مەكتۇپ ھازىرلىدى. ئۆگە قاغانغا يېزىلغان مەكتۇپتا قاتتىق ۋە تەنبىھ ئارىلاشقان ئىبارىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولسىمۇ، يەنىلا كىرىزىسنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىشنىڭ ئېھتىماللىقىمۇ بار ئىدى. يەنى ئۇيغۇرلارنى چېگرادىن ئۇزاقلاشتۇرۇشنى بەكرەك ئاساسى مەقسەت قىلغان ئىدى. تەيخې مەلىكىگە يازغان خەت ھەم ھېسداشلىق ھەم جىددى بىر مەسىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، مەلىكىنى ئۆزىنىڭ تەسىر كۈچىدىن پايدىلىنىپ ئۇيغۇرلار ۋە تاڭ سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدا تىنچلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئۈندىگەن ئىدى. لېكىن بۇخەتلەر ئۇلارغا ئەۋەتىلمىدى. بۇ خەتلەر ئۇلارغا ئەۋەتىلمىگەن بولسىمۇ، بۇ تاڭ سۇلالىسىنىڭ چېگرادا تىنچلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن

www.uyghurkitap.com

تىرىشقانلىقىنى ۋە ناۋادا ئۇرۇش بولۇپ قالسا يېتەرلىك ۋاقىتتا ئېرىشىۋېلىشنى پىلانلىغانلىقىنى كۆرسىتەتتى.

ئۈچىنچى مەكتۇپ ئۆگە قاغاننىڭ ئوردىسىدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارغا يېزىلغان بولۇپ، 9 - ئايدا لىيۇمىيەن (Liu Mian) تەرىپىدىن يەتكۈزۈلدى. مەكتۇپنىڭ ئاساسىي مەقسىتى ئۇيغۇرلارنىڭ ئوغىسىنى قايناتقاندىن كۆرە ئۇلارغا تەربىيە قىلىپ، ئۇلارنىڭ زوراۋانلىق ھەيۋىسىنى سۇندۇرۇپ ۋە ھەددىدىن ئاشقان تەلەپلىرىنى بىكار قىلىپ تاڭ سۇلالىسىنىڭ ۋاسسالىلىقىنى قوبۇل قىلدۇرۇش ئىدى. بۇ مەكتۇپ يەنە ئۇيغۇرلارغا بېرىلىدىغان بەزى مەنپەئەتلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، بەزى ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ خەتلىرىگە قايتۇرغان مەزمۇنلار بىلەن ئوخشاش ئىدى. گەرچە بۇرۇنقى ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكنىڭ تاڭ سۇلالىسىغا يازغان خېتىنىڭ ئۇيغۇرچىسى ساقلىنىپ قالمىغان بولسىمۇ، خەتكە ھېچ بولمىغاندا تەھدىد ئارىلاشقانلىقى ئېنىق ئىدى. خەتنىڭ خەنزۇچە نۇسخىسىدا «سەن خېتىڭدە يات قەۋملەرنى (ئۇيغۇرلارنى) ھەرىكەتكە ئۆتۈشى ئاسان، ئەمما تىنچىشى قىيىن دەپسەن، ئەگەر ئۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ چىشىغا تېگىپ قويىدىكەن، ھېچقانداق بىرى ئۇلارنى توسوپ قالالمايدۇ» دېيىلگەن ئىدى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ جاۋاب مەكتۇبىدا ئۇيغۇرلارنى دەردىنى گۇناھسىز تاڭ سۇلالىسىدىن ئەمەس، بىۋاسىتە قىرغىزلاردىن چىقىرىش سۆزلەنگەن ئىدى. بىز بۇنىڭدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىنىڭ جۇڭگوغا قاراتقان ھەرىكەتلىرىنى ھەقلىق دەپ قارايدىغانلىقىنى ۋە جۇڭگونى داۋاملىق ئۇلارنىڭ تەلەپلىرىنى رەت قىلماسلىق توغرۇلۇق ئاگاھلاندۇرغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. گەرچە پاناھلانغۇچى بولۇشى ئۆگە قاغاننىڭ ئاجىزلىقى بولسىمۇ ئۇ ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى ئۆزىنىڭ سانىنىڭ ئاز ئەمەسلىكى، يۆتكىلىشچان ۋە چاققانلىقى، شۇنداقلا تاڭ سۇلالىسىنىڭ مۇداپىئەدىكى ئاجىزلىقىدىن پايدىلىنىپ ئۈستۈنلۈك قازانماقچى بولدى. تاڭ سۇلالىسى ئوردىسىنىڭ جاۋابى ناھايىتى ئېنىق بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ تەلىپىگە بولغان رەت قىلىش پوزىتسىيىسى كەسكىن ئىدى ۋە تۈنجى قېتىم ئۆگە قاغان ۋە ئەگەشكۈچىلىرىگە گويى چۆلگە قايتىپ كېتىشنى ئەمەس، تاڭ سۇلالىسىغا ئەل بولۇشنى ئويلىشىپ كۆرۈشكە چاقىردى. بۇ مەكتۇپتا تۈنجى قېتىم ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنىگە قايتىپ كېتىشى تىلغا ئېلىنمىغان ئىدى. بۇ بەلكىم تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇيغۇرلارنى شىمالغا كەتكۈزۈۋېتىشتىن ئۈمىدىنى ئۈزگەنلىكىدىن بولغان بولۇشى مۇمكىن.

ئوخشاش ۋاقىتتا، ئۇيغۇرلار يەنىمۇ جەنۇبقا قاراپ يۆتكىلىشكە باشلىدى. شۇنداقلا ئۆگە توختىماستىن تاڭ سۇلالىسىغا بېسىم ئىشلىتىپ ئورمىزىدىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇ يەنە تەيخى مەلىكىنى ئىشقا سېلىپ تاڭ سۇلالىسى پادىشاھىغا خەت يازدۇرۇپ قوي ۋە كالا تەلەپ قىلدى. ئىككىلا خىل ئۇسۇل تاڭ سۇلالىسىغا كار قىلمىدى. ئەكسىچە تاڭ سۇلالىسى توختىماي شىمالىي چېگرانى كۈچەيتتى. لى تې يۇ پادىشاھقا بۇرۇن تاشلىۋېتىلگەن ئالاقە پونكىتلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ شىمالدىكى گارنىزونلار ئارىسىدىكى ئالاقىنى كۈچەيتىشنى ۋە

ئاشلىقلىرىنى ئامبارلاپ ئەسكەرلەرگە ئىشلىتىش تەكلىپىنى بەردى. تېخىمۇ دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى بولسا، لى تې يۈ يەنە شىمالدىكى بىر قىسىم بۇزۇق ئۈنسۇرلارنىڭ ئۇيغۇرلار بىلەن بىرلىشىۋېلىشىدىكى ئەندىشىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ئۆگە قاغان ۋە ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ توختىماي شەرققە قاراپ ھەرىكەت قىلىپ، فىڭ جوۋدىكى تىيەن دېنىڭ يېقىنلىرىدىن خې دوڭنىڭ ۋىن جوۋغا يېقىنلاپ كېلىشى تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ھۇجۇمىغا بولغان ئەندىشىسىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى، بولۇپمۇ كۈز پەسلى ئۇلارنى تېخىمۇ بەك ساراسىمىگە سېلىۋەتتى، يەنى بۇ پەسىل بوز قىر مىللەتلىرىنىڭ جۇڭگونى تالان - تاراج قىلىدىغان پەسلى ئىدى. مۇشۇنداق بىر قاتار سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، 842 - يىلى 10 - ئاينىڭ 4 - كۈنى لى تې يۈ بىر قارارغا كەلدى ۋە ئۇيغۇر كىرزىسىنى تىنچ ئۇسۇل بىلەن ھەل قىلىشنىڭ مومكىن بولمايدىغانلىقىنى پادىشاھقا بايان قىلدى. ئۇ ئىككى خىل ئۇسۇلنى ئوتتۇرىغا قويدى: يا تېزدىن ھۇجۇمغا ئۆتۈش ياكى ھۇجۇم ۋاقتىنى ئەتىيازغا كېچىكتۈرۈش. ئوردىدىكى ئەمەلدارلار ئەتىياز پەسلىگە كېچىكتۈرۈش پىلانىنى مۇۋاپىق كۆردى. چۈنكى ئەتىياز پەسلى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرى بولسۇن ياكى ئاتلىرى بولسۇن قىشنىڭ مۇشەققىتىدىن ئاجىزلاپ كېتىدىغان مەزگىلى ئىدى. تاڭ سۇلالىسى قىش پەسلىدە توقۇنۇشتىن ساقلىنىپ، بۇ پۇرسەتتە ئەسكەرلىرىنى قايتىدىن تۈزەپ تەييارلىق قىلىۋالالايتتى. لېكىن بۇ يەردە يەنە بىر مەسىلە بولۇپ، ئۇيغۇرلار تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئەتىيازنى ساقلىغىنىغا قارىماي كۈزدە ھۇجۇم قىلىۋېرىشى مومكىن ئىدى.

تاڭ سۇلالىسىنى قىيناۋاتقان بىر مەسىلە يەنىلا شىمالغا يېتەرلىك ئەسكەر يۆتكەش ئىدى. چۈنكى ئەسكەر قوبۇل قىلىش قىيىنلىشىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە «تىزگىنى بوشاشتۇرۇلغان» قەبىلىلەرنىڭ ئۇيغۇرلارغا تاقابىل تۇرغۇدەك كۈچى يوق ئىدى. لى تې يۈنىڭ بايانلىرىغا ئاساسلانغاندا، بۇ قەبىلىلەرنىڭ ئەڭ چوڭىنىڭ 1000 بىلەن 2000 چېدىر ئارىسىدا ئادىمى بارئىدى. لى تې يۈ يەنە بۇلارنىڭ پەقەت ئۆزىنىڭ مەنپەئىتىنىلا ئويلايدىغانلىقىنى، ئۇيغۇرلارنىڭ كىچىككىنە قوشۇنى ۋىن جوۋغا يېقىنلىشىپ بولغىچە قېچىپ كېتىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتتى. بۇ قەبىلىلەر تاڭ سۇلالىسىمۇ ئۇلارنى بۇ كۈچتىن قوغداپ قالالمىغاندەك ئۇلارمۇ تاڭ سۇلالىسىنى ئۇيغۇرلاردىن قوغداپ قالالمايتتى.

10 - ئاينىڭ 14 - كۈنى لى تې يۈ، ئەتىيازدىكى ھۇجۇمغا ياردىمى بولۇشى ئۈچۈن، ئۆگە قاغانىنىڭ ئاجىزلىق نوقتىلىرىنى كۆزەتتى. ئۇ ئالايىتەن ئۇيغۇرلارنىڭ باشقا بوزقىر مىللەتلىرىگە ئوخشىمايدىغان بىر ئالاھىدىلىكىنى يەنى ئۆزىنىڭ ئائىلىسى ۋە نەرسە - كېرەكلىرى سەۋەبىدىن توسالغۇغا ئۇچرايدىغانلىقىدەك ئالاھىدىلىكىنى تەكىتلەپ ئۆتتى. ئۇ باشتا ئۇيغۇرلارنى ئائىلىسى ۋە نەرسە - كېرەكلىرىنى تاڭ سۇلالىسى چېگراسىدىن يىراق يەرگە جايلاشتۇرۇپ قويۇپ كېلىدۇ دەپ ئويلايتتى. لېكىن ئىش ئۇنداق بولمىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ يۇقىرىقى سەۋەبتىن ھەرىكەتچانلىقىنى ئاستىلىتىپ قويۇشى، ئۇلارنىڭ

چېدىرلىرىنى تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئەتىيازدىكى ھۇجۇمى ئۇچۇن ئەڭ ئاجىز نۇقتىغا ئايلاندۇرۇپ قويدى. شۇنداق قىلىپ تاڭ سۇلالىسى كۆز ۋە قىشتا مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىپ 843 - يىلى ئەتىيازدا ئۇيغۇرلار بىلەن ئۇرۇش قىلىش پىلانىنى تۈزدى.

بۇنىڭ ئۈچۈن، 842 - يىلى 10 - ئاينىڭ باشتىكى يېرىمىدا لىيۇمىيەن Liu Mian ئۇيغۇرلارنى تىنجىتقۇچى سانغۇن، شەرقىي شىمالدىكى يوۋ جوۋ You Zhou نىڭ ۋالىيسى، يېرىم ئاپتونومىيە ھوقۇقلۇق ۋالىي جاڭ جوڭۋۇ Zhang Zhongwu شەرقىي ئۇيغۇرلارنى تىنچلاندۇرغۇچى سانغۇن قىلىپ تەيىنلەندى. ئورمىزىد (لى سىزۇڭ Li sizing ) بولسا خىشى تاغۇتلىرىنىڭ قوماندانى ۋە غەربىي جەنۇپ ئۇيغۇرلارنى جازالىغۇچى سانغۇن بولۇپ تەيىنلەندى. مۇشۇنداق قىلىپ تاڭ سۇلالىسى شىمالى مەركىزى رايوندا لىيۇ مىيەننى، شەرقىي شىمالدا جاڭ جۇڭۋۇنى ۋە غەربىي شىمالدا ئورمىزىدنى ئاساس قىلغان ئۈچ قاتلاملىق ئەسكىرى قورۇلما ھازىرلىدى. تاڭ سۇلالىسى ئوردىسى تېزدىن ئۇرۇشقا كېرەكلىك بولغان ماتېرىياللارنى سېتىۋېلىشقا باشلىدى. بولۇپمۇ ئاتلارنى شىمالدىكى «تىزگىنى بوشاشتۇرۇلغان» مىللەتلەردىن سېتىۋالدى. بۇنىڭ بىلەن بۇ ئاتلار تاڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرىغا سەپلىنىپ بېرىلىپلا قالماي ئەڭ موھىمى ئۇيغۇرلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىشىنىڭ ئالدى ئېلىندى.

842 - يىلى 10 - ئاينىڭ 19 - كۈنى تاڭ سۇلالىسى ئوردىسى ئۇيغۇرلارنىڭ جەنۇبقا 20 كىلومېتىر سۈرۈلگەنلىك خەۋىرىنى ئالدى. بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ قىتانلارنىڭ تەھدىدىنى كۆزدە تۇتۇپ ئېلىپ بارغان ھەرىكىتى بولۇشى مومكىن ئىدى . دېمىسىمۇ، جاڭ جوڭۋۇ، قىتان، تاتابى ۋە شى ۋېي قاتارلىق قەبىلىلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ ئۇيغۇرلارنى مەخپى ھالدا يوقىتىشنى پىلانلىغان ئىدى. ئۇيغۇرلار ھازىرقىدەك قىيىن ئەھۋالدا تۇرسىمۇ ئۇلارنى كونترول قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇشقا تىرىشىپ كېلىۋاتاتتى. بىز بۇ يەردە يوۋ جوۋنىڭ يېرىم مۇستەقىل رايونلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارنى ئاجىزلىتىش ئۈچۈن بوزقىر مىللەتلىرى (يايلاق مىللەتلىرى) بىلەن بىرلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرەلەيمىز. جۇڭگو تارىخىي ماتېرىياللىرىغا ئاساسلانغاندا، 800 دىن كۆپ ئۇيغۇر موشۇ خىل تۇزاق بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى جاڭنىڭ پىلانلىشى بىلەن بولغان بولۇپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ بۇنداق قىلىش توغرىسىدا بىۋاستە بويرۇقى بولمىغان. گەرچە بىز جاڭ جۇڭۋۇنىڭ تەدبىرلىرى ۋە ھەرىكىتى توغرىسىدا كۆپ نەرسىنى بىلمىسەكمۇ، ئۇيغۇر كىرزىسى ئونىمۇ ۋەھىمىگە سالغان ئىدى. شۇڭا ئۇ چاڭئەن بىلەن ھەمكارلىشىپ بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش تەدبىرلىرىنى ئىزدىگەن ئىدى. ئۇ تاتابى، قىتان، شى ۋېيShiwei قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ بۇرۇنقى خوجايىنىغا بولغان دۈشمەنلىكىدىن ۋە ئۇلارنى ئاجىزلىتىشقا بولغان ئارزۇسىدىن پايدىلانغان ئىدى.

لىيۇمىيەنمۇ ئۇيغۇرلارنى سوقۇش بولىدىغان يەرگە باشلاپ كېلىپ، بۇ سوقۇشتىن پايدىلىنىپ تەيخى مەلىكىنى قۇتۇلدۇرۇپ چىقىدىغان بىر مەخپى ھەرىكەت پىلانىنى تۈزدى. بۇنىڭدىن كېيىن ئۇ سەي شى (Cai Xi) ئىسىملىك

جاسۇسنى ئىككى قېتىم ئۆگە قاغاننىڭ چېدىرىغا ئەۋەتتى. بىرىنچى قېتىم ئۇ 843-842 يىلى تاڭ سۇلالىسىنىڭ جازالىشىدىن قېچىپ چىققان كىشى سالاھىيىتى بىلەن باردى. ئىككىنچى قېتىم تاڭ سۇلالىسىنىڭ رەسمى ئەلچىسىلىك سالاھىيىتى بىلەن 10 تۆگىدە ئاشلىق ئېلىپ باردى. ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ چېدىرلىرىدا تەيخى مەلىكە ۋە باشقا يوقىرى دەرىجىلىك ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكلەر بىلەن ئۇچراشتى. لېكىن ئۇ ئۆگە قاغان بىلەن كۆرۈشمىدى. ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ دېيىشىچە، قاغان ئۆز ۋەتىنىدىن قوغلاپ چىقىرىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈش مۇۋاپىق ئەمەسمىش. گەرچە سەي شى سوۋغات ئېلىپ كەلگەن بولسىمۇ ئۇيغۇرلار ئۇنىڭغا قان ئىچىشىپ قەسەم قىلىشمىغۇچە ئىشەنمىدى. شۇنداق قىلىپ ئۇيغۇرلار ئۇنىڭ تەۋسىيىسى بىلەن ئۆزىنىڭ چېدىرىنى لىيۇمىيەننىڭ قوشۇنىغا 30 كىلومىتىر يېقىن يەردىكى يۇن جوۋغا يېقىن بىر يەرگە يۆتكىدى.

تاڭ ئوردىسى خەنزۇ ۋە خەنزۇ بولمىغان خەلقلەردىن قوشۇن تۇرغۇزۇشنى داۋاملاشتۇردى. ئاللىبۇرۇن ئورمىزىد تېكىننىڭ قۇماندانلىقىغا ئۆتكەن تاڭغۇتلاردىن سىرت يەنە شى ۋېي، شا تۇ Sha Tuo، تۇيغۇنلار شۇنداقلا ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭ قوشۇنىغا قاتتى. جۇڭگو تارىخي ماتېرىياللىرىدىكى ئىشەنچىلىك بايانلارغا ئاساسلانغاندا، ئورمىزىد ئۆزى ئۆگە قاغانغا ھۇجۇم قىلىشتا تۆھپە كۆرسەتكۈسى بارلىقىنى بىلدۈرگەن. شۇڭا تاڭ سۇلالىسى خى چىڭ چاۋ He Qingchao ۋە چى بى توڭ Qi Bitong دىن ئىبارەت ئىككى تاڭ سۇلالىسىدىن بولمىغان قۇماندانىنى 6000 ئەسكەر بىلەن ئۇنىڭ قۇماندانلىقىغا تاپشۇردى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ بۇنچە كۆپ تاڭ سۇلالىسىدىن بولمىغان ئەسكەرلەرنى ئۆزىگە سادىق بولغان يات ئەل قۇماندانىنىڭ قولىغا تاپشۇرۇشىنىڭ سەۋەبى بولسا يات ئەل رەھبىرىنىڭ يات ئەللەرنىڭ ئىشىنى بىر تەرەپ قىلىشنى ياخشى بىلىدىغانلىقىدىن ۋە يات ئەل ئەسكەرلىرىگە ياخشى قۇماندانلىق قىلالايدىغانلىقىدىن بولغان. لېكىن ئورمىزىدمۇ تاڭ سۇلالىسى قوماندانلىرى بىلەن بەك يېقىنلىشىپ ھەرىكەت قىلىشتىن ئېھتىيات قىلاتتى. چۈنكى شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتۈش لازىمكى، لىيۇ مىيەن ۋە شى شىيوڭ Shi Xiong غا ئوخشاش بەزى تاڭ سۇلالىسى قوماندانلىرى بەزىدە يات ئەل خەلقلىرىنىڭ ئەسكەرلىرىنى تۇتۇۋېلىپ ئۆزىنىڭ قوشۇنىغا قېتىۋالاتتى.

842 - يىلى -11 ئاينىڭ 3 - كۈنى، لى تې يۇ تۇيغۇنلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ بىر - بىرىگە دۈشمەن ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن تۇيغۇنلارنى ئورمىزىدنىڭ قۇماندانلىقىغا بەرمەسلىك قارارىنى چىقاردى ۋە ئەھۋالنى كۆزىتىپ چىققاندىن كېيىن تۇيغۇن قوشۇننى تارقىتىۋەتتى. تۇيغۇنلارنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن ۋە ئالاقىدە قىيىنچىلىق يۈز بەرمەسلىكى ئۈچۈن تاڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرىنى ئەمەس، لىيۇ ماۋنىڭ شاتۇ ئەسكەرلىرىنىڭ بىرقىسمىنى ئورمىزىدنىڭ قۇماندانلىقىغا بەردى. شاتۇلار تۈركچە سۆزلىشىدىغان بولۇپ، ئۇيغۇرلار بىلەن ئالاقە قىلىشى كۆپ ئاسان ئىدى. لى تې يۈنىڭ پەرمانى بولسا بۇ ھەرىكەتتىكى يات قەۋم قوشۇنلىرى، تاڭ سۇلالىسىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك

www.uyghurkitap.com

قوماندانلىرىنىڭ ئورنىغا تەيىنلەنگەن ئۆزلىرىنىڭ رەھبەرلىرىنىڭ قول ئاستىدا بولۇشى كېرەك ئىدى.

لىيۇمىيەن ھېچ بولمىغاندا ئۆزىنىڭ بىر قىسىم شاتۇ ئەسكەرلىرىنى ساقلاپ قېلىشى لازىم ئىدى. لى تې يۈ شۇ چاغدىكى ۋەزىيەت ئۈچۈن تاڭ سۇلالىسىدىن بولمىغان يات قەۋم ئەسكەرلىرىنىڭ موھىملىقى ھەققىدە باشقا بىر تەكلىپنى بايان قىلىپ ئۆتكەن. ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن ئىدى:

...... خىللانغان قوشۇننىڭ شىمالغا يۈرۈش قىلىشىدا، ھەر بىر ھەربىي ھەرىكەتتە 100- 200 ئەتراپىدا يات ئەل چەۋەندازلىرى يول باشلاپ مېڭىشى كېرەك. ناۋادا بىز يات ئەسكەرلەرنى ئورمىزدىنىڭ قوماندانلىقىدىن چىكىنىپ چىقىشقا بۇيرۇق قىلىدىغان بولساق، باشقا قوشۇن ئىلگىرىلىيەلمەيدۇ.

يەنى تاڭ سۇلالىسى ئارمىيىسى ئۈچۈن بۇ قوشۇنلار يول باشلاش، ئاتلىق قوشۇن تەشكىللەش قاتارلىق جەھەتلەردە ھەقىقەتەن بەك موھىم ئىدى. ھېچ بولمىغاندا چېگرادا ئۇلارنىڭ موھىملىقىغا كۆز يۇمغىلى بولمايتتى.

842 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، قىرغىزلاردىن كەلگەن تۇنجى ئەلچىلەر تيەن دې Tian de غا يېتىپ كەلدى. تاڭ سۇلالىسى ئۇيغۇر مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن قىرغىزلار بىلەن دوستانە مۇناسىۋەت ئورناتماقچى يەنى ئۇلارنى قوللىماقچى بولدى. گەرچە بۇ ھېكايىمىزنىڭ قوشۇمچە مەزمۇنى بولسىمۇ، شۇنى كاللىمىزدا ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىمىز كېرەككى، تاڭ سۇلالىسى ئىزچىل قىرغىزلارنى ئۆزگە قاغانغا ھۇجۇم قىلىشقا قۇترىتىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار ئۇيغۇرلارنى - لىيۇمىيەننىڭ باشقا بىر ئۇيغۇر باش ھۆكۈمدارىغا ئەۋەتكەن خېتىدە - قىرغىزلار بىلەن بولغان بۇ خىل ئالاقىسىنى ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇرلارغا كەلتۈرىدىغان يوشۇرۇن تەھدىتىنى پەش قىلىپ ئاگاھلاندۇردى. ئۇلار بۇ خەتتە قىرغىزلارنىڭ 40 مىڭ ئەسكەر ئەۋەتكەنلىكىنى ۋە تەيخى مەلىكىنى تېپىپ جۇڭگوغا قايتۇرۇپ بەرمەكچى بولىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ تەھدىت سالدى. تاڭ سۇلالىسى ئۇيغۇرلارنى تەيخى مەلىكىنى قايتۇرۇپ بېرىشكە ئاندىن تاغنىڭ يېقىنلىرىدىكى جىلغىلارغا كېتىشكە، شۇنداقلا تاڭ سۇلالىسىغا ئەل بولۇشقا قىستىدى. بۇ خەتتە يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ شى ۋېي Shi Wei لارنىڭ بىر تارمىقى بولغان خېي چې زى Hei 黑车子 Chezi دېگەن قەبىلىنىڭ قوغدىشى ۋە قوللىشىغا ئېرىشكەنلىكى بايان قىلىنغان ئىدى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاپتونومىيىلىك ھوقۇققا ئىگە بولغان يوۋ جوۋ You Zhou نىڭ ئەسكىرى ۋالىيسى جاڭ جوڭ ۋۇ بىر گۇرۇپ ئۇيغۇرلارنى مەغلۇپ قىلىپ چېكىندۈردى. بۇ ئۇيغۇرلار ئورمىزىد تېكىن تاڭ سۇلالىسىغا ئەل بولۇشتىن بۇرۇن ئورمىزىد تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن 30 مىڭ ئەتراپىدا ئۇيغۇر يوۋ جوۋنىڭ چېگراسىدا جاڭ جوڭ ۋۇغا تەسلىم بولدى. تەسلىم بولغانلارنىڭ ئىچىدە ئىككى شاھزادە، بىر مەلىكە ۋە باشقا يۇقىرى دەرىجىلىك ئاقسۆڭەكلەر بارئىدى. بۇ ھادىسە تاڭ سۇلالىسى ئىچىدە كەڭ تارقالدى. بۇنىڭدىن كېيىن بىز پارچىلىنىش ۋە چۇشكۈنلىشىشنىڭ تەسىرىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ تاڭ سۇلالىسى چېگراسىدىكى قىينچىلىقىنى تېخىمۇ

ئېغىرلاشتۇرۇۋەتكەنلىكىنى ھېس قىلالايمىز.

842 - يىلى 11 - ئاينىڭ ئاخىرىدا تاڭ سۇلالىسى ئوردىسى لىيۇمىيەنگە ئۇيغۇر كىرزىسىنى ھەل قىلىش پىلانىغا قوشقان تۆھپىسىگە ئاساسەن ئىختىيارى ھەرىكەت قىلىش ھوقۇقى بەردى. لى تې يۇمۇ ئۇنى پەم بىلەن ئىش قىلىدۇ دەپ تەرىپلىگەن ئىدى. تاڭ سۇلالىسى ئۇنى بۇ ھوقۇق بىلەن تېخىمۇ غەيرەتكە كېلىپ تېز ۋە كەسكىن ھەرىكەتكە ئۆتىدۇ دەپ قارىغان ئىدى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ بۇ قارارى كېيىن بەزى ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقاردى ، بۇنى كېيىن سۆزلەيمىز.

لىيۇمىيەن ۋە باشقا قۇماندانلار ئەتىيازلىق ھۇجۇمنى كۈتۈپ تۇرغاندا، ئورمىزىدنىڭ كۈتۈپ تۇرمايلا ئۆگە قاغانغا ھۇجۇم قىلغۇسى كەپكەتتى. تاڭ سۇلالىسى ئۇنىڭ بۇ تەكلىپىنى تەستىقلىدى. لېكىن چوڭ كۆلەملىك توقۇنۇش بولمىدى. جۇڭگو تارىخىي مەنبەلىرى - يىل، ئاي، كۈنى ئېنىق ئەمەس - بۇ ئۇرۇشلاردا ئورمىزىدنى غەلىبە قىلغۇچى قارايدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىرگە تاڭ سۇلالىسى ئۆگە قاغاننىڭ ھەرىكىتىگە تېخىمۇ بەك دىققەت قىلىشقا باشلىدى. 843 - يىلى يانۋاردا لىيۇمىيەن ئوردىنىڭ ئۇيغۇرلار ھازىر «بىچارە قۇش»تىن زەھەرلىك يىلان ۋە چايانغا ئۆزگەردى دېگەن مەخپىي بۇيرۇقىغا ئاساسەن ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىشنى باشلىۋەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەسكەرلىرىنى يوۋ جوۋغا يېقىن بولغان بىر يەرگە يۆتكىدى. ئۇيغۇرلار بىلەن تاڭ سۇلالىسى قۇماندانى لى جۇڭ شۈن ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشتا ئۇيغۇرلار مەغلۇپ بولغان دەپ قارىلىدۇ. لېكىن كېيىن بۇنىڭ نەتىجىسى ئېنىقسىز بولۇپ چىقىدۇ.

ۋەزىيەت ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن بارغانسېرى پايدىسىز بولۇپ ئۆزگىرىشكە باشلىدى. لى جۇڭ شۈن ۋە ئورمىزىدنىڭ ئىككى قېتىملىق ھۇجۇمى تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇيغۇرلارغا بولغان دۈشمەنلىك پوزىتسىيىسىنى رەسمى ئاشكارىلىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۆگە قاغاننىڭ ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپ چوڭ بىر مەسىلە بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقتى. تاڭ سۇلالىسى تارىخىي مەنبەلىرىدە دېيىلىشىچە، يانۋاردا بىر يۇقىرى دەرىجىلىك ئۇيغۇر ھۆكۈمدار يوۋ جوۋغا بېرىپ تەيخى مەلىكىنى جاڭ جۇڭۋۇغا تاپشۇرۇپ بەرمەكچى بولغان. بۇ ۋاقىتتا ئۆگە قاغان يوۋ جوۋنىڭ چېگراسىغا 40 كىلومېتىر كېلىدىغان يەردە ئىدى. تارىخىي مەنبەلەردە يەنە ئۆگە قاغاننىڭ بەزى ئادەملىرىنىڭ چېدىرلارنى تاشلاپ جېن ۋۇ Zhen wu دىكى تاڭ سۇلالىسى قۇماندانلىرى تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەنلىكى قەيت قىلىنغان. بۇ بايانلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇرلارنىڭ 842 ياكى 841 - يىلى قىشتا، يەنى تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ھۇجۇمىدىن بۇرۇن ئىنتايىن چۈشكۈن ۋە پەرىشان ھالەتتە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

شۇنداقتىمۇ - بەلكىم ئۇنىڭ بۇ خىل خەتەرلىك ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغىنىدىن بولسا كېرەك - ئۆگە قاغان ھۇجۇم قىلىشنى تاللىدى ۋە 843 - يىلى چاغاندا (2- فېۋرالدىن 4 - مارتقىچە) غەربكە يۈرۈش قىلىپ جېن ۋۇغا ھۇجۇم قىلدى ۋە يېقىن بىر يەرگە چېدىرلىرىنى تىكتى. ئۆگە قاغاننىڭ بۇ ھەرىكىتى بەلكىم لىيۇمىيەننىڭ شىمالغا يۈرۈش قىلىشىدىن چېكىنگەنلىكى، شۇنداقلا جېن ۋۇغا

هۇجۇم قىلىپ لازىمەتلىكلىرىنى تولۇقلىماقچى بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈشى مۇمكىن. يەنە بەلكىم، ئۆگە قاغاننىڭ ئۇيغۇر ئاسىيلارنى قوبۇل قىلغان جىن ۋۇدىكى تاڭ سۇلالىسى قوماندانىنى جازالاشنى ئويلىغانلىقىدىن بولۇشىمۇ مومكىن. ئۇ مەيلى نېمە سەۋەبتىن ھەرىكەت قىلغان بولسۇن، لىيۇمىيەن بۇ قېتىم ئۆزىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پىلانىنى تۈزدى. ئۇ ئۆزىنىڭ مۇئاۋىنى شى شيوڭ Shi Xiong نى شاتو، چىبى، توبا قاتارلىق يات ئەل قوشۇننى باشلاپ ئۇيغۇرلارنىڭ چېدىرلىرىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرىدى. ئۇنىڭ ئويلىغىنى بولسا ئۇيغۇرلارنى تۇيۇقسىز ھۇجۇم بىلەن ئالاقزادە بولۇپ تەيخى مەلىكىنى تاشلاپ قاچۇرۇپ ۋە بۇ پۇرسەتتە ئونى تېپىپ تاڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا قايتۇرۇپ كېتىش ئىدى. ئۇ ئۆزى چوڭ قوشۇن بىلەن كېلىدىغان بولدى.

شى شيوڭ قوشۇنلىرىنى ئېلىپ يون جوۋنىڭ غەربىي جەنۇبىدىن مايى Ma yi غا قاراپ يولغا چىقتى. ئاي قاراڭغۇسى بولغان ۋاقىتتا ئاندىن شىمالغا يەنى جىن ۋۇغا بۇرۇلدى. شى شيوڭ ئۇيغۇرلارنىڭ سانىنى ئېنىقلاپ بېقىش ئۈچۈن كۆزىتىش ئېلىپ بېرىۋاتقاندا كىگىز بىلەن قاپلانغان ھارۋىلار ۋە ئۇ يەردە جۇڭگوچە قىزىل ۋە يېشىل رەڭلىك كىيىملەر بىلەن يۈرگەن كىشىلەرنى كۆردى. ئۇنىڭ جاسۇسى - بەلكىم ئۇيغۇر جاسۇس ياكى ئۆزىنىڭ جاسۇسى سەي شى Cai Xi بولۇشى مۇمكىن - بۇ ھارۋىلارنىڭ تەيخى مەلىكىنىڭ ھارۋىلىرى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. شى شيوڭ جاسۇسىنى ئەۋەتىپ تەيخى مەلىكىگە خەۋەر قىلدى ۋە ئويغۇرلارغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ چېدىردىن ئايرىلماي ئولتۇرۇشىنى ئېيتتى.

شى شيوڭنىڭ ھۇجۇمى ھەقىقەتەن ئۇيغۇرلارنى ئالاقزادە قىلىۋەتتى. ئۇ جىن ۋۇدىن نۇرغۇنلىغان ئات، كالا قاتارلىق ھايۋانلارنى، شۇنداقلا داقا - دۇمباقلارنى ئېلىپ كەلگەن ئىدى. كېچىدە ئۇ شەھەر سېپىلىدە ئون قېتىمدىن كۆپ دۇمباق چالدۇردى. تاڭ يورىغاندا بايراق ۋە مەشئەللەرنى سېپىلغا قويۇپ قويۇپ ھايۋانلارنى سېپىلدىن دۇمباق چېلىپ چىقىرىۋەتتى ۋە شى شيوڭنىڭ قوشۇنى ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى. شى شيوڭنىڭ تەرجىمىھالىدا «مەشئەللەر كېچىنى كۈندۈزدەك يورۇتىۋەتتى، ۋاراڭ - چۇرۇڭلار ئالەمنى بىر ئالدى، قاغان ھودۇقىنىدىن نېمە قىلارىنى بىلەلمىدى ۋە ئاز بىر قىسىم كىشىلىرىنى ئېلىپ قېچىپ كەتتى» دەپ يېزىلغان.

ھۇجۇم مۇۋەپپىقىيەتلىك بولدى، ئۇيغۇرلار مەغلۇپ بولدى ۋە تەيخى مەلىكە قايتۇرۇۋېلىندى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا، 843 يىلى 13-فېۋرال، شى شيوڭ شاخۇ (杀胡 Sha Hu خۇلارنى ئۆلتۈرۈش) تېغىدا ئۇيغۇرلارنى قاتتىق مەغلۇپ قىلدى. نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇرلار ئۆلتۈرۈلدى، تەخمىنەن 5 مىڭدىن 20 مىڭغىچە كىشى قاماققا ئېلىنىدى، نۇرغۇن چارۋا ماللار قولغا چۈشۈرۈلدى. ئۆگە قاغان ئۇرۇشتا يارىلاندى ۋە يۈزلەرچە ئەتراپىدىكى چەۋەندازلىرىنى ئېلىپ قارا ھارۋىلىقلارنىڭ ئارىسىغا قېچىپ كەتتى. تاڭ سۇلالىسى مەلىكىنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى قۇتلىدى، ئۇيغۇرلارنىڭ ھىيلە - نەيرەڭلىرىنى ئەيىپلىدى ۋە ئۇلارنىڭ مەغلۇبىيىتىدىن شاتلاندى. بۇنىڭدىن

باشقا جۇڭگودىكى مانى دىنى بۇتخانىلىرى بىردەك تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن مۇسادىرە قىلىنىشقا باشلىدى.

تاڭ سۇلالىسىنىڭ شىمالىي چېگراسىدا يەنە بىر قىسىم ئۇيغۇرلار ئېششىپ قالغان بولۇپ، تاڭ سۇلالىسى بولارنىمۇ يوقىتىشنىڭ پىلانىنى ئىزدىدى. مەلۇماتلارغا قارىغاندا ئۆگە قاغان قارا ھارۋىلىقلاردىن ياردەم ئېلىشنى ئويلاۋاتقان بولۇپ، لى تې يۇ ئۆگە قاغاننىڭ بۇنداق قىلىشىنى توسۇشنىڭ موھىملىقىنى تەكىتلىدى. تاڭ سۇلالىسى ئۆگە قاغان ۋە ئۇنىڭ بىلەن قېچىپ كەتكەن يۇقىرى دەرىجىلىك ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكلىرىنى تۇتۇپ بەرگەنلەرگە موكاپات بېرىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. لېكىن قارا ھارۋىلىقلارنىڭ ھىمايىسىگە ئۆتمۇۋالغان ئۆگە قاغاننى تۇتۇشقا ياكى قوغلاشقا تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ قوربى يەتمەيتتى. لېكىن، ئۆگە قاغاننىڭ نۇرغۇن ئەسكەرلىرى شەرققە قېچىپ بېرىپ يوۋ جوۋدىكى جاڭ جوڭ ۋۇغا تەسلىم بولغان ئىدى.

ئۇيغۇرلارنى يوقىتىش ھەرىكىتىگە قاتناشقان ئورمىزىد ۋە باشقا تاڭ سۇلالىسى قوماندانلىرى موكاپاتلاندى. ئورمىزىدقا چاڭئەندە تۇرالغۇ سېلىپ بەردى، لېكىن ئۇنىڭ «ھەقىقەتكە قايتقان» بىرلەشمە ئارمىيىسى تارقىتىۋېتىلدى. بۇ قوشۇننىڭ نۇرغۇن ئەسكەرلىرى تاڭ سۇلالىسىنىڭ باشقا قوشۇنلىرىغا قوشۇۋېتىلدى. تاڭ سۇلالىسى يات ئەل قەۋملىرىدىن تۈزۈلگەن قوشۇننى پۈتۈن ھالەتتە قالدۇرۇپ قويۇشنى خالىمايتتى، لېكىن بۇ قوشۇننىڭ مۇھىملىقى ئۇلار ئاتلىق چەۋەندازلار ۋە چارلىغۇچىلار بولۇپ، تاڭ سۇلالىسى ئۇلارنى ئۆزلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشنى ئويلايتتى. شۇڭا ئورمىزىدنىڭ قوشۇنلىرى بىرقانچىگە بۆلۈندى ۋە قاراۋۇلخانىلارنى قوغداشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بۇ قارار ئاخىرىدا پاجىئەلىك نەتىجە بىلەن ئاياغلاشتى. ئورمىزىدنىڭ قول ئاستىدا 3000 دىن كۆپ ئۇيغۇر ئەسكەر بولۇپ، ئۇلار تاڭ سۇلالىسى قوماندانلىرىغا بويسۇنۇشنى رەت قىلدى. لىيۇمىيەن تاڭ تاڭ سۇلالىسى ئوردىسىنىڭ بۇرۇنقى بۇيرۇقىنى باھانە قىلىپ، يېڭى بۇيرۇقنى كۈتۈپ تۇرماستىنلار ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى قىرىپ تاشلىدى. لېكىن ئۇ بۇ قىلغىنى ئۈچۈن جازالانمىدى.

شاخۇ تېغىدا ئۇيغۇرلارنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، تاڭ سۇلالىسى توختىماي قىرغىزلارنى ئۇيغۇرلارغا قارىتا ئەڭ ئاخىرقى قېتىم تازىلاش ئېلىپ بېرىشقا دەۋەت قىلدى، ھەتتا بەزى ۋاقىتلاردا كەسكىن سۆزلەر بىلەن تەلەپ قىلدى. گەرچە قىرغىزلار موڭغۇل ئېگىزلىكىدە كىچىك دائىرىلىك بەزى ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەردە ئۇزۇنغا سوزۇلغان سىياسىي ۋە ئەسكىرى مەۋجۇتلۇقىنى ساقلىيالمىدى. شۇڭا تاڭ سۇلالىسىغا چوڭ يوشۇرۇن خەتەر دەپ قارالغان ئۆگە قاغان ۋە ئۇنىڭ ئازغىنە ئەگەشكۈچىلىرى نەچچە يىلغىچە بىر تەرەپ بولماي كەلدى. ئۇلار ئاشلىق ۋە مال - چارۋىغا ئېرىشىش ئۈچۈن تاڭ سۇلالىسى چېگراسىغا توختىماي ھۇجۇم قىلىپ تۇردى. قىرغىزلار بولسا بەكرەك تارىم دەرياسى ھاۋزىسى رايونلىرىدا ئۆزىنىڭ تەسىر كۈچىنى ئاشۇرۇشقا قىزىقاتتى ۋە بەزى ئىشلاردا تاڭ سۇلالىسىنىڭ ياردەم قىلىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. بۇ ئەلۋەتتە ئورخۇن ئىمپېرىيىسى يىمىرىلگەندىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كېيىن غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلار بىلەن توقۇنۇشنى كەلتۈرۈپ چىقىراتتى. لېكىن ئەڭ ئاخىرىدا تاڭ سۇلالىسى ئۇ ئىشقا ئارىلاشماسلىقنى قارار قىلدى.

قىرغىزلار تاڭ سۇلالىسىغا بېسىم قىلىپ ئۆزىنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلدۇرالمايتتى. تاڭ سۇلالىسى يوۋ جوۋنىڭ ھەربىي ۋالىيسى جاڭ جوڭۋۇغا بۇيرۇق قىلىپ قېچىپ قالغان ئۇيغۇرلارنى يوقىتىشنى تاپشۇردى. 843 - يىلى 3 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىكى تاڭ سۇلالىسى ئوردا مەكتۇبلىرىغا ئاساسلانغاندا، جاڭ جوڭۋۇنىڭ ئۆگە قاغاننىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىگە دائىر مەلۇماتقا ئېرىشكەنلىكىنى كۆرەلەيمىز. شۇنىڭ بىلەن تاڭ سۇلالىسى جاڭ جوڭۋۇنى دەرھال چېگرادىن چىقىپ ئۇلارنى يوقىتىشقا بۇيرىدى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ بىۋاستە ئۆزى چىقىپ ئۆگە قاغاننى ئىزدىمەسلىكىنىڭ سەۋەبى ئۇنىڭ ئىچكى جەھەتتىكى قىيىنچىلىقى بىلەن باغلىنىشلىق ئىدى. مەسىلەن، بۇ ۋاقىتتا، جاۋيى Zhaoyi دا ئەسكەرلەر توپىلاڭ كۆتۈردى، شىمالدا تاڭغۇتلار قالايمىقانچىلىق چىقاردى، شۇڭا تاڭ سۇلالىسى دىققىتىنى بۇ تەرەپلەرگە قارىتىۋاتقان ئىدى. جاڭ جوڭۋۇ بۇ تەلەپلەرگە قارىتا ھەرىكەت ئېلىپ بارمىغاندىن كېيىن 843 - يىلى 6 - ئاينىڭ 6 - كۈنى لى تې يۈ، تاڭ سۇلالىسى پادىشاھىغا لىيۇمىيەننى ئۇيغۇرلارغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتىش تەكلىپىنى بەردى، لېكىن بۇ ئىشمۇ ئەمەلگە ئاشمىدى.

844 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، تاڭ سۇلالىسى يەنە جاڭ جوڭۋۇدىن ئۇيغۇرلار توغرۇلۇق مەلۇمات تاپشۇرىۋالدى. بۇ مەلۇماتتا ئۆگە قاغاننىڭ غەرب تەرەپكە سۈرۈلۈپ تارىم ئويمانلىقى تەرەپكە كېتىپ ئۇ يەردىكى ئۇيغۇرلار بىلەن بىرلەشكۈسى بار ئىكەنلىكى، لېكىن ئۇنىڭ بەزى ئادەملىرىنىڭ قېچىپ قېلىپ تاڭ سۇلالىسىغا ئەل بولۇشنى خالايدىغانلىقى سۆزلەنگەن ئىدى. بۇ خەۋەرگە ئاساسەن لى تې يۈ پادىشاھقا جاڭ جوڭۋۇغا يەنە بىر قېتىم ئۇيغۇرلارغا ھۇجۇم قىلىشقا بېسىم ئىشلىتىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ھەر قانداق شەكىلدىكى ئەل بولۇشىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ۋە ئۇيغۇرلارغا ئۇنۇملۇك بىر شەكىلدە قارشى تۇرۇشنى قولغا كەلتۈرۈشكە دەۋەت قىلدى. تاڭ سۇلالىسى بۇنىڭ بىلەن بىرگە قىرغىزلارنى ئۇيغۇرلارغا ھۇجۇم قىلىشقا دەۋەت قىلىشتىن توختاپ قالمىدى. ئەلۋەتتە، بۇنىڭغا قارشى قىرغىزلار ئۇيغۇرلارغا قارشى بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. لېكىن تاڭ سۇلالىسى قارا ھارۋىلىقلارنىڭ ئۆزىدىن 500 كىلومېتىرلەرچە ئۇزاقتا ئىكەنلىكىنى ئېيتتى ۋە تاڭ سۇلالىسى چېگرا ئەسكەرلىرىنى ھازىرلاپ قىرغىزلارنىڭ ھۇجۇمىدىن قېچىپ كەلگەن ھەر قانداق ئۇيغۇرنى ئۆلتۈرۈدىغانلىقىنى ئېيتتى. لېكىن ئاخىرىدا ھەر ئىككى تەرەپ كېلىشىم ھاسىل قىلالمىدى.

تاڭ سۇلالىسى ئوردىسى ۋە ئورمىزىدنىڭ ئۇيغۇرلارغا بولغان ئەندىشىسى داۋاملىق كۈچىيىپ ماڭدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆگە قاغاننىڭ تيەن دې Tiande غا 150 كىلومېتىر ياكى ئۇنىڭدىنمۇ بەكرەك يېقىنراق يەردە ئىكەنلىك خەۋىرى كەلدى. ئورمىزىد، ئۆگە قاغاننىڭ قىرغىزلار رايونىغا سىمۋوللۇق ئوتتۇغات نام بېرىشكە ماڭغان - قىرغىز قاغانىنىڭمۇ ھەممىدىن بەك ئۆمىد قىلىدىغان -

تاڭ سۇلالىسى ئەلچىلىرىگە ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىشنى پىلانلاۋاتقانلىقىنى ئۇقتۇرىغا قويدى. بۇنىڭدىن باشقا تۇتۇۋېلىنغان بىر ئۇيغۇردىن ئىگەللەنگەن باشقا بىر ئۇچۇر بولسا ئۆگە قاغاننىڭ پەقەت 1500 ئەتراپىدىلا ئەسكىرى بار ئىدى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، بۇ ئەسكەرلەرنىڭ قورال - ياراق ۋە ئاشلىقلىرى كەمچىل بولۇپ، ئەتراپىدىكى باشقا قەبىلىلەرگە ھۇجۇم قىلىپ ئۇلارنى تالان - تاراج قىلىش ئارقىلىق تولۇقلاشقا مەجبۇر ئىدى.

846 - يىلى 4 - ئاينىڭ 22 - كۈنى تاڭ ۋۇزۇڭ ۋاپات بولدى، بۇ ۋاقىتقىچە شىمالدىكى ئۇيغۇرلارغا قارىتا ھېچقانداق بىر ھەرىكەت بولۇنمىدى. يېڭى پادىشاھ تاڭ شۈەنزۇڭ (846-859) لى تې يۈنى ياقتۇرمايدىغان بولۇپ، ئۇ ئۇنىڭ قىرغىزلارغا ئەلچى ئەۋەتىپ ئۇلارنىڭ قاغانىغا ئۇتۇغات نام بېرىشىنى ئەڭ ئاخىرىدا تەستىقلىغان بولسىمۇ قىرغىزلار بىلەن دوستانە ئۆتۈش پىلانىنى رەت قىلدى.

846 - يىلى ئۆگە قاغان قەستكە ئۇچراپ ئۆلدى. قەستلىگۈچى بەلكىم ئۇيغۇرلاردىن ياكى قارا ھارۋىلىقلاردىن بولۇشى مۇمكىن، لېكىن ئۇلارنىڭ كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇرمىزىدىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارىدىن پارا ئالغانلىقى سۆزلىنىدۇ (كەمدە بىر ماتېرىيالدا شۇنداق دېيىلگەن). ئۇنىڭ ئورنىغا چىققان يېڭى قاغان، ئېنى قاغان - ئۆگە قاغاننىڭ ئىنىسى - ئەتراپىغا 5000 دىن ئارتۇق كىشىنى توپلىدى ۋە بۇلار شى شى لاڭلارنىڭShishelang ھامىيلىقىدىكى تاتابىلارنىڭ ئارىسىدا ئولتۇراقلاشتى. -847 يىلى 6 - 7 ئايلاردا جاڭ جوڭۋۇ تاتابىلارنى قاتتىق مەغلۇب قىلدى. ئۇيغۇرلارنىڭ سانىدىنمۇ 500 ئەتراپىدا كىشى ئازلاپ كەتتى ۋە شىرۋىلارنىڭ ئارىسىغا قېچىپ كەتتى. جاڭ جوڭۋۇ يېڭى قاغاننى تۇتماقچى بولىۋىدى ئۇ ئايالى، بالىسى ۋە توققۇز چەۋەندازىنى ئېلىپ غەرب تەرەپكە قېچىپ كەتتى. قالغان ئۇيغۇرلار پارچە - پارچە بولۇپ، شىرۋىيلارنىڭ ئارىسىغا تارقىلىپ كەتتى.

ئۇزاق ئۆتمەي، 848 - يىلى مارتتا، 70 مىڭ قىرغىز قوشۇنى شىرۋىيلارغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى ۋە ئۇلارنى مەغلۇب قىلدى. ئۇلارنى ئۇيغۇرلار بىلەن بىللە قوشۇپ تۇتۇپ ئۆزىنىڭ تېررىتورىيىسىگە ئېلىپ كەتتى. شۇنداق بولسىمۇ، بەزى ئۇيغۇرلار تاغلارغا ۋە ئورمانلىقلارغا مۆكۈنۋېلىپ ئامان قالدى ۋە ھايات قېلىش ئۈچۈن باشقا قەبىلىلەرگە ھۇجۇم قىلدى. بۇ ئامان قالغان كىچىككىنە ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە قاراپ كۆچۈپ ماڭغانلىقى ۋە گەنسۇغا كېلىپ بۇ يەردە ئۆزىنىڭ ھاكىمىيىتىنى قورغانلىقى سۆزلىنىدۇ. لېكىن ئېنى قاغاننىڭ ئاقىۋىتى توغرۇلۇق ھېچقانداق ماتېرىيالدا مەلۇمات بېرىلمىگەن.

## خۇلاسە

بۇ ۋەقەنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، بىز ئىچكى ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ بۈيسۇندۇرۇشنى مەقسەت قىلغان ئۇرۇشلىرىدىنلا ئەمەس، خاراپلاشقان ۋاقىتتىكى ئۇرۇشىدىن خەۋەردار بولالايمىز. بىز باشتا چوقۇم ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرىگە پايدىسىز بولغان ئەھۋاللارنىڭ يۈز بېرىشكە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

باشلىغانلىقىغا دىققەت قىلىشىمىز لازىم. توقۇنۇشلار ۋە ئىچكى مەسىلىلەر ئىمپېرىيەنىڭ يىقىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. شۇنداقلا ئۇنىدىن كېيىن توختىماي داۋاملاشقان غەۋغالار بۇ هايات قالغۇچىلارنىڭ ئورتاق بىر ئىستراتېگىيەسى ۋە رەھبىرىنىڭ يوق ئىكەنلىكىنىڭ بەلگىسى ئىدى. يەنە ئۇلارنىڭ نورمال بولغان ئىقتىسادىي سىستېمىسىنىڭ يىمىرىلگەنلىكى ۋە ئاشلىقى بولماسلىقىنىڭ ئۇلار ئۈچۈن موھىم ۋە ئۇزۇن مەزگىللىك خەۋپ بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇيغۇر قوشۇنلىرى ئۆزىنىڭ ئائىلىسى ۋە يۈك - تاقلىرى بىلەن بىللە ماڭغاچ قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. بۇ بوزقىر مىللەتلىرىنىڭ جۇڭگو بىلەن تۇتۇشقان ۋاقتىدا ئەڭ ئاز ئۇچرايدىغان ئەھۋال ئىدى.

نېمە ئۈچۈن بۇ پاناھلانغۇچىلار جۇڭگوغا كېتىشنى تاللىغان ئىدى؟ ئورمىزىد تېكىننىڭ مەقسىتى نىسبەتەن ئاسان. تاڭ سۇلالىسى گەرچە ئات - يىپەك سودىسىنى بەك جاپالىق ۋە قىممەت دەپ قارىغان بولسىمۇ، شۇنداقلا مۇئامىلىدە جىق قەرز بولۇپ كېتىدىغان بولسىمۇ ئۇيغۇرلار بىلەن نەچچە ئون يىل تىنىچ ۋە دوستانە ئۆتكەن ئىدى. لېكىن تاڭ سۇلالىسى يەنىلا بۇ سودىنى توختىتىپ قويماقچى ياكى ئۆزگەرتمەكچىمۇ بولمىغان، شۇنداقلا بۇ ئۆگە قاغان ۋە ئورمىزىد تېكىنگە تاڭ سۇلالىسىنىڭ بوزقىر مىللەتلىرىگە زورلۇق كۈچى ئىشلىتەلمەيدىغانلىقىنىڭ ياكى ئىشلەتكۈسى يوقلۇقىنىڭ سىگنالىنى بەرگەن. قىرغىزلار ۋە ئۆگە قاغاننىڭ ئىز قوغلىشىغا دۇچ كەلگەن ئورمىزىدقا نىسبەتەن ئۇنىڭ بىخەتەررەك بولغان تاڭ سۇلالىسىنىڭ ھامىيلىقىغا كىرىشنى تاللىشى بەك ھەيران قالارلىق ئىش ئەمەس. ئۇ تاڭ سۇلالىسى چېگراسىدا شەك - شۈبھىسىز ئىشەنچلىك بىرىگە ئايلاندى، ئۇ ھەتتا ئۆزىنىڭ گۇرۇپپىسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تاڭ سۇلالىسى چېگراسىغا ھۇجۇم قىلىش پىلانىنى جۇڭگولۇق قوماندانلارغا ئاشكارىلاپ قويدى ۋە بۇنى پىلانلىغۇچىلارنى ئۆزىنىڭ چېدىرىغا باشلاپ كىرىپ ئۆلتۈرگۈزىۋەتتى. ئورمىزىد ئۆگە قاغان تەختكە چىقىشىدىن بۇرۇن تاڭ سۇلالىسىغا كېلىش ئارقىلىق تۇيلاڭچى دېگەن ئاتاقتىن قۇتۇلۇپ قالدى. باشقا ئەگەشكۈچىلىرى بىلەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ چېگرا قاراۋۇلخانىلىرىغا ھۇجۇم قىلىشقا قاتناشماسلىق ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئېغىر بېسىق ۋە تەمكىنلىكىنى نامايان قىلدى. باشقا ئۇيغۇرلارنىڭ تاڭ سۇلالىسىغا ھۇجۇم قىلىش پىلانىنى ئاشكارىلاش ۋە ئۇلارنى يەم بىلەن ئۆلتۈرۈش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ساداقىتىنى ۋە ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى. بۇ قىلغانلىرىنىڭ بەدىلىگە ئۇ تاڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىندى ۋە چاڭئەندە ئولتۇراقلاشتى.

ئۆگە قاغانغا نىسبەتەن ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن تاڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە ئۇ خىل ھەل قىلىش قىيىن بولغان ئۇسۇلنى تاللايدىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلىش قىيىن. قانۇنلۇق ھۆكۈمدار بولۇش سالاھىيىتى بىلەن، ئۇ تاڭ سۇلالىسىنىڭ قول ئاستىدىكى بىرىگە ئايلىنىپ قېلىشنى خالىمايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، تارىختا جۇڭگولۇقلارنىڭ نۇرغۇن قېتىم بوزقىر مىللەتلىرىنىڭ رەھبەرلىرىنى ئاجىزلىتىش

ئۇچۇن ئۇلارغا ياردەم قىلغانلىقى ۋە بۇنىڭ بىلەن يايلاقتا قايتىدىن ئۆزىنىڭ كۈچىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەنلىكىدەك مىساللار نۇرغۇن ئىدى. بەلكىم ئۆگە قاغان بۇنى ھېس قىلغان بولۇشى مومكىن. تاڭ سۇلالىسى ئۇيغۇر پاناھلانغۇچىلار بىلەن ئالاقىلاشقان ۋاقىتتا ئۇلار كۆپ قېتىم بىر مىسالنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن، يەنى ھۇن ھۆكۈمدارى خۇخەنيې 呼韩邪 (مىلادىدىن بۇرۇن 31-58) نىڭ مىلادىدىن بۇرۇنقى 51 - يىلىدا خەن سۇلالىسى ئوردىسىغا زىيارەتكە كېلىپ تەسلىم بولۇشى ئىدى. ئۇنىڭ باشقا بىر ھۇن ھۆكۈمدارى بىلەن بولغان كۈرىشىدە ئۇ خەن سۇلالىسىنىڭ ئالتۇن، يىپەك، ئاشلىق قاتارلىق ياردەملىرىگە ئېرىشىپ - بۇ ياردەملەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ خەن سۇلالىسىغا تەسلىم بولغىنىدىن بولغان - ئۆزىنىڭ ئۆگەي ئاكىسى جى جى 郅支 تەڭرىقۇتنى مەغلۇپ قىلىپ موڭغۇل ئېگىزلىكىدە ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلىگەن ئىدى. شۇنداق قىلىپ خەن سۇلالىسى بىلەن ھۇنلار يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك دوستانە ئۆتكەن ئىدى. بۇنىڭ يەنە بىر سەۋەبى بولسا خەن سۇلالىسى ھەر قېتىم ھۇنلار زىيارەتكە كەلگەندە ئۇلارغا توختىماي نەرسە - كېرەكلەرنى بېرىپ تۇرغانلىقىدىن بولغان.

«خەن سۇلالىسى دەۋرى تاشقى مۇناسىۋەتتىكى ئەڭ موھىم ۋەقە» دەپ ئاتالغان بۇ خىل خەلقئارالىق سىياسەت، رايوندىكى كېيىنكى تاشقى مۇناسىۋەتلەرگە ئىنتايىن زور تەسىر كۆرسەتتى. ئىچكى ئاسىيا ھۆكۈمدارلىرىنىڭ ئاجىزلاپ كەتكەن مەزگىللىرىدە ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى قايتىدىن تىكلەش ئۈچۈن جۇڭگولۇقلارنىڭ ياردەم سورايدىغان بۇنداق ھالىتىنى Thomas J. Barfield «ئىچكى چېگرا ئىستىراتېگىيىسى» دەپ ئاتىغان ئىدى. بۇنى بوزقىر مىللەتلىرى ئىچكى ئۇرۇش بولغان ۋاقىتلاردا ئىشلىتەتتى. بۇ ئىستىراتېگىيەدە، بىر تەخت تالاشقۇچى ئۆزىنىڭ يەنە بىر تەخت تالاشقۇچى رىقابەتچىسىنى مەغلۇپ قىلىش ئۈچۈن جۇڭگودىن ياردەم سورايتتى. بۇ خىل ئىستىراتېگىيە بوزقىر ئىمپېرىيەلىرى پارچىلانغاندا ياكى پارچىلىنىشقا يۈزلەنگەن ئەھۋال ئاستىدا ئىشلىتىلىدىغان بولۇپ، بۇنىڭ بىلەن ئۇ جۇڭگونىڭ بىۋاستە كونتروللىقىغا ئۆتمەستىن، بەلكى ئۇنىڭ بىر ئاپتونومىيەلىك رايونى بولۇپ قالاتتى. Barfield بۇ تاكتىكىنى «سىرتقى چېگرا ئىستىراتېگىيىسى»، يەنى كۈچلۈك ۋە بىرلىككە كەلگەن بوزقىر ئىمپېرىيەلىرىنىڭ قورال كۈچى ياكى تەھدىد بىلەن جۇڭگودىن بايلىق ئۈندۈرىۋالىدىغان ئىستىراتېگىيە بىلەن سېلىشتۇرما قىلغان.

بۇ ئاتالغۇلارنى تەھلىل قىلغىنىمىزدا ئۆگە قاغان Barfield ئېيتقان «ئىچكى چېگرا ئىستىراتېگىيىسىنى» قوللانغان، يەنى ئۇ تاڭ سۇلالىسىنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈپ ئۆزىنىڭ ۋەتىنىنى قايتا قۇرۇپ چىقماقچى بولغان. لېكىن ئۆگە قاغانىنىڭ تاڭ سۇلالىسىغا قىلغانلىرىنىڭ قوپاللىق ئىكەنلىكىنى، ھۇن ھۆكۈمدارى خۇخەنيېنىڭ قوللانغان تاكتىكىسى بىلەن پەرقلىق ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز. بەلكىم ئۆگە قاغان ئۆزىنىڭ ھەيۋىسىنى كۆرسىتىپ قويۇشنى ئاپتونومىيىلىك ھاكىمىيەتنى قۇرۇشنىڭ زۆرۈر شەرتى دەپ قارىغان بولۇشى ۋە ئورمىزدقا ئوخشاش

ئاخىرىدا بىۋاسىتە تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ كونتروللىقى ئاستىغا ئۆتۈپ كەتمەسلىك ئۈچۈن ئاشۇنداق قىلغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. بۇندىن باشقا، ئۆگە قاغان تاڭ سۇلالىسى بىلەن قىرغىزلارنىڭ سودىسىنى ئېتىپ تاشلىماقچى - گەرچە بۇنداق بىر سودا ھەقىقىي يۈرگۈزۈلمىگەن بولسىمۇ - ۋە ئۆزى تاڭ سۇلالىسىنىڭ بايلىقىغا تايىنىپ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاشنى ۋە ئەسلى ھالىتىگە قايتىشنى پىلانلىغان بولۇشىمۇ ئەقىلگە ئۇيغۇن بولغان قاراشتۇر.

بۇ مەسىلىگە نىسبەتەن يەنە نۇرغۇن كۆزقاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇش مۇمكىن. تاڭ سۇلالىسى دەۋرگە كەلگەندە «ئىچكى چېگرا ئىستىراتېگىيىسى» مۇرەككەپلىشىپ كەتكەن. تاڭ سۇلالىسى ئىچكى تويىلاڭ يۈزبەرگەن ۋاقىتتا بوزقىر ھاكىمىيەتلىرىنىڭ كۈچىگە تايانغان. 7 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، سۈي سۇلالىسى يىمىرىلىۋاتقان ۋاقىتتا جۇڭگو تەختىنى تالىشىۋاتقان نۇرغۇن رىقابەتچىلەر بار ئىدى. بۇلارنىڭ ئارىسىدا غەلىبە قىلىپ تاڭ سۇلالىسىنى قۇرغان لى يۈەن تۈركلەرنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرگەنلىكى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ھاكىمىيىتىنى قۇرالىغان ۋە تۈركلەرنىڭ ئاتلىق چەۋەندازلىرىغا تايىنىپ ئۆزىنى كۈچلەندۈرگەن ئىدى.

بۇنىڭدىن باشقا، بىز ئۇيغۇرلارنىڭ تاڭ سۇلالىسىدە ئەنلۇشەن توپىلىڭى بولغاندا ياردەم قىلغانلىقىنى ۋە بۇنىڭ بىلەن تاڭ سۇلالىسىنى يوقىلىش گىردابىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغانلىقىنى كۆردۇق. بۇنىڭدىن بىز مەيلى جۇڭگو بولسۇن ياكى ئىچكى ئاسىيا ھاكىمىيەتلىرى بولسۇن سىياسىي جەھەتتىن موقىمسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغاندا بىر - بىرىدىن ياردەم سورىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئۆگە قاغاننىڭ تاڭ سۇلالىسى چېگراسىدىكى بۇ خىل ھەرىكىتى گويى چۆلنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ھاكىمىيەتلەرنىڭ ئۇزۇن يىللاردىن بېرى قوللىنىپ كېلىۋاتقان تاكتىكىسىنىڭ - ئۆزلىرىنىڭ ھاكىمىيىتى خەتەر ئىچىدە قالغاندا بىر - بىرىدىن ياردەم سورايدىغان ئەنئەنىۋى تاكتىكا - بىر تارمىقى بولۇشى مۇمكىن.

تارىخىي تەجرىبىمۇ ياكى ئەمەسمۇ، ئېشقىلىپ ئۆگە قاغان تەيخى مەلىكىنى تۇتۇپ تۇرۇش ئارقىلىق تاڭ سۇلالىسى بىلەن دوستانە مۇناسىۋەتنى ساقلاپ تاڭ سۇلالىسىنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈشنى ئويلىغان بولۇشى مومكىن. ئۇ بۇ ئارقىلىق ھەم تاڭ سۇلالىسىنىڭ ھىمايىسىنى قولغا كەلتۈرۈپ ھەم يېتەرلىك تەييارلىق قىلىش ۋاقتىغا ئىگە بولۇپ، ئۆزىنىڭ ۋەتىنىگە قايتىپ ھاكىمىيىتىنى قايتا قۇرۇشنى پىلانلىغان بولۇشىمۇ ئېھتىمال. لېكىن تاڭ سۇلالىسى بۇ يېڭى قاغانغا پەقەت چەكلىك ياردەم بېرىشنىلا خالايتتى ھەم ئۇنىڭ بەزى تەلەپلىرىنى ھەددىدىن ئاشقانلىق دەپ ئويلىدى. ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش ۋە يىپەك رەخت قەرزىنى قايتۇرۇش زور ئىقتىسادىي مەسىلە بولۇپ، بۇنى تاڭ سۇلالىسى ئاللىبۇرۇن ئۇيغۇرلارغا تۆلەپ بولغان ئىدى. ئۇنىڭ ئولتۇراقلىشىشقا زېمىن تەلەپ قىلىشى، گەرچە كىچىك بىر قاراۋۇلخانا شەھىرى بولسىمۇ چوڭقۇر سىمۋوللۇق مەنىگە ئىگە ئىدى ۋە بۇ تاڭ سۇلالىسىنى بىئارام قىلاتتى. ئىمپېرىيە

تاڭ ۋۇزۇڭغا ئۇنىڭ ئەجدادلىرىدىن قالغان بولۇپ، كىچىككىنە تۇپراقنىمۇ باشقىلارغا بەرگەنلىك ئەجدادىغا يۈز كېلەلمەسلىك بولۇپ ھېسابلىناتتى ۋە ئۇيغۇرلارغا بېرىلسە تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇلارغا بويسۇنغانلىقىنىڭ سىمۋولى بولۇپ قالاتتى. بۇنىڭدىن باشقا، ئۆگە قاغاننىڭ ئورمىزىدىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى ۋە جۇڭگودىكى مانى دىنىنى قوغداشنى تەلەپ قىلىشى تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلاشقانلىق دەپ قارالدى. شۇڭا بۇنىڭغا چاڭئەن ئاكتىپ پوزىتسىيەدە بولمىدى.

ئۆگە قاغانمۇ، تاڭ سۇلالىسىمۇ ھەر ئىككىلىسى بىر - بىرىگە يول قويمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۆگە قاغان چېگرادا خەتەرلىك ھەربىي پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىشقا مەجبۇر بولدى ۋە بۇ ئۇنىڭ شاخۇ تېغىدىكى مەغلۇبىيىتىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئۇنىڭ جەنۇبقا كۆچۈشتىكى مەقسىتى تاڭ سۇلالىسىنىڭ قوغدىشىغا ئېرىشىش ۋە ئۇ يەردىكى بايلىقلاردىن پايدىلىنىش ئىدى. ئۆگە قاغاننىڭ كېرەكلىك لاۋازىمەتلەرگە ئېرىشىش ئۈچۈن توختىماي چېگراغا ھۇجۇم قىلىشى تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇنىڭدىن خەۋپسىرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئۇ توختىماستىن تاڭ سۇلالىسىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىشنىڭ كويىدا بولدى. لېكىن بۇ ئەمەلگە ئاشمىدى. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان ھەم بىر ئاز غەلىتە بولغىنى قىرغىزلارمۇ موڭغۇل ئېگىزلىكىدىكى ئۇيغۇرلارنى يوقىتىش ۋە تارىم ئويمانلىقىغا ھۇجۇم قىلىشتا تاڭ سۇلالىسى بىلەن ھەمكارلاشماقچى بولدى. بۇنى تاڭ سۇلالىسى رەت قىلدى، ئاخىرىدا قىرغىزلار بىرىنچى پىلاننى ئەمەلگە ئاشۇردى. ئۇيغۇرلار بەكمۇ ئاجىزلاپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇلارنى قورشاپ يوقىتىش كۆپ قىيىنغا توختىمىدى.

تاڭ سۇلالىسى ئۆزىنىڭ چېگرا مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىش، جاسۇسلىرىنى ئىشلىتىپ بۆلگۈنچىلىك سېلىش ئارقىلىق توختىماي ئۇيغۇرلارنى ئاجىزلىتىپ تۇردى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئاجىزلاپ كېتىشى تاڭ سۇلالىسىغا بۇ خىل تاكتىكىنى تۈزۈش ۋە ئىشلىتىش ئۈچۈن يېتەرلىك ۋاقىت ھازىرلاپ بەردى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەلىبە قىلىشى يەنە ئۇلارنىڭ شىمالدىكى «تىزگىنى بوشاشتۇرۇلغان» بوزقىر قەبىلىلىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغىنىدىن بولغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە، گەرچە ئۇيغۇر ئەسكەرلەرنى ئۆگە قاغاننى مەغلۇپ قىلىشتا ئىشلەتكەن بولسىمۇ، تاڭ سۇلالىسى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچىدىكى رىقابەتتىن تېخىمۇ ئۈنۈملۈك پايدىلاندى. توختىماي يۈز بەرگەن ئىچكى قالايمىقانچىلىقلاردا بىر - بىرىگە بولغان ساداقەتمەنلىكنىڭ ئاجىزلىشىشى نەتىجىسىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇرۇق - تۇغقاندارچىلىق ياكى ئائىلىگە بولغان ساداقىتىنىڭ مىللەت ۋە قەبىلىگە بولغان ساداقىتىدىن ئېشىپ كېتىشى بەك ھەيران قالارلىقمۇ ئەمەس ئىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئورمىزىد ئەڭ باشتا ئاجىز ئەھۋالدا ئۆزىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن چىقىش يولى ئىزلىدى. ئۆگە قاغان ئۆزىنىڭ كۈچىنى ۋە ئىززەت - ھۆرمىتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن كۆرەش قىلدى. لېكىن مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىدى. ئۇنىڭ ئۆلۈمى ۋە مەغلۇبىيىتى موڭغۇل ئېگىزلىكىدە ئۇيغۇر ھاكىمىيىتىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنىڭ بەلگىسى بولۇپ قالدى.■

www.uyghurkitap.com

## سۆزلۈكلەر تىزىملىكى

| | |
|---|---|
| An Lushan | 安禄山 |
| Batoufeng | 把頭烽 |
| C a i X i | 蔡羲 |
| Chang'an | 长安 |
| Dangxiang | 党项 |
| Datong | 大同 |
| dongmian zhaofu Huihu shi | 东面招扶回鹘史 |
| Enie | 遏捻 |
| Fengzhou | 丰州 |
| Gansu | 甘肃 |
| Guiyi | 歸義 |
| Han | 汉 |
| Hedong | 河东 |
| HeicheZi | 黑车子 |
| He Qjngchao | 何清朝 |
| Hexi Dangxiang dujiang | 河西党项都将 |
| Huhanye | 呼韩邪 |
| Huihe | 回纥 |
| Huihu | 回鹘 |
| Huihu xinan zhaotao shi | 回鹘西南招讨史 |
| Jimi | 羁縻 |
| Li | 里 |
| Li Deyu | 李德裕 |
| LiSizhong | 李思忠 |
| Li Yuan | 李渊 |
| Li Zhongshun | 李忠顺 |
| Liu Mian | 刘沔 |
| Mayi | 马邑 |
| Qibi | 契苾 |
| QjbiTong | 契苾通 |
| Qjdan | 契丹 |
| ronglu | 戎虏 |
| shahu | 杀胡 |
| Shatuo | 沙陀 |
| Shi Xiong | 石雄 |
| Shishelang | 石舍朗 |
| Shiwei | 室韦 |
| Sui | 隋 |
| Taihe | 太和 |
| Tang | 唐 |
| Tiande | 天德 |
| Tuihun | 退浑 |
| Tujue | 突厥 |
| Tuoba | 拓拔 |
| Tuyuhun | 吐谷浑 |
| Womosi | 齃没斯 |
| Wujie | 乌介 |
| Wuzong | 武宗 |
| Xiajiasi | 黠戛斯 |
| Xiongnu | 匈奴 |
| Xuanzong | 宣宗 |
| Yiwu | 儀武 |
| Youzhou | 幽州 |
| Zhang Zhongwu | 张仲武 |
| zhaofu Huihu shi | 招抚回鹘史 |
| Zhaoyi | 昭義 |
| Zhenwu | 振武 |
| Zhizhi | 郅支 |

Press, 1973.

Ouyang Xiu 欧阳修 et al. Xin Tang Shu新唐书,Beijing: Zhonghua shuju,I975.

Pan, Yihong. "Marriage Aliances and Chinese Princesseins in International Politics from Han through Tang." Asia Major,3rd series, vol. 10, partst-2 (1997), pp. 95-131.

Pan Yi hong.Son of Heaven and Heavenly Qaghan: Sui-Tang China andI Its Neighbors. Bellingham:Western Washington University press ,1997.

Peterson, C. A. "Court and Provincein Mid-and Late Tang.The Cambridge History of China, volume3: Sui and Tang china,589-906, Part 1. Ed. Denis Twitchett. cambridge: cambridge University press,1979,pp 464-560.

Pullybank,Edwin.G "The An Lushan Rebellion and the Origion of Chronic Militarism in Late Tang in China." Essays On Tang Society: The nterplay of Social, political and Economic Force.Ed.John Curtis Perry and Bardwell L.Smith. Leiden:E.J.Brill, 1976, pp,32-60.

Sima Guang司马光, Zizhi Tongjian資治通鐗, Beijing:Guiji Chubanshe,1956

YÜ Ying-shi. Trade and Expention in Han China: A studuy in the Strcture of Sino-Barbarian Relations. Berkeley: University of California Press, 1967.

HANDBOOKS OF ORİENTAL STUDİES

شەرق تەتقىقاتى قوللانمىسى

مەركىزى ئاسىيا / CENTRAL ASIA

تەھرىرلىگۈچى

DENIS SINOR. NICOLA DI COSMO

VOLUME SIX

(6 - قىسىم)

WARFARE IN INNER ASIAN HISTORY

ئىچكى ئاسىيا تارىخىدىكى ئۇرۇشلار

(1888-500)

Barfield ,Thomas J. The Perilou Frontier:Nomadic Empireas and China. oxford:Basil Blackwell, 1989.

Beckwith, Chistopher I. "The Impact of the Horse and Silk Trade on the Economies of Tang China and the Uigher Empire:on the Importance of International commerce in the Early Mid dle Ages" Jourial of the Economic and Socal History of the Orient.Vol34,1991,pp 189-198.

Bringham Woodbridge. The Founding of the Tang Dynasty: The Fall of Sui and Rise of Tang-A Preliminary Survey. Baltimore: Wverly Press, nc.1941

Cen Zhong Mian 岑仲勉. Li Deyu Huichang Fa Pan Ji Bian Zhengshang 李德裕会昌伐叛集撜上, Shixue Zhuankan史学专刊, Vol.2 No.1, 1937, pp. 107-250

Drompp, Michael, R. "Breaking the Orkhun Tradition: Kirghiz Adherence to the Yenisey Region after A.D. 840" Journal of American Oriental Society, Vol.119, No.3 , 1999, pp 390-403

Drompp, Michael, R. " The Hsiung-nu Topos N THE Tang Response to the Collapse of Uighur Steppe Empire." Central and nner Asian Studies, Vol.6 1988, pp 1-23

Drompp, Michael R. "A Tang Adventurer in Inner Asia." Tang studies,Vol. 6 ,1988, pp. 1-23.

Drompp, Michael.R."The writings of Li de-yu as sourcesf or the History of Tang-Inner Asian Relations." Diss. Indiana University, 1986. AnnArbor: UMI, 1987. 8628069.

Li Deyu 李德裕. Li Weigong Huichang Yipin ji李衛公会昌一品集.Shanghai:Shangwu Yinshuguan, 1936.


Lieu, SamuelN .C. Manichaeisim in the Ianter Roman Empire and Medieval China: A historical Survey, Manchester Manchester Univeisiryp ress,1 985.

Liu Xu 蓟煦et al. Jiu Tang shu 旧唐书 Beijing:Zhonghua shuji, 1925.

Mackerras, Colin. The Uighur Empire According to the Tang Dynastic History: A study in Sino-Uighur relations 744-840. Columbia: University of South Carolina

www.uyghurkitap.com

ئەبۇل ئەئلا مەۋدۇدى



# ئىسلام ئىقتىسادىنىڭ پرىنسىپلىرى

ئابدۇلجېلىل تۇران تەرجىمىسى

ئىسلام ئىنسانلارنىڭ ھاياتىنى تەرتىبكە سېلىش ئۈچۈن بىر قاتار ئىقتىسادىي پرىنسىپلارنى ئوتتۇرىغا قويىدى. بۇ پرىنسىپلار ئىنسان ھاياتىدىكى مۇھىم ئامىللاردىن بىرى بولۇپ، مۇۋاپىق شەكىلدە پايدىلىنىش ئۈچۈن، ئىقتىسادىي پىلاندا بەلگىلەنگەن پرىنسىپلارمۇ باشقا ماۋزۇلارغا ئوخشاش مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

بۇ پرىنسىپلار ئىقتىسادىي ساھەنىڭ ھەممە تەرەپلىرىگە مۇناسىۋەتلىك پۈتۈن مەسىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالماستىن، ئىقتىسادىي پىلاندا، ئىنساننىڭ بويسۇنۇشى لازىم بولغان بىر بۆلۈك پرىنسىپلارنىلا بەلگىلەيدۇ. پەقەتلا مۇھىم بولغان يەرلەردە بىر قىسىم مەسىلىلەرنىڭ باشقا ساھەلىرى ھەققىدە مەلۇمات بېرىدۇ.

ئىقتىساتتا ئاساسلىق نۇقتىلار مەلۇم بولۇپ، باشقا ساھەلەرنىڭ تەتبىقلاشقا قالدۇرۇلۇشى ئىنسانلار ئۈچۈن بۈيۈك پايدا كەلتۈرىدۇ. چۈنكى ئىنسانلار مەشغۇل بولغان ئىقتىسادىي ساھەلەر

ۋە ۋاسىتىلەر داۋاملىق ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. بۇ ئۆزگىرىشكە مۇۋاپىق ۋاسىتە ۋە مېتوتلارنىڭمۇ ئۆزگىرىپ تۇرۇشى تەبىئىيدۇر. ئەنە بۇ خۇسۇسىيەت، ئىقتىساتتا تولۇق بىر ئېلاستىكىلىق كۈچ پەيدا قىلىدۇ. ئەمما بۇمۇ تەبىئىيكى، ھېچقاچان ئومۇمىي پىرىنسىپلارغا زىت كېلىش مەنىسىدە ئىزاھلانمايدۇ.

ئىسلام چۈشەنچە سىستېمىسىغا ئاساسلانغاندا، ئاللاھ يەر يۈزىنى ئىنسان ئەۋلادى ئۈچۈن ياراتقان. بۇنىڭ ئۈچۈن ئىنساننىڭ تۇغۇلغان ۋاقتىدىن ئېتىبارەن ئۆزىگە بېرىلگەن بۇ نەسىۋىدىن رىزقىنى تەمىن قىلىش مەجبۇرىيىتى بار. بۇ ھەقلەرگە ئىگە بولۇش ھەققىدە ئىنسانلار ئىچىدە ئىسلامدا بىر ئايرىمچىلىق، ھېچ كىمنىڭ ھېچ كىمنى بۇ تەبىئىي ھەقتىن مەھرۇم قىلىش ھەققى يوقتۇر.

ئىسلام بىر بۆلۈك ئىقتىسادىي مەنبەلەرنى بىر قىسىم ئىنسانلارغا ياكى ئالاھىدە سىنىپلارغا خاس قىلمىدى. يەنە ھىندىلارغا ئوخشاش بەزى سانائەت قىسىملىرىنى بىر بۆلۈك ئىنسانلارغا مەخسۇس قىلمىدى. ھاياتنى تەمىن قىلىش ۋە بۇ يولدا كۈچ سەرپ قىلىش جەھەتتە ھېچ كىمنىڭ ئۆز ئالدىغا ئالاھىدىلىكى بولمايدۇ. ئىسلامدا بۇ تەرەپتىن شەخس، سىنىپ، ئىرق ۋە گۇرۇھلارغا ئايرىمچىلىق قىلمايدۇ.

پۇرسەت باراۋەرلىكى ئاللاھنىڭ پۈتۈن ئىنسانلارغا بەرگەن ھەققىدۇر. ھېچكىم، ھېچقانداق توسقۇنلۇقتا ئۇچرىماستىن بۇ پۇرسەتنى باراۋەر قوللىنىش ھوقۇقىغا ئىگە.

## ئىقتىسادىي ھەقلەر

ئاللاھ تەئالا يارىتىپ ئىنسانلارنىڭ پايدىلىنىشىغا تاپشۇرغان تەبىئىي مەنبەلەر ئۇممەتنىڭ مېلىدۇر. ئۇممەت بۇلارنى ئېلىپ ئېھتىياج دائىرىسى ئىچىدە قوللىنىش ھوقۇقىغا ئىگە. سۇلار، دەريالار، ئورمانلار، ئېتىزلاردىكى شەخسىي بىر كىشىنىڭ بولمىغان مېۋىلىك دەرەخلەر، ئوت ـ چۆپلەر ۋە يەر يۈزىدە يېتىشكەن باشقا ئۆسۈملۈكلەر ئومۇمنىڭ ئىختىيارىدا بولۇپ، ھەركىم پايدىلىنىش ھوقۇقىغا ئىگە. يەنە شۇنىڭدەك، ياۋا ھايۋانلار، مەدەنلەر ۋە باشقا نەرسىلەرمۇ ئۇممەتنىڭ مېلى بولۇپ، بۇنى بىر كىشىنىڭ ئىگىلىۋېلىش ھوقۇقى بولمايدۇ.

بۇلاردىن پايدىلانماقچى بولغانلار ئۈچۈن دۆلەتنىڭ بىر قىسىم باج قويۇشى مۇمكىن. ئەمما شەخسلەرنىڭ بۇ ماللارنى ئىگىلىۋېلىش ھەققى يوقتۇر. بۇنىڭغا مەناسىۋەتلىك قائىدىلەر دۆلەت تەرىپىدىن تۈزۈلىدۇ. (ئەمما مۇسۇلمان بولمىغان ياكى تاجاۋۇزچى دۆلەتلەرنىڭ تۈزگەن قانۇنى بۇ ھەقتە كۈچكە ئىگە ئەمەس ـ ت).

ئاللاھ ئىنسانلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن ئىنئام قىلغان يەنە بىر قىسىم شەيئىلەر بولۇپ، بۇلارنى بىر كىشىنىڭ باشقىلارنىڭ پايدىلىنىشىدىن مەھرۇم قىلىشىغا يول قويۇلمايدۇ. بىرسى ئۇنىڭدىن پايدىلىنىدۇ ياكى پايدىلىنىدىغان باشقا بىرسىگە ئۆتۈنۈپ بېرىدۇ. يەرلەرنىڭ بىرقىسمى ھەققىدىمۇ ھۆكۈم ئوخشاش. بىر كىشى ئۆز يېرىنى ئۈچ يىل ئىشلەتمىگەن تەقدىردە يەرنىڭ ئىگىدارچىلىق ھەققى يوق بولىدۇ، دۆلەت بۇ

يەرنى ئىشلىتىدىغانلارغا بۆيرۈپ بېرىش ھوقۇقىغا ئىگە. ئەگەر يەنە بىر كىشى بىكار يەرنى ئېلىپ ئىشلەپ، ئۈچ يىل ئىشلەتمىسە بۇ يەرگە ئىگىدارچىلىق دەۋاسى قىلىش ھوقۇقى بولمايدۇ. سوتقا ئەرز قىلسىمۇ، مەھكىمە بۇ يەرنى بۇ كىشىگە بۆيرۈپ بېرىشكە مەجبۇر ئەمەس.

قانۇنلۇق ۋە گۇناھ بولمايدىغان يول بىلەن مۈلۈكچىلىككە ئىگە بولغۇچىنىڭ ھەقلىرى، شەكسىزكى ھەر زامان ھۆرمەتكە سازاۋەردۇر. ئىسلام قانۇنىدا قانۇنلۇق مۈلۈكچىلىكنىڭ بىر قانچە شەرتلىرى بولىدۇ. مۈلۈك ھاسىل قىلىش پەقەت بۇ شەرتلەرنى ئورۇنلاش بىلەن مۇمكىن بولىدۇ. قانۇنسىز يوللار بىلەن ھاسىل قىلغان مۈلۈك دۆلەت تەرىپىدىن كونترول قىلىنىدۇ.

ئىسلام مۈلۈكچىلىكنىڭ چېگرىسى ۋە قوللىنىلىشى ھەققىدە بىر قىسىم پىرىنسىپلارنى بەلگىلەيدۇ. بۇ پىرىنسىپلارنى ھەرقانداق بىر قانۇننىڭ ئىسلاھات ۋە باشقا ئىسىملار بىلەن ئۆزگەرتىش ھەققى بولمايدۇ. ئىسلامدا مۈلۈكچىلىك سىستېمىسى كاپىتالىزمغا ئوخشاش چەكسىز مۈلۈككە ئىگە بولۇش ۋە مۈلۈك يولى بىلەن باشقىلارنى ئېزىدىغان ئەركىنلىك، ياكى سوتسىيالىزمغا ئوخشاش خۇسۇسى مۈلۈكچىلىكنى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى چەكلەيدىغان قائىدە يوقتۇر. ئۇنىڭدا ئۆزىگە خاس ئىنساننىڭ ئىجتىمائىي پاراۋانلىقىنى ئەمەلىيلەشتۈرىدىغان بىر بۆلۈك پىرىنسىپلار بولۇپ، بۇ پىرىنسىپلار، تۆزۈمنىڭ تۈلۈق تەتبىقلىنىشى بىلەن بىر مەنا بېرىدۇ.

## باراۋەرلىك مەسىلىسى

كائىناتنىڭ ياراتقۇچىسى ئۇلۇغ ئاللاھ ئىنسانلارنى تەبىئىي بىر ھادىسە سۈپىتىدە باب - باراۋەر ياراتقان. ئەمما رىزقىنى بۆلۈشتە ۋە كۈچ - قۇۋۋەت جەھەتتە ئىنسانلارنى تەڭ باراۋەر قىلمىدى. ئەكسىچە، ئىنسانلارنىڭ ئۆز ئىچىدە ئوخشاش بولمىغان دەرىجىلەردە يارىتىلىشى ئۇلۇغ بىر ھېكمەت تەقەززاسىدۇر. بۇ ھەقتە ئوخشاشماسلىق ئوچۇق - ئاشكارىدۇر. بىر - بىرلىرىدىن ئايرىم سىمالارغا، ئايرىم ئاۋازلارغا، ئوخشاش بولمىغان قابىلىيەتلەرگە، ئايرىم - ئايرىم فىزىكىلىق كۈچلەرگە ئىگە بولغىنىدەك، رىزىق مەسىلىسىدىمۇ باراۋەر ئەمەس.

ئىنسانلارنى ئىنسانلىق جەھەتتىن باراۋەر ياراتقان ئاللاھ، رىزىق جەھەتتە ئىنسانلارنىڭ بىر قىسمىنى باي، يەنە بىر قىسمىنى پېقىر قىلدى. بۇ ئىجتىمائىي ھاياتتا بەك كۆپ ئەمەلىي پايدا كەلتۈرگەن بىر ھادىسىدۇر. ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتتا تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئېلىشى، پەقەتلا رىزقىنىڭ باراۋەر بولماسلىقى بىلەن مۇمكىن بولىدۇ. ئەمما ئۆزىنىڭ ئىدېئولوگىيىلىك پۈتۈنلۈكى ئىچىدە، بۇ ئىجتىمائىي باراۋەرسىزلىك ئەمەس. چۈنكى مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدە ئىجتىمائىي پاراۋانلىقنى قولغا كەلتۈرىدىغان بەك كۆپ ئامىللار بار.

ئىسلامىي جەھەتتە ئىقتىسادىي باراۋەرلىكنى

قولغا كەلتۈرۈشنى مەقسەت قىلغان باشقا تۈزۈملەرنىڭ ھېچقانداق قىممىتى يوق. چۈنكى ئىسلام رىزىق ھەققىدە مۇتلەق باراۋەرلىكنى توغرا كۆرمەيدۇ. ئەمما رىزقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن پۇرسەت باراۋەرلىكىنى قوغدايدۇ. ئىسلامنىڭ بۇ ھەقتىكى مەقسىتى كىشىلەرنىڭ قابىلىيىتى ئىچىدە رىزقىنى تەمىن قىلىشى ئۈچۈن پەيدا بولغان توسقۇنلۇقلارنىڭ يوق قىلىنىشى، بۇ ھەقتە قانۇنلۇق، ياكى ئەنئەنىۋى پۈتۈن توسقۇنلۇقلارنىڭ يوق قىلىنىشىدۇر. بۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ئىزچىل ئىلگىرىلەش پۇرسىتىگە ئىگە بولىدۇ.

بۇ ماۋزۇ، بىر بۇلۇڭ سىنىپ ياكى ئائىلىنىڭ ئىمتىيازلىق بولۇشى دەپ قارايدىغانلارنىڭ ئىسلامدا ھېچقانداق قىممىتى يوقلۇقىغا ئوخشايدۇ. ئىقتىسادىي ساھەدە مۇتلەق باراۋۋەرلىك تەلەپ قىلغانلار، يۇقىرى تەبىقە ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلغانلارغا ئوخشاش باتىل دەۋانىڭ ئارقىسىدا بولغان بولىدۇ. چۈنكى بۇ ھەر ئىككى خىل قاراش توغرا بولمىغان قاراشتۇر.

ئىسلام بولسا، ھەر بىر شەخسكە كۈچىنىڭ يېتىشىچە ئىمكانىيەت بېرىدۇ ۋە رىزقىنى تەمىن قىلىش ئۈچۈن مۇمكىن بولغان يوللارنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولمىغاندا خەلق ئىچىدە ئىقتىسادىي ساھەدە، مەجبۇرى ياكى سۈنئىي شەكىلدە باراۋەرلىك تەسىس قىلىشقا ئۇرۇنۇشقا يول قويمايدۇ، ئەكسىچە بۇنىڭغا قارشى چىقىدۇ. چۈنكى بۇ كىشىلەر ئىنسانلارنىڭ تەبىئىي باراۋەرلىكىنى، ئىقتىسادىي باراۋەرلىكى ئۈچۈن قۇربان قىلىشنى خالىمايدۇ.

ئەڭ تەبىئىي بولغان تۈزۈم، شۈبھىسىزكى ئوخشاش بولمىغان قابىلىيەت، كۈچ - قۇۋۋىتى بولغان ھەر بىر ئىنسانغا باراۋەرلىك پۇرسىتى تونۇيدۇ، ئۆز كۈچى بىلەن ئايروپىلان ئېلىپ ئۇنىڭ بىلەن ساياھەت قىلماقچى بولغان كىشى شۇنداق قىلالايدۇ. بونىڭغا كۈچى يەتمىسە ماشىنا ئالىدۇ ياكى پىيادە ماڭىدۇ. ئەمما پىيادە ماڭغانلارنىڭ ئايروپىلان ئالالمايدىغانلىقىغا، ئايروپىلان ئىگىسىنىڭ ئايروپى-لاندىن ئايرىلىپ قالمايدىغانلىقىغا ھېچقانداق كاپالەتلىك يوقتۇر. تىرىشقان كىشى ھەرزامان يۈكسىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە. بۇ ھەقتە ئادىل تۈزۈم، ھەر ئىككىسىگە بۇ ئىمكانىيەتنى تەمىن قىلغان تۈزۈمدۇ. ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي پاراۋانلىقىنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولغان كىشىگە، بىر بۇلۇڭ قانۇنلۇق تۈزۈملەرنى قويۇش، شۈبھىسىزكى ئۇ باراۋەرلىك پائالىيىتى بولمايدۇ.

## ئىجتىمائىي ئادالەت

ئىسلام جەمئىيەتتە كىشىلەرگە پۇرسەت باراۋەرلىكى تونىغانىنىڭ سىرتىدا، ئىجتىمائىي ئادالەت پىرىنسىپلىرىنىمۇ بىللە ئېلىپ كېلىدۇ. جەمئىيەتتە بىر بۇلۇڭ مۇئەسسەسەلەر ۋاستىسى بىلەن ئىنسانلارنىڭ بىر - بىرى بىلەن ياردەملىشىش ۋە ھەمكارلىشىشنى نەزەرگە ئالىدۇ. موھتاج كىشىلەر ئۈچۈن بىر بۇلۇڭ ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنى قۇرۇپ، ھاياتنى قامدىيالمايدىغانلار ئۈچۈنمۇ دۆلەت قولى بىلەن بىر بۇلۇڭ ياردەم ۋە ئىمكانلارنى ھازىرلايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



زاكات مۇشۇ مۇئەسسەسەلەرنىڭ بېرىدۇر. بۇ ۋەزىپىگە ئاساسەن پۇلدارلار ئىقتىسادىنىڭ 2.5 % نى زاكاتقا ئايرىپ دۆلەتكە تاپشۇرىدۇ. شۇنىڭدەك، يەردىن چىققان مەھسۇلاتتىنمۇ زېمىنلارنىڭ سۇغىرىلىشى ئۈچۈن 10 %، 5 % زاكات ئېلىنىدۇ (بۇلار پەقەت ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ ھەققى بولۇپ، مۇسۇلمان بولمىغان دۆلەتلەرنىڭ مۇسۇلمان پۇقرالاردىن زاكات ئېلىش ھەققى بولمايدۇ ـ تەرجىماندىن). قېزىۋېلىنغان مەدەنلەردىن 20 %، ھايۋانلاردىن بولسا، سانىغا قاراپ ئوخشاش بولمىغان نىسبەتتە زاكاتلىرى ئېلىنىدۇر.

بۇ كىرىملەرنىڭ تارقىتىلىدىغان مەخسۇس ئورۇنلىرى بولۇپ، بۇ كىرىملەر، پېقىر، مىسكىن، يولدا قالغانلار، مۇجاھىدلار، ئوقۇغۇچىلار، ئاللاھ يولىدا خىزمەت قىلغانلار قاتارلىقلارغا بىۋاستە بېرىلىدۇ. بۇنداق تەشكىلاتلار ۋاستىسى بىلەن بايلارنىڭ ماللىرىدىن ئېلىنغان پىرسەنتلەر، خەلقنىڭ يوقسۇللىرىغا ھاياتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن تارقىتىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىر گۇرۇپپىنىڭ يەنە بىر گۇرۇپپىنى ئېزىشى مۇمكىن بولمايدۇ.

ئىسلامدا توغرا يولدىن مېڭىپ، ھالال يولدىن بايلىق توپلىغان كىشىنىڭ ئىقتىسادى قوغدىلىدۇ. مەسىلەن: يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئۆلۈك زېمىننى تىرىلدۈرۈپ، ئۇنىڭغا ئىگە بولغان كىشىنىڭ بۇيەردىن بايلىق ھاسىل قىلىش ھوقۇقى بولىدۇ. ئەنە خۇسۇسى مۈلۈكچىلىك مۇشۇ يەردىن باشلىنىدۇ. تۇنجى ئىنسان يەر يۈزىنى ئاۋاتلاشتۇرۇشقا باشلىغاندىمۇ ئەھۋال مۇشۇنداق ئىدى. كىشىلەردە توغرا يول بىلەن قولغا كەلتۈرگەن بايلىقنى كۆپەيتىشكە ۋە ئۇنى توغرا يولغا سەرپ قىلىشقا قارار قىلىش ھوقۇقى بولىدۇ، بۇنىڭغا تامامەن ھەقلىق. دۆلەتنىڭ بۇ ھەقتىكى ۋەزىپىسىمۇ بۇنىڭ سۇيىئىستېمال قىلىنىشىنى توسۇش، قانۇنلۇق بولۇشىنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە بۇنىڭغا بولىدىغان تاجاۋۇزچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە يوق قىلىشتۇر.

تەبىئىي بولغان مۇنداق بىر ھەرىكەتنىڭ قوغدىلىشى ۋە راۋاجلاندۇرۇلۇشى لازىم. چۈنكى بۇنداق پايدىلىق شارائىت ھەم جەمئىيەت ئىقتىسادىنىڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ ھەم جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي پاراۋانلىقىنى راۋاجلاندۇرىدۇ. بۇنداق غەيرەتكە توسقۇنلۇق قىلىدىغان، ئىنساننىڭ قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈشنى چەكلىگەن تۈزۈملەرنىڭ ئىقتىسادىي ساھەدە مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىشى مۇمكىن بولامدۇ؟ ئىنسان قابىلىيەتلىرىنىڭ ۋە غەيرەتلىرىنىڭ ئىجتىمائىي باراۋەرلىك شوئارى بىلەن پائالىيەتچانلىقىنى يوقىتىپ، ئىنساننىڭ غەيرىتىنىڭ توسقۇنلۇققا ئۇچرىشى، شۈبھىسىزكى، ئىنساننىڭ يۈكسىلىشىگە سەلبىي تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئىنساننىڭ سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ھۆررىيىتىنىڭ قوغدىلىشى قانداق مۇھىم ۋە لازىم بولسا، ئىقتىسادىي ھۆرلۈكىنىڭمۇ شۇ دەرىجىدە قوغدىلىشى شۇنداق لازىمدۇر.

ئىنسان قابىلىيەتلىرىنى يوق قىلغان ھەرقانداق تۈزۈم تەبىئىي قانۇنىيەت بىلەن بىرلىشەلمەيدۇ ۋە رەت قىلىنىشى لازىم بولىدۇ. بايلىق قانچىلىك كۆپ بولسا بولسۇن، ئىنسان بۇنىڭدىن يەنى ئالغان پايدىسىدىن خۇشاللىق بىلەن پايدىلىنالماي، بېرىلگەنگە قانائەت قىلىدىغان بولسا، بۇ ئەھۋال

ھېچكىمنى مەمنۇن قىلمايدۇ. قورسىقى تويسا ھەتتا سەمرىپ كەتسىمۇ، باشقىلار يەنى ياتلار قولىغا ئۆتۈپ كەتكەن ئۆز ھەققى ئىنسانغا بىزارلىق ۋە ھەرىكەتسىزلىك چۈشەنچىسى بېرىدۇ.

ئىسلام مۇنداق بىر تۈزۈمنى رەت قىلغىنىدەك، تىزگىنىنى پۈتۈنلەي ئەركىن قويۇۋەتكەن تۈزۈمنىمۇ قوبۇل قىلمايدۇ. كىشىلەرگە ھاۋايى - ھەۋەسلىرىنىڭ يول كۆرسىتىشى، ئاچكۆزلۈك ھىرسىنى تېخىمۇ ئۇلغايتىدۇ. بۇنىڭغا ئوخشاش بىر تۈزۈممۇ شۈبھىسىزكى، نەتىجىدە باشقىلارنىڭ قېنىنى شوراشقا يول ئاچىدۇ، بۇ ھالەت جەمئىيەتكە زىيانلىق بىر مۇھىت يارىتىدۇ.

## توسقۇنلۇقلار ۋە مەسئۇلىيەتلىك

ئىسلام بۇ ئىككى قارىمۇ قارشىلىق تۈزۈم ئۆتتۈرىسىدا ئوتتۇرا يولنى تاللىغان. جەمئىيەت مەنپەئىتىنى ساقلاش ئۈچۈن، ئاۋۋال شەخسلەرگە بىر بۆلۈك مەجبۇرىيەتلەرنى يۈكلەيدۇ. كېيىن مەلۇم چېگرا ئىچىدە كىشىلەرنى ئەركىن قويۇپ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن يول ئاچىدۇ. بۇنىڭ بىلەن كىشىلەر قانۇنلۇق ئۆلچەملەر دائىرىسىدە ھەم جەمئىيەتنىڭ ھەم ئۆزىنىڭ پاراۋانلىقى ئۈچۈن قابىلىيىتىنى كۆرسىتىدۇ، غەيرەت قىلىدۇ، مەنپەئەت ئالىدۇ، پايدا ئالىدۇ.

بۇ يەردە خۇسۇسى مەسئۇللۇقلارنى بىر - بىرلەپ ساناپ ئۆتۈشكە ھاجەت يوق. ئەمما قىسقىچە قىلىپ بىر قىسمىنى ساناپ ئۆتىمىز. ئاۋۋال رىزقنى قولغا كەلتۈرۈش باسقۇچىدىن باشلايمىز.

ئىسلام رىزقنى قولغا كەلتۈرۈش يولىغا بەك ئەھمىيەت بېرىدۇ.

ھالال ۋە ھارام ئۆتتۈرىسىدىكى پەرققە، باشقا يېڭى قانۇنلارنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشىدىن بەكرەك ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئىسلام باشلانغۇچتا كىشىلەرگە ۋە جەمئىيەتكە كېلىشى مۇمكىن بولغان خەتەرلەرنىڭ ئالدىنى توسىدۇ. بونىڭغا ئالاقىدار يوللارنى بىر تەرەپ قىلىدۇ.

بۇ ھەقتە ئىسلام ھاراقنى، ھەرخىل ئالكول ماددىسىنى (مەس قىلىدىغان ھەرقانداق نەرسىنى) ئېلىپ - سېتىشنى، ئازغۇنلۇقنى، زىنانى، تانسا ئويناشنى، ئېچىلىپ بەتبەشىرە بولۇشنى (ئاياللارنىڭ بۈگۈنكىدەك ئېچىلىپ كوچىلاردا رەسۋالارچە يۈرۈشىنى دېمەكچى - ت) قىمارنى، باشقا ئۆتۈپ - ئۆتتۈرىدىغان ئويۇنلارنى، جازانىنى، ئالدامچىلىقنى، ئېلىم - سېتىمدا ئالداشنى، بازارنى مونوپول قىلىۋېلىشنى (ئېھتىكار) ... بۇنىڭغا ئوخشاش ھەرخىل يامانلىقنى ھارام قىلىدۇ. ئىسلام ئىقتىساد پىرىنسىپلىرىنى بۇ تەرەپتىن تەتقىق قىلغاندا ئادەمنىڭ دىققىتىنى قوزغايدىغان نۇرغۇن ئىشلار ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. چۈنكى بو مەنئى قىلىنغان نەرسىلەر بىلەن ھارام پايدا ۋە جەمئىيەتنى يامان يولغا ئېلىپ بارىدىغان پۈتۈن يوللارغا بىر سېپىل سوقۇلغان.

ئەجەبا كاپىتالىستلىك دۆلەتلەردە بارماق بىلەن سانىغۇدەك ئازساندىكى بايلار قايسى يول بىلەن بۇ قەدەر بايلىق توپلايدۇ؟

ئەلۋەتتە كۆپ ۋاقىتىدا جەمئىيەتنىڭ بۇزۇلۇشىغا يول ئاچىدىغان يامان ئىشلار، قىمار،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئېھتىكار، زەھەرلىك چېكىملىك، ئالكول ماددىلىرى تىجارىتى ۋە باشقا يامان يوللار بىلەن... بۇلارنىڭ ئالدىغا سېپىل سوقۇلغاندىن كېيىن، تىجارەت ئەربابىنىڭ سىپېكىلاسىيونلۇق (پۇرسەتپەرەسلىك) پايدا قولغا كەلتۈرۈشىمۇ توسقۇنلۇققا ئۇچرايدۇ. كىشىلەر بۇندىن كېيىن ھەق ۋە ئادالەت ئۆلچەملىرى ئىچىدە دۇرۇس تىجارەت يولىغا قاراپ ماڭىدۇ. بۇنىڭ بىلەن دۇرۇس، ھالال يول بىلەن قولغا كەلگەن بايلىق ئىسلامدا ھالالدۇر.

كىشىلەر بايلىق توپلىغاندىن كېيىن بۇنى قانداق چىقىم قىلىدۇ؟ ئىسلام بۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بەزى پايدىلىق ئاساسلارنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ ئاساسلار سايەسىدە بايلىقنى جەمئىيەتنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن قوللىنىشنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇ ماللارنى ھارام يوللارغا چىقىم قىلىش ھەققى بولمايدۇ. بۇ يۈزدىن بىر چەكلىمە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ ۋە پۇلنىڭ جەمئىيەت مەنپەئەتى ئۈچۈن قوللىنىلىشى تەلەپ قىلىنىدۇ. مال ئىگىسى زاكىتىنى، سەدىقىسىنى بېرىدۇ. جەمئىيەتنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن ئېھتىياجىدىن ئارتۇقىنى يەنە پاي سالىدۇ. بۇمۇ ھالالدۇ. بۇ پايلارنى پۇل ئىگىسى شەخسەن ئۆزى ئىشلىتىدۇ ياكى شېرىكلىرى ئىشلىتىدۇ. ھەر ئىككىسىنىڭ جەمئىيەت پايدىسى ئۈچۈن بولۇشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، بۇ پائالىيەتلەردىمۇ شېرىكلەر يۇقىرىدا سۆزلەنگەن ئاساسلار دائىرىسى ئىچىدە ھەرىكەت قىلىدۇ. ئەگەر كىشىلەر ئادالەت ۋە پەزىلەت يولىدا ھەرىكەت قىلماي، ئېزىپ كېتىدىغان بولسا، ئۇ ۋاقىتتا دۆلەت كۈچلىرى ئۇنىڭ ئالدىنى توسىدۇ. نەتىجىدە، قانۇنلۇق يوللار دائىرىسى ئىچىدە قولغا كەلگەن بايلىقنى پاي ئۈچۈن ئىشلەتمەي بېسىپ يېتىۋالسا قانداق بولىدۇ؟ بۇنداق ئەھۋالدا كىشىلەرنىڭ بايلىقى چىقىم، زاكات ۋە باج يولى بىلەن ئازلاپ بارىدۇ. قولدىن قولغا ئۆتىدۇ، نەتىجىدە مىراس يولى بىلەن يېڭى ئىگىلىرىنى تاپىدۇ.

باشقا قانۇن ـ تۈزۈملەر، ئۆلۈپ كەتكەن كىشىنىڭ ئىقتىسادىنىڭ بىر ياكى ئىككى كىشىنىڭ قولىدا بولۇشىنى، بۇنىڭ بىلەن تارقالماي مالنىڭ ئائىلە ئىچىدە بىر كۈچ بولۇپ تۇرۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئىسلام مىراس قانۇن ـ تۈزۈمى بۇ ھەقتە باشقا تۈزۈملەردىن ئايرىلىپ تۇرىدىغان ۋە تۇغقانلارنىڭ ھەر بىرىگە مەلۇم مىقداردا نەسىۋە بېرىپ، ئىقتىساتنىڭ تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە پايدىلىق بولۇشىنى مەقسەت قىلىدۇ. مىراسخورى بولمىغان كىشىنىڭ مىراسى دۆلەت خەزىنىسىگە قالىدۇ (ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ خەزىنىسىگە قالىدۇ، مۇسۇلمانىنىڭ پۇلى كاپىرلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كېتىشكە بولمايدۇ. ئەگەر ئىسلام دۆلىتى بولمىسا ئىسلام پوندى جەمئىيىتى تەرىپىدىن مۇسۇلمانلارنىڭ پايدىسى ئۈچۈن سەرپ قىلىنىدۇ ـ ت). بۇنىڭ بىلەن يەنە جەمئىيەتكە تاپشۇرۇلغان بولىدۇ.

بۇ پرىنسىپلار بىلەن ئىسلام بايلىق توپلاشقا ئەھمىيەت بەرمەكتە، بۇنىڭ بىلەن پەقەت جەمئىيەت ئۈچۈن ئەڭ پايدىلىق شەكىلدە قوللىنىلىشنى تەمىن قىلماقتا. ■

پەيغەمبەر مۇئەززىنى بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

ئابدۇلھەمىد جۇدە سەھھار



# ئىمان ۋە مۇھەببەتكە تولغان بىر ھېكايە

تۈركچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: مۇنەۋۋەر نىياز ئۇيغۇرى

بېشى ئالدىنقىساندا

## تەلپۈنۈش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرى مەدىنىگە يېتىپ كەلگەن كۈنلەردە مەدىنىدە كېزىك كېسەللىكى پەيدا بولۇپ، تېزلىكتە تارقىلىشقا باشلىغان ئىدى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە خېلى كۆپ ساندىكى ساھابىلەر بۇ كېسەلگە يولۇققان ئىدى.

بىر كۈنى خۇپتەن نامىزى ئوقۇلۇپ بولۇنغاندىن كېيىن، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن ئۆيىدىن چىققان بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇدۇل ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۇنىڭ قېشىدا ئولتۇردى. ئۇ يولۇققان بۇ كېسەلنىڭ ئۇنىڭغا سالغان دەردىنى بىردەم بولسىمۇ ئۇنىڭ ئېسىدىن چىقىرىش ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىشقا باشلىدى. كېچىنىڭ يېرىمىمۇ ئۆتتى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كۆزى ئۇيقۇغا كەتتى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئاۋاز چىقارماستىن ئۆينىڭ ھويلىسىغا چىقتى. ئۇ بىرئاز دەم ئېلىۋېلىش ئۈچۈن ياتتى. ئۇيقۇ نازۇك بارماقلىرى بىلەن ئۇنىڭ كۆز قاپاقلىرىنى ياپتى ۋە ئۇنى جىمجىت ئۇيقۇ قوينىغا باشلىدى.

ئىككىنچى كۈنى تاڭ ئاتتى. قۇياش ئۆز نۇرلىرى بىلەن كائىناتنى يورۇتتى. ھېچبىر نەرسىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھېس قىلماستىن ياتقان يېرىدە ئۇخلاۋاتقان بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يۈزلىرىنى يۇمشاققىنە سىلىدى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئوڭ ـ سولغا ئۆرۈلۈپ ياتتى، ئاندىن كېيىن كۆزلىرىنى ئاچتى ـ دە، كۈننىڭ چىققانلىقىنى كۆردى. ئۇ قاتتىق بىر ساراسىمىگە چۈشتى. كۈن چىقىپ بولغان، ئەمما ئۇ بولسا بامدات نامىزىنى تېخى ئوقۇمىغان ئىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇردى. بېشىدا بىر ئېغىر نەرسە باردەك، مۇسكۇللىرى بوشاپ كەتكەندەك بولۇپ، ماغدۇرسىزلىقتىن ھەتتا پۇتۇن بەدىنى ئۇرۇپ ـ چېقىلغاندەك بىر ھالنى ھېس قىلدى. ئۇ ئالدى تەرەپكە قارىدى. ئۇنىڭغا ھەممە يەر ئايلىنىۋاتقاندەك بىلىندى. پۇتلىرى ئۇنى ئۆرە تۇتۇپ تۇرالمايۋاتاتتى. بىرئازدىن كېيىن ئۇ ئورنىدا ئۆرە تۇرالماي تۇرغان يېرىگىلا يىقىلىپ چۈشتى. ئۇ قولىنى بېشىغا ئېلىپ باردى ۋە يۈزلىرىنى سىلاپ كۆردى. پۇتۇن بەدىنىنىڭ ئوتتەك قىزىپ كەتكىنىنى ھېس قىلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ كېزىك كېسىلىگە گىرىپتار بولغىنىنى چۈشەندى. ئۆي ئىچىدىكىلەرنى چاقىرماقچى بولدى. خۇددى كۆزلىرى پەردە بىلەن توسۇلۇپ قالغاندەك بولۇپ بېشى قاتتىق ئاغرىۋاتاتتى. قولىنى يەرگە ئۇزاتتى. بېشىنى بىلىكى ئۈستىگە قويدى ـ دە، شۇ پېتى ھوشسىز يېتىپ قالدى.

بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كېسىلى تېخى ساقايمىغان ئىدى. كۈنلەر ئۆتىۋاتاتتى. ئائىشە دائىملىق ئادىتى بويىچە ئۇلارنى زىيارەت قىلىپ تۇراتتى. ئۇ بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ياتقان يېرىدە كۆرۈپ ئۇنىڭدىن ھال ـ ئەھۋال سورىدى ۋە ئۇنىڭغا قاراپ: قانداقراق تۇرۇۋاتىسەن، ئى بىلال؟ دەپ ئەھۋال سورىدى.

بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كۆزلىرىنى ئاستا ئاچماقچى بولدى، ئەمما يەنە يۇمۇلۇپ قالدى. ئۇ كۆزلىرىنى ئاچالمايۋاتاتتى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ سۆزىگە جاۋابمۇ بېرەلمىدى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ ئۆي ئىچىگە كىردى. ئاتىسىنى كۆرگىنىچە:

ـ سېنىڭ ئەھۋالىڭ قانداقراق ئى ئاتا؟ دېدى.

ئەبۇ بەكرىرەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ئائىلىسىدە بولسىمۇ گەر ھەر كىشى ئاخشام سەھەر،
ماڭلاي چاچتىنمۇ يېقىندۇر ئۇنىڭغا ئۆلۈم ـ قەدەر.

دەپ بېيىت شەكلىدە جاۋاب بەردى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەككىنى، مەككىدىكى كۈنلىرىنى ئەسلەيتتى. ئۇنىڭ مەككىگە بولغان سېغىنىشى بارغانچە ئارتىپ باراتتى... ئائىشە بېشىنى ئېگىپ ئاتىسىغا يېقىنلاشتى ۋە: بۇ كېزىك كېسىلى، شۈبھىسىزكى كېزىك كېسىلى دېدى ئاستا ئاۋازدا.

بۇ ئارىلىقتا بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزىنى كېسىلىدىن بىرئاز ياخشىلانغاندەك ھېس قىلىپ ھېس ـ تۇيغۇلىرى جانلىنىشقا باشلىغانىدى. ئۇنىڭ خىياللىرى قانات چىقىرىپ، ئۇنى مەككىدىن مەدىنىگە، ياكى مەدىنىدىكى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ تۇرالغۇسىدىن مەككىدىكى بەنى جۇمۇھ مەھەللىسىگە، يەنى ھىجرەت قىلىشتىن بۇرۇنقى سۆيۈملۈك يۇرتىغا ئېلىپ كەتتى. ئۇ، كۆكۈل قۇشىنىڭ مەككىنىڭ ئاسمانلىرىدا پەرۋاز قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇ قۇش مەككىنىڭ

كوچىلىرىدا ئايلىناتتى، مۇقەددەس كەئبىنى زىيارەت قىلاتتى، يوللاردا قەدەم - قەدەم ئىلگىرىلەيتتى. ئۇ ۋەتەن تۇپرىقىنى ۋە ئۇنىڭ هاۋاسىنى سېغىنغانىدى. ئۇ ياتقىنىچە ئاسمانغا قارىدى ۋە: شۇبھىسىزكى مەككىنىڭ ئاسمىنى بۇ يەرنىڭ ئاسمىنىدىنمۇ سۈزۈك، بۇ يەرنىڭ ئاسمىنىدىنمۇ چىرايلىق، دەپ پىچىرلىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى كۆزى يەتكەن يەرگىچە قارايتتى، ئۇھ تارتاتتى، بىلىنەر - بىلىنمەس ئاۋازدا: مەككىنىڭ هاۋاسى بۇ يەرنىڭ هاۋاسىدىن مۇتلەق هالدا پاكىز، دېدى. ئۇنىڭ يۈرىكىدىكى مەھبۇبى، يەنى سۆيۈملۈك مەككىنىڭ سىماسى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا جانلىنىشقا باشلىغان ئىدى. ئۇ ئۆزىنى مەككىدە كىچىك بىر بالا چېغىدىكى ئويۇن ئويناۋاتقان هالىتىدە كۆردى. ئۇ بالىلىقتىكى دوستلىرىنى ئەسلىدى. تىجارەتكە چىقىش ئۈچۈن تەييارلانغان ياشلىق مەزگىللىرىنى، ئاندىن كېيىن تىجارەتتىن مەككىگە قايتىشلىرىنى ئەسلىدى. ئۇنىڭ يۈرىكى مەككىنى ۋە ئائىلىسىنى ئەسلەش، سېغىنىش هېسسىياتى بىلەن تولۇپ تاشقانىدى. مەككىنىڭ سىماسى ئۇنى بەنى جۇمۇھ مەھەللىسىدە ياشلار ئارىسىدا ياشىغان كۈنلەرگە ئېلىپ كەتتى.

ئۇ، ناخشا ئېيتاتتى. ياشلارنىڭ كۆڭلى ئۇنىڭ ناخشىلىرى بىلەن مەستخۇش بولۇپ كېتىشكەندى. ئۇنىڭ كۆڭلى يۇرتىغا بولغان مۇھەببىتى ۋە تەلپۈنۈشى بىلەن تولۇپ تاشقانىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان بولغان كۈنلىرىنى، بېشىغا كەلگەن زۇلۇم ۋە ئازابلارنى ئەسلىدى. ئۇنىڭ ئېسىگە كەلگەن بۇ قاپقاراڭغۇ مەنزىرىلەرمۇ ئۇنىڭ يۇرتىغا بولغان سېغىنىش، تەلپۈنۈشىنىڭ ئوتلىرىنى ئۆچۈرەلمەيلا قالماستىن، ئەكسىچە ئۇ ئوتنى تېخىمۇ بەكرەك لاۋۇلداتماقتا ئىدى. راستىنى ئېيتقاندا ئۇ مەككىنى سېغىنغان، ئۇنىڭ سېغىنىشى ئۇنىڭ مەنۋىيىتىنى قورشاپ، ئۇنىڭ خىياللىرىغا هاكىم بولىۋالغان ئىدى. بۇ سېغىنىش هېسسىياتى ئۇنىڭ قەلبلىرىنى زىلزىلىگە سېلىپ ئۇنى بارغانسېرى كۈچلەندۈرىۋاتاتتى. ئۇنىڭ سېغىنىشى شۇ دەرىجىگە بارغانكى، ئۇ سېغىنىش تۇيغۇسىنى ئۆزىدىن قىلچە نېرى قىلالمايۋاتاتتى. ئۇنى يوشۇرۇپ قېلىشقا ئامالسىز قېلىۋاتاتتى. ئۇ ئۆزىگە تۆۋەندىكى مىسرالار بىلەن تەسەللى تېپىشقا ئۇرۇناتتى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئاۋازى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى:

ئاھ،مەنى بىلسەڭ،
ۋادىلىرىدا ھېچ تۈنەرمەنمۇ مەن.
ئەتراپى ئىزخىر، گۈل- چىمەنلەر ئارىسىدا،
بارارمەنمۇ ئاشۇ مۇبارەك سۇلار بېشىغا.
يۈرەلەرمەنمۇ سامە، تافىل تاغلىرى باغرىدا.

بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئاۋازى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ قۇلىقىغىمۇ ئاڭلانغان ئىدى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بېشىنى ئەگدى، ئۇنىڭ ئەندىشىسى ئاشقانىدى. بۇ ئىسسىتمىنىڭ

www.uyghurkitap.com

تەسىردىنمۇ ياكى سىېغىنىش تۇيغۇلىرىنىڭ ئاخىرلىشىشىمىدۇر؟ بۇ كىشىلەرگە نېمە بولۇۋاتىدۇ ئەمدى، مەككىنى شۇنچىلىك سېغىنىپ كېتىپتۇكى... دەپ پىچىرلىدى ئۇ. ئاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇ يەردىن ئايرىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆيگە كەلگەندە كۆرگەنلىرىنى ۋە ئاڭلىغانلىرىنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

«ئى ئاللاھ! بىزگە مەككىنى ياخشى كۆرسەتكىنىڭدەك مەدىنىنىمۇ ياخشى كۆرسەت» دەپ دۇئا قىلدى.

**ئاللاھۇ ئەكبەر... ئاللاھۇ ئەكبەر...**

يەنە بىر كېچە ئاخىرلىشىش ئالدىدا تۇراتتى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئورنىدىن تۇردى، تاھارەت ئالدى ۋە سۇبھىنىڭ كۆتۈرۈلۈشىنى ساقلاشقا باشلىدى. سۇبھىنىڭ كۆتۈرۈلۈشى بىلەن مەسجىدكە قاراپ ماڭدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن خېلى كۆپ مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇ يەردە ناماز ۋاقتىنى ساقلاۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئاندىن كېيىن ئۇلار بامدات نامىزىنى ئوقۇدى. نامازدىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئولتۇردى. مۇسۇلمانلار ئۇنىڭ ئەتراپىغا يىغىلىپ ئولتۇرۇشتى. ئۇنىڭ ئارقىدىن كېلىپ ناماز ئوقۇغان يەنە بىر گۇرۇپپا كىشىلەر كېلىپ ئولتۇردى. ئۇلاردىن بىرسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا:

- ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! سەھەر ۋاقتى بولدى، بىزنى بۇ يەرگە توپلىشىڭىزنىڭ مەقسىتى نېمە؟ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئويلانغان قىياپەتتە يەرگە قاراپ ئولتۇراتتى. ئەتراپىتىكىلەردىن باشقا بىرى:

- كۆپىنچە ۋاقىتتا جامائەت نامىزىنى جامائەت بىلەن ئوقۇشقا ئۈلگۈرەلمەيۋاتىمىز. بەزى ۋاقىتتا نامازغا كېچىكىپ قالماسلىق ئۈچۈن ئىشلىرىمىزنى تاشلاپ كېلىپ مەسجىدتە نامازنى ساقلاپ ئۇزۇن ئولتۇرۇپ كېتىمىز، راستىنى ئېيتقاندا بىزنىڭ ناماز ۋاقتىنى بىلدۈرىدىغان بىرەر نەرسىگە ئېھتىياجىمىز باركەن، دېدى. يەنە بىرسى سۆزگە قوشۇلۇپ:

- ناماز ۋاقتى كىرىشى بىلەن بايراق ئاسايلى، كىشىلەر ئۇنى كۆرگەن هامان بىر - بىرلىرىگە خەۋەر بېرىشسۇن، دېدى. بۇ تەكلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆڭلىگە ياقمىدى. باشقا بىرى:

- ئېگىزرەك بىر يەردە ئوت ياقساق، ھەممە ئادەم ئۇنى كۆرەلەيدۇ ۋە ناماز ئۈچۈن كېلىدۇ، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«بۇ مەجۇسىلارغا ئائىت ئادەتلەردىندۇر» دەپ ئۇ تەكلىپنىمۇ قوبۇل قىلمىدى. ئۈچىنچى بىرى:

- بۇرغا چالساق قانداق بولار؟ دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- «بۇ يەھۇدىيلارنىڭ ئادەتلىرىدىندۇر» دەپ ئۇنىمۇ ياقتۇرمىدى. تۆتىنچى بىرى:

- داڭ ئۇرايلى، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- «بۇ خىرىستىيانلارنىڭ ئادەتلىرىدىندۇر» دېدى.

مۇسۇلمانلار بۇ ھەقتە خېلى ئۇزۇنغىچە دە - تالاش قىلىشتى. ئاخىرىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام گەرچە بەك رازى بولۇپ كەتمىسىمۇ بۇنىڭغا بىر چارە تاپتى. مۇسۇلمانلارنى نامازغا چاقىرىش ئۈچۈن داڭ ئۇرۇشقا ماقۇل بولدى. بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسجىدتە ئولتۇرغاندا ئابدۇللاھ ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خۇشال بىر كەيپىياتتا

كىرىپ كەلدى. ئۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بېرىپ:

ـ ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! بۇ كېچە مەن چالا ئويغاق ھالەتتە ياتقان ئىدىم، خىيالىمدا ئۈستىگە يېشىل كىيىملەرنى كىيگەن، قولىدا بىر داڭ كۆتۈرىۋالغان بىر ئادەم ماڭا يېقىنلاشتى. ئۇنىڭغا مەن:

ـ ئى ئاللاھنىڭ قۇلى! بۇ داڭنى ماڭا سېتىپ بېرەمسەن؟ دېدىم. ئۇ: بۇنى نېمە قىلىسەن؟ دەپ سورىدى. مەن: ئۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلارنى نامازغا چاقىرىمىز، دېدىم. مەن ساڭا بۇنىڭدىنمۇ ياخشى بىر نەرسىنى ئۆگىتىپ قويايمۇ؟ دېدى. مەن: ئۇ نېمە؟ دېدىم. ئۇ ماڭا:

ئاللاھۇ ئەكبەر! ئاللاھۇ ئەكبەر!
ئاللاھۇ ئەكبەر! ئاللاھۇ ئەكبەر!

ئەشھەدۇ ئەن لا ئىلاھە ئىللەللاھ!
ئەشھەدۇ ئەن لا ئىلاھە ئىللەللاھ!

ئەشھەدۇ ئەننە مۇھەممەدەن رەسۇلۇللاھ
ئەشھەدۇ ئەننە مۇھەممەدەن رەسۇلۇللاھ

ھەييە ئەلەس سالاھ!
ھەييە ئەلەس سالاھ!

ھەييە ئەلەل فەلاھ!
ھەييە ئەلال فەلاھ!

ئاللاھۇ ئەكبەر! ئاللاھۇ ئەكبەر!
لا ئىلاھە ئىللەللاھ» دېگەنلەرنى ئۆگەتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ چۈشىنى ئاڭلىدى. يۈزىدە بىر مەمنۇنىيەت ئالامىتى كۆرۈندى. كۆڭلىدە بىر راھەتلىك تۇيغۇسى پەيدا بولدى. ئاخىرىدا مۇسۇلمانلار باشقىلارنى دورىماستىن، باشقىلارغا ئوخشاتماستىن، باشقىلارغا تەقلىد قىلماستىن، داڭ ئاۋازلىرى ئارىلىششى سەۋەبىدىن ئىشلىرىنىڭ قالايمىقان بولۇشىدىن قورقمىغان ھالدا ناماز ۋاقتىدىن بىر ـ بىرىگە خەۋەر بەرگىدەك بىر چارىگە ئېرىشكەندى. ئەزان ئۇلارنىڭ نەمۇنىسى بولاتتى. ئەمما پەقەتلا ئۇلارنىڭ... داڭ بولسا قايسىلا تەرەپتىن ئېلىپ ئېيتقاندا خرىستىيانلارنىڭ نەمۇنىسى ئىدى. مۇسۇلمانلار ئۇلارغا قەتئىي ئوخشىماسلىقى كېرەك ئىدى... پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا:

ـ «مەن بۇنىڭ ھەق چۈش بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن، سەن بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا بارغىن، چۈشۈڭدە كۆرگىنىڭنى ئۇنىڭغا ئۆگەتكىن، چۈنكى ئۇنىڭ ئاۋازى سېنىڭكىدىن ياڭراق ۋە يېقىملىق» دېدى.

بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كىشىلەرنى نامازغا چاقىرغان يېقىملىق ئاۋازى كۆتۈرۈلۈپ مەدىنىنىڭ ئاسمانلىرىدا ئاجايىپ يېقىملىق بىر ئاھاڭدا ئەتراپقا تارقىلىشقا باشلىدى. ئاڭلانغان يەرلەردىكى كىشىلەرنىڭ قۇلاقلىرىغا كىرىپ دىللىرىنى تىترەتتى. مەدىنىلىك كىشىلەر ئەزاننىڭ مەستخۇشلۇقىدا ئۆيلىرىدىن چىقىشتى. ئۇلار بۇ يېڭى ۋەقەلىكنىڭ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن مەسجىدكە قاراپ يۈگۈرۈشتى. بۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بولبۇلدەك يېقىملىق ئاۋازنىڭ ئىگىسى كىمدۇر؟

بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئاۋازىنى ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ ئاڭلىغان ئىدى. بۇ چاغدا ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆيىدە ياتاتتى. ئورنىدىن تۇرۇپ دىققەت بىلەن بۇ ئەزانغا قۇلاق سالدى: مەن نېمىلەرنى ئاڭلاۋاتىمەن - ھە؟ مەن ئويغاقمۇ ياكى ئۇيقۇ ئىچىدىمۇ؟ شۇ تاپتا ئاڭلىغانلىرىمنىڭ چۈشۈمدە كۆرگەنلىرىمنىڭ دەل ئۆزى ئىكەنلىكىدە ھېچ شۈبھەم يوق. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئورنىدىن تۇردى. ئۆيدىن ئالدىراپ چىقتى. ئۇ كىيىمىنى سۆرىگىنىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا قاراپ يۈگۈردى. ئۇنى كۆرگەن ھامان:

- ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! سېنى ھەق بىلەن ئەۋەتكەن ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، ئۇنىڭ (چۈشىدە) كۆرگىنىنى مەنمۇ كۆردۈم، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاللاھقا شۈكۈرلەر بولسۇن!» دېدى.

## ئۈمەييە بىلەن ئەبۇ جەھلىنىڭ ئاقىۋىتى

ئىسلام مەدىنىگە يىلتىز تارتىپ كۈچلەنمەكتە ئىدى. مەككىدىن كۆچۈشكە مەجبۇرلانغان مۇسۇلمانلار بالا ۋە زۇلۇملاردىن قۇتۇلغانلىقلىرى سەۋەبىدىن ھاياتنى راھەتتە ئۆتىۋاتاتتى. ئەمما ئۇلار مەككىنى ئۇنتالمايۋاتاتتى. مەككىنى، ئۇ يەردە قېلىپ قالغان ئاتا - ئانىلىرىنى، پەرزەنتلىرىنى ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى سېغىنىشاتتى. قۇرەيشلەرنىڭ ئۇلارنىڭ قوللىرىدىن ئېلىۋالغان ھەقلىرىنى قايتۇرۇپ ئېلىش ئۈچۈن ئاللاھنىڭ ئۆزلىرىگە بىر پۇرسەت بېرىشىنى ئۈمىد قىلىپ تۇرۇشاتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇ سوفيان ئىبنى ھەرب باشچىلىقىدىكى بىر تىجارەت كارۋىنىنىڭ شامغا كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغان ھامان ساھابىلىرىنى يىغىپ ئۇلارغا:

«بۇ قۇرەيشنىڭ سودا كارۋىنىدۇر. مەن ئاللاھنىڭ ئۇنى سىلەرگە نېمەت قىلىپ بېرىشىنى ئۈمىت قىلىمەن» دېدى.

ئىچىدە بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ بولغان مۇسۇلمانلار قوشۇنى مەدىنىدىن چىقىپ قۇرەيش كارۋىنىنىڭ ئىزىنى قوغلاپ ماڭدى. ۋاقتىنىڭ سۇدەك ئېقىشىغا ئەگىشىپ ئۇلارنىڭ سەپىرىمۇ داۋاملاشماقتا ئىدى. ئۇلار ئاخىرى بەدىر قۇدۇقىغا يېقىن بىر يەرگە كېلىپ چۈشكۈن قىلدى. ئەبۇ سوفيان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىنىڭ ئۆزلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلماقچى بولغانلىقىنى پەرەز قىلىپ، قۇرەيش كارۋىنىنى مۇداپىئە قىلىدىغان قوشۇن ئەۋەتىشنى ئىلتىجا قىلىپ مەككىگە ئادەم ماڭغۇزدى. قۇرەيشنىڭ كارۋىنىنى قوغداش ئۈچۈن تەييارلانغانلىقىنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرى بىلەن مەسلىھەتلەشتى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزلىرىنىڭ پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ساھابىلەردىن مىقداد ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئورنىدىن تۇرۇپ: ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئاللاھ ساڭا نېمىنى بۇيرۇغان بولسا ئۇنى قىلغىن. بىز سېنىڭ بىلەن بىللە بولىمىز. ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىپ ئېيتىمەنكى، بىز ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا: «سەن رەببىڭ بىلەن بېرىپ ئۇرۇشۇپ كەل، بىز بۇ يەردە ئولتۇرۇپ

تۇرايلى» دېگىنىدەك دېمەيمىز. بىز پەقەت: «سەن ۋە رەببىڭ بېرىپ ئۇرۇشقىلار، ئەلۋەتتە بىزمۇ سىلەر بىلەن بىرلىكتە بېرىپ ئۇرۇشىمىز» دەيمىز. سېنى ھەق دىن ۋە كىتاب بىلەن ئەۋەتكەن ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، بىزنى «بەركۇلغىماد» دېيىلگەن جايغىچە يول ماڭغۇزساڭمۇ دىنىڭنى ئۇ يەردە تارقىتىش ئۈچۈن سېنىڭ بىلەن بىرلىكتە ماڭىمىز، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ مەمنۇن بولغانلىقىنى ئىپادىلەپ كۈلۈمسىرىدى.

كېچە بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەلى ئىبنى ئەبى تالىپ، زۇبەير ئىبنى ئەۋۋام ۋە سەئد ئىبنى ئەبى ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنى خەۋەر تىڭ ـ تىڭلاپ كېلىش ئۈچۈن بەدىر قۇدۇقلىرىنىڭ يېنىغا ئەۋەتكەن ئىدى. ئۇلار ئۇ يەردە سۇ ئالغىلى كەلگەن ئىككى ئادەمنى ئۇچرىتىپ ئۇلارنى يالاپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىشتى. ئۇلار يېتىپ كېلىشكەندە بولسا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ناماز ئوقۇۋاتقان ئىدى. بۇ ئارىدا ساھابىلەر بۇ ئىككى سۇچىنى سوراققا تارتىشقا باشلىدى:

ـ سىلەر كىمنىڭ سۇچىلىرى؟

قۇرەيشنىڭ سۇچىلىرى، بىزنى ئۆزلىرىگە كېرەكلىك بولغان سۇنى ئېلىپ كېلىشىمىز ئۈچۈن ئەۋەتىشتى.

ـ يالغان دەيسىلەر.

ـ سىلەرگە يالغان ئېيتمىدۇق.

ـ سىلەر ئەبۇ سوفيان ئۈچۈن سۇ توشۇيسىلەر.

ـ بىز قۇرەيشنىڭ سۇچىلىرىمىز.

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئۇ ئىككى سۇچىنى دۇشكەلەپ ئەدەپلىگەنىدى، ئۇلار: بىز ئەبۇ سوفياننىڭ سۇچىلىرى... بىز ئەبۇ سوفياننىڭ سۇچىلىرى... دەپ ۋارقىراشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى ئۇرۇشتىن توختاپ قېلىشتى ۋە قۇرەيش كارۋىنى بىلەن تىجارەت ماللىرىنىڭ ئۆز قوللىرىغا چۈشكەنلىكلىرىگە ئىشەنچ قىلىشتى. بۇ ئارىدا نامىزىنى ئوقۇپ بولغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«سىلەرگە راست گەپ قىلسا ئۇلارنى ئۇردۇڭلار، يالغان سۆزلىسە قويۇپ بەردىڭلار، ئۇلار ھەقىقەتەن باشتا توغرا گەپ قىلغانىدى. ئۇلار راستتىنلا قۇرەيشنىڭ ئادەملىرى ئىدى» دېدى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ يېنىغا كېلىپ:

«مانا قاراڭلار، مەككە سىلەرگە يۈرەك پارىلىرىنى ئەۋەتىپتۇ» دېدى.

ئەبۇ سوفيان كارۋاننى قۇتۇلدۇرۇپ قېچىپ كەتكەنىدى. ئۇ مەككىدىن كېلىۋاتقان قوغدىغۇچى قوشۇنغا ئۆزىنىڭ بەدىر قۇدۇقىنىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى بىر يەردىن كارۋاننى ساق- سالامەت ئېلىپ كېتەلىگەنلىكىنى، ئەمدى مۇسۇلمانلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا ۋە قان تۆكۈشكە ھېچ زۆرۈرىيەتنىڭ قالمىغانلىقىنى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئارقىغا قايتىشى كېرەكلىكىنى دەپ خەۋەرچى ئەۋەتتى. ئەمما ئەبۇ جەھل بەدىرگە بېرىپ ئۇ يەردە ئۈچ كېچە تۇرۇشنى قارار قىلغان ئىدى. شۇڭا ئۇ: ياق، قەسەم قىلىمەنكى ئاللاھ بىز بىلەن مۇھەممەدنىڭ ئارىلىقىدا ھۆكۈم چىقارمىغىچە ئارقىمىزغا قايتمايمىز، دېدى.

قۇرەيشلەر ئىچىدە دە ـ تالاش باشلاندى. ئاخىرىدا ھەممىسى ئەبۇ جەھلنىڭ دېگىنىگە قوشۇلدى. بۇ

www.uyghurkitap.com

چاغدا مۇسۇلمانلار بەدىر قۇدۇقىنىڭ يېنىغا كېلىپ سۇغا ئەڭ يېقىن بولغان يەردە چۈشكۈن قىلدى. ئاندىن بىر كىچىك كۆل كولاپ ئۆزلىرى ئۈچۈن ئېھتىياجلىق بولغان سۇنى قاچىلىۋېلىشتى. باشقا قۇدۇقلارنى بولسا مۇشرىكلارنىڭ پايدىلانماسلىقى ئۈچۈن ئېتىۋەتتى. ئۇ يەردە ئۇلار يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن بىر سايىۋەن ھازىرلىدى. مۇسۇلمانلار ئۇرۇشۇشقا بۇيرۇق بېرىلىشىنى كۈتۈپ سەپ - سەپ بولۇپ تىزىلىپ تۇرۇشتى. بۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاۋازىنى بىرئاز كۆتۈرۈپ:

«ئى ئاللاھ، مانا بۇ قۇرەيش مۇشرىكلىرى! ئۇلار بۇ يەرگە ناھايىتى بەك كىبىر ۋە غۇرۇرلىرى، ئۆزلىرىنى ئۇلۇغ ساناش خاھىشلىرى بىلەن تەنتەنىلىك ھالدا كەلدى. ئۇلار ساڭا قارشى جەڭ ئېلان قىلماقتا، پەيغەمبىرىڭنى يالغانغا چىقارماقتا. ئى ئاللاھ ماڭا ئاتا قىلغان ياردىمىڭنى ۋە ۋەدەڭنى مەندىن ئايىما!»

مۇشرىكلار مۇسۇلمانلار بىلەن روبىرو كەلگۈچە ئالدىغا قاراپ ئىلگىرىلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارنىڭ سەپلىرىنى تۈزلىدى. ئابدۇرەھمان ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سەپتە سەفرا ئوغۇللىرىنىڭ ئارىسىدا يەر ئالغان ئىدى. ئىككى تەرىپىدىكى بۇ يىگىتلەر ياش ۋە ناتىۋان ئىدى. ئابدۇرەھمان ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلارنى كىچىك كۆرگەندەك بىر نەزەردە ئۇلارغا زەن سېلىپ قاراپ قويدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇ ئىككىسى ئوتتۇرىسىدا تۇرغان يېرىنى تازا مۇۋاپىق تاپمىدى ۋە ئۆز ئۆزىگە:

مېنىڭ بۇ ئىككى بالىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇشۇم توغرا بولمىدىمۇ قانداق؟ دېيىشكە باشلىغان ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ خىياللىرى بىلەن بەند بولۇپ تۇرغاندا يېنىدىكى ياشلاردىن بىرى ئۇ تەرەپكە بۇرۇلۇپ ئاستا شىۋىرلىغان ئاۋازدا:

- تاغا! ماڭا ئەبۇ جەھلنى كۆرسىتىپ قويامسەن؟

دېدى.

- ئى قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى! ئۇنى نېمە قىلماقچىسەن؟

مەن ئۆز ئۆزۈمگە: «ئۇنى كۆرسەم يا ئۇنى ئۆلتۈرىمەن، ياكى ئۇنى ئۆلتۈرۈش يولىدا ئۆلىمەن» دەپ ئەھدە قىلغانىدىم.

ئابدۇرەھمان ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەيران بولغان ھالدا ئۇنىڭغا بىرقانچە رەت قارىۋەتكەندىن كېيىن ئەبۇ جەھلنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

- ئوغلۇم قارا! قەۋمىنىڭ ئارىسىدا ئۇياق - بۇياققا مېڭىپ يۈرگەن ئەنە ئاۋۇ ئادەم شۇ، دېدى.

ئارىدىن بىرئاز ئۆتۈپ ئابدۇرەھمان ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يەنە بىر تەرىپىدىكى ياش ئۇنىڭغا بۇرۇلۇپ ئاستاغىنە:

- ماڭا ئەبۇ جەھلنى كۆرسىتىپ قويامسەن؟

دېدى.

- ئۇنى نېمە قىلماقچىسەن؟

مەن ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە ياكى ئۆلتۈرۈش يولىدا ئۆلۈشكە قەسەم قىلغانىدىم.

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان ئابدۇرەھمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بايام كىچىك سانىغان بۇ ئىككى ياشنىڭ ئارىسىدا تۇرغانلىقىدىن ئەمدى تولىمۇ پەخىرلەنگەن ئىدى.

مۇشرىكلاردىن ئەسۋەد ئىبنى ئەبۇلئەسۋەد قۇرەيشنىڭ سېپىدىن ئايرىلىپ يا سۇ ئىچىمەن، يا قۇدۇقنىڭ يېنىدا ئۆلىمەن، دېگەن خىيال بىلەن قۇدۇق تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ھەمزە رەزىيەللاھۇ

ئەنھۇ ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ ئۇنىڭ پۇتىغا قىلىچ ئۇردى. ئەمما ئۇ ئۆز قارارىدىن ۋاز كەچمىگەن ئىدى. ئۇ كېسىلگەن پۇتىنى سۆرىگەن پېتى قۇدۇق تەرەپكە قاراپ مېڭىۋەردى. ھەمزە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنى ئۆلۈمگە ئېلىپ بارىدىغان شۇنداق بىر قىلىچ ئۇردىكى ئۇ شۇ ھامان قانغا مىلەنگەن ھالدا يەر چىشلىدى. ئاقىقان قانلارنى كۆرۈشكە تاقەت قىلالمىغان مۇشرىكلاردىن ئۇتبە ئىبنى رەبىئە، ئۇنىڭ قېرىندىشى شەيبە ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ۋەلىد ئۇرۇشۇش ئۈچۈن قۇرەيش سېپىدىن ئايرىلىپ ئالدىغا قاراپ ماڭدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا قارشى ئەلى، ھەمزە ۋە ئۇبادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنى چىقاردى. ئۇرۇش مۇشۇنىڭ بىلەن باشلانغان بولدى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋەلىدكە قارشى شىر كەبى ئېتىلىپ ئۇنى يەر چىشلەتتى. ھەمزە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بولسا شەيبەگە بۇرالدى- دە، ئۇنىڭغا شۇنداق قاتتىق بىر ھۇجۇم قىلدىكى شەيبە كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقىچە يەر چىشلىدى. بۇ چاغدا ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ئۇتبە ئوتتۇرىسىدا بىر - بىرىگە ھۇجۇم قىلىشلار قىزغىن داۋام قىلىۋاتاتتى. ھەمزە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دوستى ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ياردەمگە كېلىپ ئۇنىڭ رەقىبىنىمۇ يەر چىشلەتتى.

قۇرەيش قوشۇنى ئەمدى رەسمىي ھۇجۇم باشلاشقا قارار قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارنى ئوق ئېتىش قوراللىرى بىلەن ئۇلارغا يېقىنلىشىشقا بۇيرۇق بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن «ئارىش» دەپ ئاتالغان سايىۋەننىڭ ئاستىغا كىردى. ئارىدىن بىر ئاز ئۆتۈپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ يەردىن چىقىپ مۇسۇلمانلارغا ۋەز ئېيتقان ھالدا:

«مۇھەممەدنىڭ جېنى ئۇنىڭ ئىلكىدە بولغان ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، بۈگۈن، ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلىگەن، سەۋر ۋە چىداملىق كۆرسەتكەن ھالدا ئۇرۇشقانلارنى، ئارقىسىغا قارىماي ئالدىغا ئىلگىرىلەش جەريانىدا ئۆلتۈرۈلگەنلەرنى ئاللاھ ئەلۋەتتە جەننەتكە كىرگۈزىدۇ» دەپ ئۇلارنى ئۇرۇشقا ئاتلىنىشقا بۇيرۇق بەردى. مۇسۇلمانلار: «ئەھەد... ئەھەد...» دېگەن ئاۋازلىرى بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتتى.

بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ ئۇلار ئىچىدە: «ئەھەد... ئەھەد...» دەپ ۋارقىرىغاچ مەككىنىڭ ئوتتەك قىزىق قۇملىرىنى خىيالىغا كەلتۈرەتتى. مۇھەممەد سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ دىنىنى تاشلاپ قۇرەيشنىڭ بۇتلىرىغا ئىبادەت قىلىشقا قايتىشى ئۈچۈن قانداق قاتتىق ئازابلارغا دۇچ كەلگەنلىكىنى، «ئەھەد... ئەھەد...» دېگەن سۆزلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ تەلەپلىرىنى رەت قىلىپ قەۋمىنىڭ تېخىمۇ بەك غەزىپىنى كەلتۈرگەنلىكىنى خىيال قىلاتتى. ئۇنىڭ تومۇرلىرىدىكى قاننىڭ ھەرىكىتى تېزلەشتى ۋە دۈشمەن ئۈستىگە شىردەك ھەيۋەت بىلەن ئېتىلدى.

مۇسۇلمانلار مۇشرىكلار ئۈستىگە ئاجايىپ ھەيۋەتلىك بىر شەكىلدە ھۇجۇمغا ئۆتكەن بولۇپ، قىلىچلار بىر - بىرىگە ئۇرۇلۇپ ئەتراپنى ئۆلۈم ۋەھىمىسى قاپلىدى. ئەفرانىڭ ئىككى ئوغلى ئوۋنغا قاراپ ئۇچقان قارچۇغىدەك ئەبۇ جەھلىگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن ئېتىلدى. ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ نەيزىسى ئەبۇ جەھلىگە سانجىلىشى بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە بىرى ئۇنى يىرتىلغان رەخت پارچىسىدەك يەرگە چۈشۈرىدىغان ۋە ئۇنىڭ جېنىنى بىر يولىلا ئالىدىغان قاتتىق زەربىدىن بىرنى ئۇرۇپ

ئۇنى يەر چىشلەتتى.

جەڭگىۋار مۇجاھىدلار مۇشرىكلارنى قىرماقتا ئىدى. قۇرەيش مۇشرىكلىرىنىڭ پالۋانلىرى بىر - بىرلەپ يەر چىشلىمەكتە ئىدى. ھايات قالغانلىرى بولسا مۇجاھىدلارنىڭ قىلىچلىرىدىن قۇتۇلۇشنىڭ چارىسىنى ئىزدىشەتتى. ئۇلار قۇتۇلالمايدىغانلىقلىرىنى چۈشەنگەن ھامان كەلگەن تەرەپكە قاراپ قاچىدىغانغا يول ئىزدىشەتتى. ئۇلارنىڭ مەغلۇبىيىتى ئېنىق بولغان ئىدى. مۇسۇلمانلار ئۇلارنىڭ ئارقىلىرىدىن قوغلاپ يۈرۈپ نۇرغۇنلىرىنى ئەسىرگە ئالغان بولۇپ، مۇسۇلمانلار بۇنىڭ ئارقىسىدىن غەنىمەتلەرنى توپلاشقا باشلىغان ئىدى.

ئۇمەييە ئىبنى خەلەپ بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى قېچىپ قۇتۇلالماي ئەسىر ئېلىنىشىنى كۈتۈپ تۇرۇشقا مەجبۇر ھالدا قىمىر قىلماي تۇرۇپ قالغان ئىدى. ئابدۇرەھمان ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلارغا ئۇچرىدى. ئۇمەييە ئۇنى كۆرگەن ھامان:

- ئەمرىنىڭ قۇلى، دەپ چاقىردى.

ئابدۇرەھمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا جاۋاب بەرمىدى. ئۇمەييە مەككىدە ئابدۇرەھمان ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئابدۇللاھ دەپ چاقىرىدىغانغا ماقۇللاشقانلىقلىرىنى ئېسىگە ئېلىپ بۇ قېتىم: «ئابدۇللاھ» دەپ چاقىردى.

- ھە، نېمە بولدى؟

- مېنىڭ ھەققىمدە قانداق ئويلاۋاتىسەن؟ مەن سېنىڭ يىغقان غەنىمەتلىرىڭ ئىچىدىكى ئۇ ساۋۇتلاردىن قىممەتلىكرەك توختايمەن.

- شۇنداق.

- ئۇنداقتا بۇ يەرگە كەلمەمسەن!

ئابدۇرەھمان قولىدىكى ساۋۇتلارنى يەرگە تاشلىدى. ئۇمەييە بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى ئەلىنىڭ قولىنى تۇتقىنىچە بىللە مېڭىشقا باشلىدى.

سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا كۆكسىگە پارقىراپ تۇرغان بايراق تاقىۋالغان بىرى بار ئىدى، ئۇ كىم؟ دەپ سورىدى.

ھەمزە ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ...

ئۇمەييە:

- ئەسلىدىلا بېشىمىزغا ھەممە بالانى ئاچقىنى ئۇ، دەپ غۇدىردى. ئۇلار شۇ تەرىقىدە كېتىۋاتقىنىدا بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلارنى كۆرۈپ قالدى. ئۆزىنى ۋەھشىيانە قىينىغان خوجايىنى ئۇمەييەنى كۆرە - كۆرمەس غەزىپى تاشقان بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭدىن ئۆچىنى ئالماق ئۈچۈن قىلىچىنى قىنىدىن چىقىرىپ ئۇلارغا قاراپ يۈگۈردى. ئۇ ئۇمەييەنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلگەندە:

- كۇفرىنىڭ بېشى ئۇمەييە! ئەگەر سەن قۇتۇلۇپ قالساڭ مەن قۇتۇلمايلا قالاي، دەپ ۋارقىرىدى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئەپتىدىن ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولغانلىقى ئېنىق ئىدى. ئابدۇرەھمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

- بىلال! ئەسىرلىرىمنى قويغۇەت، دېدى.

ئۇلار قۇتۇلۇپ قالىدىغان ئىش بولسا مەن قۇتۇلمايلا قوياي.

ئۇنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭلاۋاتامسەن، ئى قارا قۇلىنىڭ ئوغلى!

-ئەگەر بۇلار قۇتۇلۇپ قالىدىغان ئىش بولسا مەن ياشىمايلا قالاي.

بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلارنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ئۇرۇناتتى. ئابدۇرەھمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بولسا

ئۇلارنى ھىمايە قىلىشقا ئۇرۇناتتى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئۇلارنى قولغا چۈشۈرگىدەك مۇنداق پۇرسەتنى ئاللاھ ئاتا قىلغان يەردە بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلارنى قويۇپ بېرەتتىمۇ؟ ئابدۇرەھمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشىنى توسۇۋاتىدۇ، دەپلا ئۇلارنى ئۆلتۈرمەيتتىمۇ؟ ياق... ياق... بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

- ئى ئاللاھنىڭ دىنىغا ياردەم قىلغانلار! كۇفرنىڭ بېشى ئۇمەييە ئىبنى خەلەپ بۇ يەردە... ئەگەر ئۇ، جېنىنى ساقلاپ قالىدىغان ئىش بولسا مەن ياشىمايلا قوياي، دەپ ۋارقىرىدى.

ياردەم بەرگۈچىدىن بىرى ئۇلار تەرەپكە قاراپ يۈگۈرۈپ كېلىپ ئۇلارنىڭ ئەتراپىنى چەمبەر شەكلىدە قورشاپ ئالدى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بولسا ۋارقىرايتتى. ئابدۇرەھمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بولسا ئۇلارنى ھىمايە قىلماقچى بولاتتى. ياردەمگە كەلگۈچى قىلىچىنى قېنىدىن چىقىرىشتى. ئارىلىرىدىن بىرى ئۇمەييەنىڭ ئوغلى ئەلىگە بىر قېلىچ ئۇرۇپ ئۇنى يەرگە دۈم چۈشۈردى. ئۇمەييە ئېچىنىش ئىچىدە: ئوغلۇم... ئوغلۇم...! دەپ ۋارقىرىدى.

ئابدۇرەھمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇمەييەگە قاراپ:

- ئەمدى سەن ئۆزەڭنى ئۆزۈڭ قۇتقازغىن، مەن سېنى قوغداپ قالالمىغىدەكمەن، دېدى.

ئۇمەييە قۇتۇلۇش ئۈمىدى بىلەن يۈگۈرەشكە باشلىدى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلىدى. يېتىشكەن ھامان نەيزىسىنى ئۇنىڭغا تىقىپ ئۇنى دۈم چۈشۈردى. ياردەم بەرگۈچى كېلىپ ئۇمەييەنىڭ جېنىنى ئالدى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇمەييەگە قاراپ:

ئۇمەييە! شۇ تاپتا سەن نېمىدېگەن بىچارە ھالەتتىسەن، دېدى. ئابدۇرەھمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا:

- مېنىڭ ئەسىرلىرىمگە قىلغان بۇ ئىشىڭ مېنى بىئارام قىلدى، دەپ ئاغرىندى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا ناھايىتى ئاچچىقلىغان بىر شەكىلدە قارىدى. بۇنىڭ بىلەن ئابدۇرەھمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەرگە قارىدى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ئى ئابدۇرەھمان! ئاللاھ ئۇنىڭ ئورنىدا ساڭا تېخىمۇ ياخشىراق بىر نەرسىنى ئېھسان قىلغۇسىدۇر، دېدى.

# خەزىنىچى بىلال

جەڭ مەيدانىنىڭ توپا- تۇمانلىرى تارقالدى. بەدىر ئۇرۇشى مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ قالغان ئادەملىرىنىڭ قېچىشى بىلەن ئاخىرلاشقان بولدى. مۇسۇلمانلاردىن بەزىلىرى ئۇلار تاشلاپ كەتكەن غەنىمەتلەرنى توپلاشقا باشلىدى. بۇلار تۈنجى قېتىم قولغا كەلتۈرۈلگەن ئۇرۇش غەنىمەتلىرى ئىدى. ئۇلار غەنىمەتلەرنىڭ كىمگە تەۋە بولىدىغانلىقى ھەققىدە بىر - بىرىدىن سوراشتۇرۇشقا باشلىدى. غەنىمەتلەرنى توپلىغانلار: ئۇ غەنىمەتلەرنى بىز توپلىغاندىن كېيىن ئەلۋەتتە بىزگە تەۋە بولىدۇ، دېيىشسە، غەنىمەتلەرنى يىغىشقا قاتناشماستىن دۈشمەنلەرنىڭ ئارقىسىدىن قوغلىغانلار بولسا: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئۇ نەرسىلەرگە ئىگە بولۇشقا بىز بەكرەك لايىقمىز، ئەگەر بىز ئۇلارنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قوغلىمىغان بولساق بۇ نەرسىلەر سىلەرگە قالمىغان بولاتتى، دېيىشەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەتراپىدا تۇرۇپ ئۇنى مۇھاپىزەت قىلغانلار بولسا: ئۇ غەنىمەتلەرگە سىلەرمۇ، سىلەردىن باشقىلارمۇ ئىگە بولالمايدۇ، چۈنكى ناۋادا بىزنىڭ مۇھاپىزەت قىلىدىغان ئىشىمىز بولمىغىنىدا بىزمۇ ئۇ نەرسىلەرگە ئېرىشىشىمىز مۇمكىن بولغان بولاتتى، بىز بولساق دۈشمەنلەرنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈستىگە ھۇجۇم قىلىپ كېلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەچكە ئۇنىڭ ئەتراپىدا مۇھاپىزەتچىلىك قىلدۇق، دېيىشتى. بۇ دە-تالاشلاردىن خەۋەردار بولغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ قوللىرىدىكى غەنىمەتلەرنىڭ ھەممىسىنى تاپشۇرۇشىنى بۇيرۇپ، بۇ ھەقتە بىرەر قارار ماقۇللانغىچە ياكى بۇ غەنىمەتلەر ھەققىدە ئاللاھ تائالانىڭ بىر ھۆكمى مەلۇم بولغۇچە ئۇ غەنىمەتلەرنى ئۆز قولىدا تۇتۇپ تۇرىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. ئاخىرىدا بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالانىڭ: «بىلكى، غەنىمەت ئالغان ھەرقانداق بىر نەرسىنىڭ بەشتىن بىرى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە، ئۇنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا، يېتىملەرگە، يوقسۇللارغا، يولدا خىراجىتى ئۈزۈلۈپ قالغان مۇساپىرغا تەۋەدۇر.» دېگەن ئايىتى نازىل بولدى. بۇ ئايەتنىڭ ھۆكمى بىلەن غەنىمەتلەرنىڭ بەشتىن بىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىگىدارچىلىقى ئۈچۈن ئايرىلدى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەۋە بولغان غەنىمەتلەرنى ئالدى ۋە ئۇنىڭغا ۋاكالىتەن ساقلاشقا مەسئۇل بولدى. قالغان غەنىمەتلەر بولسا مۇجاھىدلارغا تەقسىم قىلىپ بېرىلدى. مانا بۇنىڭ بىلەن بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خەزىنىچىسى بولغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، پېقىر، موھتاج مۇسۇلمانلارنى بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا ئەۋەتەتتى، بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلارنى تويغۇزاتتى ۋە كىيىمى يوقلارنى كىيىندۈرەتتى. بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا كەلگەندە بىر سېۋەتتە خورما تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ:

«بۇ نېمە ئى بىلال؟» دەپ سورىدى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! مەن بۇنى سېنىڭ مېھمانلىرىڭ ئۈچۈن ساقلاۋاتقان ئىدىم، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«بۇنىڭ سەن ئۈچۈن دوزاخ ئوتى بولۇپ قېلىشىدىن قورقمامسەن؟ ئۇلارنى تارقاتقىن، بىلال، ئەرشنىڭ ئىگىسى بولغان ئاللاھنىڭ كېمەيتىپ قويۇشىدىن ئەنسىرىمە!» دەپ بۇ خورمىلارنى دەرھال تارقىتىۋېتىشكە بۇيرۇدى.

* * * * *

بىر كۈنى بىر يەھۇدىي كېچە كىرمەستىن ئۆيلىرىگە قايتىۋېلىش ئۈچۈن ئۇچۇشقان بىر قۇش توپىنى كۆرۈپ ئۇنى تاماشا قىلىپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ جىمجىتلىق پەردىسىنى بۇزغان بۇ قۇش ئاۋازلىرىغا قۇلاق سېلىشقا باشلىدى. ئۇ پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئۇپۇقتا، ئۇپۇقتا يۈپ - يۇمىلاق بولۇپ كۆرۈنۈۋاتقان قۇياشنىڭ شەكلىگە قاراشقا باشلىدى. قۇياش ئاستا - ئاستا مېڭىپ كۆزلەردىن يىراقلاشتى. قۇش ئاۋازلىرىمۇ بارغانسېرى يىراقلىشىپ ئاخىرىدا پۈتۈنلەي ئاڭلانماس بولدى.

ھەممە يەرنى جىمجىتلىق قاپلىغان ئىدى. يەھۇدىي ئىچىگە تاتلىق سېزىمنىڭ تارقالغانلىقىنى ھېس قىلدى. دەل شۇ چاغدا بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇسۇلمانلارنى شام نامىزىغا چاقىرغان يېقىملىق ئەزان ئاۋازى ياڭراشقا باشلىدى. تەدرىجىي يۇقىرى ئۆرلەۋاتقان يېقىملىق ئەزان ئاۋازى بۇ يەھۇدىينىڭ قۇلاقلىرىغا كىردى ۋە قۇلاقلىرىدىن قەلبىگىچە شۇڭغۇپ كىرىپ ئۇنى بايامقى شېرىن خىياللىرىدىن ئويغاتتى. يەھۇدىي ئۆزىنى ئىسكەنجىگە ئالغان قورقۇنچ ئارىلاش بىر ئەيمىنىش تۇيغۇسىغا چۆمۈلدى. ئۇ بۇ ئەزان ئاۋازىنى ئاڭلىماسلىق ئۈچۈن قۇلاقلىرىنى ئېتىۋالماقچى بولدى. ئەمما ئەتراپقا بۇلبۇلدەك يېقىملىق ئاۋازدا تارقىلىۋاتقان ئەزان ئاۋازى ئۇنى ئۆز مەيلىگە قويۇپ بەرمىدى. ئۇ، بۇنىڭغا قۇلاق سالماسلىققا تىرىشقىنىغا قارىماي ئەزاننى بېشىنى ئېگىپ جىمجىت تۇرغان ھالدا ئاخىرغىچە ئاڭلىدى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەزاننى ئېيتىپ بولۇشى بىلەن تەڭلا ئۇمۇ بۇ ئەزاننى باش ئەگكەن ھالدا ئاڭلىغانلىقى ئۈچۈن ئۆز ئۆزىگە كايىشقا باشلاپ:

- ئۇنى ئاڭلىماسلىقىم لازىم ئىدى، ئۇنىڭ ئاۋازىدا بىر سېھىر، چاقىرىقىدا بولسا بىر پىتنە بار، دېدى. بۇنىڭغا قارشى ئىچىدىن كەلگەن بىر ئاۋاز ئۇنىڭغا: قانچە قېتىملاپ ئەزاننى ئاڭلاپ ھامان بۇ سۆزنى دەيسەن - يۇ ئاخىرىدا يەنىلا بېشىڭنى ئېگىپ ئۇنى ئاڭلايسەن، بۇندىن باشقا ھەر خىل يوللار بىلەن بۇ ھەبەشىستانلىققا مەستانە بولغان، بۇ سەۋەب بىلەن مۇسۇلمانلارغا ئۆچمەنلىك قىلىپ قېرىنداشلىرىڭنى ئۇلارنىڭ دىنىدا پىتنىگە يول ئېچىلىدىغانلىقى ھەققىدە ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ كېلىۋاتقىنىنى سەن ئەمەسمىدىڭ؟ دەپ كايىشقا باشلىدى.

يەھۇدىي، بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ قۇل مۇئامىلىسىنى كۆرۈشى ۋە ئىسلامدىن بۇرۇنقى قۇللۇق كۈنلىرىگە قايتۇرۇشى ئۈچۈن ئامال ئىزدەشكە باشلىدى. ئەگەر ئۇ بۇ ئىشتا مەقسىتىگە يېتەلىسە بۇ شەيتاننىڭ كۈندە بەش قېتىم مۇسۇلمانلارنى مۇھەممەد ۋە ئۇنىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىدىغان بۇ ئاۋازىدىن قۇتۇلغان بولاتتى. بۇ ھەقتە ئاخىرقى نەتىجىسىگە ئىشەنچ باغلىغان بىر ئەقىل ئۇنىڭ كاللىسىغا كىردى. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ يۈزلىرى خوشاللىقتىن ئېچىلىپ كەتتى ۋە پىلاننى ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولدى.

يەھۇدىي بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئاستىرتتىن كۆزىتىشكە باشلىدى. بىر كۈنى ئۇنىڭ پېقىر مۇسۇلمانلار بىلەن بىرگە كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇنىڭ يەيدىغان ۋە كىيىدىغان نەرسىلەرنى ئالغىلى كەلگەنلىكىنى جەزم قىلدى. چۈنكى يەھۇدىي بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇيرۇقى بىلەن مۇسۇلمانلارنى كىيىدۈرۈش ۋە ئۇلارغا يېمەك - ئىچمەك بېرىشكە مەسئۇل ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. يەھۇدىي بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ:

بىلال! سەن مېنىڭ باي ئىكەنلىكىمنى ياخشى بىلىسەن، سەنمۇ مەندىن باشقا بىرىدىن قەرزمۇ سورىمايسەن، دېدى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ گەپ قىلماستىن بېشىنى ئېگىپ تۇرغاندا يەھۇدىي ئۆزىنىڭ تۇزاقلىرىنى قۇرۇشقا باشلىدى.

- مەن ساڭا بارلىق ئېھتىياجلىق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى نېسىگە بېرىمەن.

- بولىدۇ.

- ئى بىلال! مەن ساڭا ناھايىتى بەك ئىشىنىمەن، ئۇنداق بولمىغىنىدا مەن بۇنى ھەرگىز نىسىگە بەرمىگەن بولاتتىم، سەن بىلىسەن، بىز يەھۇدىي مىللىتى مالغا بەكمۇ ھېرىسمەن كېلىمىز، بىز گۆرۆگە قويىدىغانغا بىرەر نەرسە بولمىغان ھالدا مىلىمىزدىن بىر تىيىنلىق نەرسىنىمۇ نىسىگە بېرىپ قالمايمىز. سېنىڭ بىزگە گۆرۆگە قويغىدەك بىرەر نەرسەڭ بارمۇ؟

-ناۋادا گۆرۆگە قويىدىغانغا نەرسە بولغىنىدا مەن سەندىن نىسىگە بىر نەرسە ئالاتتىممۇ؟

- مەن سېنى قەتئىي قىلمىسا بولمايدىغان بىر شەرت بىلەن قىستاپ تۇرۇۋالمايمەن، بىلال، مەن ساڭا راستىنلا ئىشىنىمەن، ناۋادا سەن قەرزنى قايتۇرالمىساڭ، ئۇنىڭ ئورنىغا سېنىڭ ماڭا خىزمەت قىلىشىڭنى شەرت قىلايلى، بۇنىڭ ھېچ بىر قىيىن يېرى يوق. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ جىمجىت تۇرۇۋەردى. يەھۇدىي ئۆز سۆزىنى داۋام قىلىشقا باشلىدى:

- مەن شۇنى ئېنىق بىلىمەنكى، سەن گۆرۆگە نەرسە بېرىشتىن قەستەن باش تارتمايسەن. ئەسلىدە مېنىڭ ئۇ تەلىپىم پەقەت بىز يەھۇدىيلارنىڭ مالدىكى ھېرىسمەنلىك تەرىپىمىزنى ئىپادىلەپ قويۇشتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

- بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەھۇدىينىڭ بۇ شەرتى ھەققىدە بىرئاز ئويلانغاندىن كېيىن:

- مەيلى ئەمىسە شۇنداق كېلىشتۇق، دېدى.

- سەن قەرزىڭنى قاچان قايتۇرىسەن؟

- ئاي ئاخىرىدا.

- ناۋادا قەرزىڭنى قايتۇرمىساڭ مەنمۇ قەرزنىڭ ئورنىدا سېنى ئالىمەن.

يەھۇدىي، تىجارەتچىلەردىن تەشكىل تاپقان بىر گۇرۇپپا كىشىلەر ئالدىدا بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئۇنىڭ ئالدىغان ماللىرىنى تاپشۇرۇپ بەردى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قايتىپ كەتكەندىن كېيىن يەھۇدىي ئۆز ئارزۇسىغا يېتىشكە بولغان ئۈمىدلىرى بىلەن كۆڭلىنى خۇشال ھېس قىلدى.

ئۇ، مۇھەممەد بۇ قەرزلەرنى قايتۇرالمايدۇ، بىلالمۇ ئاي ئاخىرىغىچە بۇ قەرزنى تۆلىيەلمەيدۇ، دەپ ئويلىدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە ھەبەشلىك مۇئەززىن بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزى قۇرغان تۇزاققا دەسسىگەن ئىدى.

كۈنلەر بىر - بىرىنى قوغلاپ ئۆتىۋەردى. شۇ ئايلىق ئايمۇ ئۆزىنىڭ ئارقىدىكى ئاينىڭ كېلىشىگە ئورۇن بوشىتىپ بېرىش ئۈچۈن بارغانسېرى كىچىكلەشكە باشلىدى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نامازغا ئەزان ئېيتىش ئۈچۈن تەييارلىنىپ تۇرغاندا ئۇ، ئۆزى قەرزدار بولۇپ قالغان يەھۇدىينىڭ تىجارەتچىلەردىن تەشكىل تاپقان بىر بۆلۈك كىشىلەر بىلەن ئۆزى تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. يەھۇدىي بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى كۆرگەن ھامان:

- ھەي ھەبەشلىك! دەپ چاقىردى.

- مەرھەمەت.

- ئاي ئاخىرىغا قانچىلىك ۋاقىت قالغىنىنى بىلەمسەن؟

- شۇنداق، ئاز قالدى.

- ئاي ئاخىرىغا پەقەت تۆت كۈنلا قالدى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بېشىنى ئېگىپ تۇردى. يەھۇدىي سۆزىنى داۋام قىلىۋاتاتتى.

- ئەگەر ئاي ئاخىرىغىچە سەن قەرزىڭنى قايتۇرالمىساڭ، مەن سېنى گۆرۈگە ئالىمەن، راستتىن ئېيتقاندا مەن سېنىڭدە بىر ئالاھىدە كارامەتنى كۆرگەنلىكىم، ياكى سېنىڭ دوستۇڭ، مۇھەممەدتە بىرەر ئالاھىدىلىك بولغانلىقى ئۈچۈن ساڭا مالنى نېسىگە بەرمىدىم. بەلكى سېنىڭ ماڭا قۇل بولۇشىڭنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن بەردىم. مەن ساڭا قويلىرىمنى باقتۇرماقچىمەن، دېدى.

بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ جىم تۇرۇپ قالدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭغا بەرگىدەك بىرەر جاۋاب تاپالمىغان ئىدى. كۆڭلى بولسا ناھايىتى يېرىم بولدى. يەھۇدىي يېنىدىكى تىجارەتچىلەر بىلەن بۇ يەردىن كېتىپ قالدى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇ يەردە ئۆزى يالغۇز ھالدا رەڭگىلىرى سارغايغان ھالدا چوڭقۇر بىر خىيالغا پېتىپ قالدى. ئۇنىڭ خىياللىرى قىسمىتىگە باغلانغانىدى. ئۇنىڭ تەقدىرىگە ئۇ بۇرۇنقىدەك يەنە قۇل بولۇش يېزىلغانمىدۇ؟... مۇسۇلمانلار بۇ سەۋەب تۈپەيلىدىن يەھۇدىينىڭ ئۈمىد قىلغىنىدەك ئۇنىڭ قۇل بولۇپ قېلىشىغا يول قويارمۇ؟ ... ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن كۆرۈشمەستىن، ئۇنىڭغا ئەھۋالنى مەلۇم قىلماستىن، بۇنداق قايغۇرۇپ كېتىشىنىڭ ئاقىلانىلىك ئەمەسلىكىنى ئويلىدى. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدىمۇ ئۇنى قەرزدىن قۇتۇلدۇرغىدەك پۇل يوقلۇقىنى ئۇ ئوبدان بىلەتتى. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆلكىدە نېمە بار، نېمە يوقلۇقىنى بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەڭ ياخشى بىلەتتى. چۈنكى ئۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خەزىنىچىسى ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خەزىنىسىدىكى ماللارنى بىر تەرەپ قىلىش ھوقۇقىمۇ ئۇنىڭ قولىدا ئىدى... ئۇ بۇلارنى ئويلاۋېتىپ ئۆزىنىڭ تېخى ئەزان ئېيتمىغانلىقىنى ئەسلىدى - دە دەرھال ئەزان ئېيتتى. ناماز ئوقۇلۇپ بولۇنغاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىلىسىگە قايتقان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كىرىش ئۈچۈن رۇخسەت سورىغان بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رۇخسەت بېرىلگەندىن كېيىن ئىچىگە كىردى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆرگەن ھامان:

- ئاتا - ئانام ساڭا پىدا بولسۇن، ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! مەن ساڭا ئۆتكەندە بىر يەھۇدىيدىن قەرزگە نەرسە - كېرەك ئالغانلىقىمنى دېگەن ئىدىم. مەن قەرزدار بولغان ئۇ يەھۇدىي يا قەرزنى قايتۇرۇشنى، يا مېنى قۇللۇققا ئېلىشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. ھەر ئىككىلىمىزدە ئۇنىڭغا قەرز ئۈچۈن تۆلەيدىغانغا بىر نەرسە يوق. يەھۇدىي مېنى خىجىل قىلىپ كېتىۋاتىدۇ... ئەگەر ماڭا رۇخسەت بەرسەڭ مەن مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمنىڭ يېنىغا بېرىپ باقاي، بەلكىم ئاللاھ پەيغەمبىرىنى ۋە مېنى بۇنىڭدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالىدىغان بىر رىزىق ئاتا قىلار، دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خېلىغىچە جىمجىت ئولتۇرۇپ كەتتى. ئەمما ئاخىرىدا يەنىلا بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىنىڭ قېشىغا بېرىشىغا رۇخسەت قىلمىدى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزى دۇچار بولغان بۇ قىيىن ئۆتكەلنى ئويلىغان ھالدا غەمكىن قايتىپ كەتتى. ئۇ ھەتتا ئۆيىگە يېتىپ بارغىچە توختىماستىن ماڭدى. ئۇ خىياللار ئۇنى ئوبدانلا ئەسىر قىلىۋالغان ئىدى. ئۇنىڭ خىياللىرى ئۇنى قايتا مەدىنىدىن مەككىگە ئېلىپ كەتكەن بولۇپ، ئۆزىنىڭ قۇل

www.uyghurkitap.com

بولۇپ ياشىغان ھاياتى، دۈچ كەلگەن قىيناشلار ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا بىر - بىرلەپ جانلىنىپ ئۇنىڭ غەم - قايغۇسىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇۋەتتى.

ھۆرلۈكنىڭ شاراپىتىدىن قېنىپ - قېنىپ ئىچكەندىن كېيىن، يەنە قۇللۇق ئاسارىتىگە قايتارمەنمۇ؟ دېدى ئۇ ئۆز ئۆزىگە. ئۇنى قاتتىق كەلگەن ئۇيقۇسى بىلەن بىئاراملىق ۋە غەمكىنلىك تەڭلا ئۆز قۇچىقىغا ئالغان ئىدى. ئۇ ئاسمانغا قاراپ ئوڭدا ياتتى. ئۇ قىلىچىنى قىنىغا سېلىپ، نەيزىسىنى، ئاياغلىرىنى باش تەرىپىگە قويۇپ ياتتى. ئۇ بىردەم ئۇخلىغاندەك بولدى - يوق، تۇيۇقسىز ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى. تېخىچە كېچە ۋاقتى ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتىپ يەنە قايتا ئۇيقۇغا باش قويدى. ئەمدى كۆزى ئۇيقۇغا بېرىشى بىلەن يەنە ئويغاندى. كېچىنى مۇشۇ ھالەتتە ئۆتكۈزدى. سەھەر ۋاقتىنىڭ تۇنجى نۇرلىرى بىلىنىشكە باشلىدى. ئۇ ئەمدى مەسجىدكە ماڭاي دەپ تۇرغىنىدا ھەرقانداق ئادەمنى ئويغىتىۋېتىدىغان بىر ئاۋازنىڭ: بىلال ... بىلال ... دەپ چاقىرغانلىقىنى ئاڭلىدى. «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سېنى چاقىردۇ» بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇلارنى ئاڭلار - ئاڭلىماس پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا بېرىش ئۈچۈن يۈگۈردى. يولدا ئىچ - ئىچىگە پاتمىغان ھالدا: «ئاللاھ تەرىپىدىن بىرەر قۇتۇلۇش يولى ئېھسان ئېتىلگەنمۇ قانداق؟» دېگەن سۆزنى تەكرارلايتتى. ئۇ، ئۇدۇل پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىگە بېرىپ كىرىش ئۈچۈن رۇخسەت سوراپ ئىشىك ئالدىدا تۇردى. ئەندىشە بىلەن ئۈمىد ئارىلاشقان بىر تۇيغۇ ئۇنىڭ مەنىۋىيىتىنى لەرزىگە سالاتتى. كىرىشكە رۇخسەت بېرىلدى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كىردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەرھال ئۇنىڭغا:

- «خوش خەۋەر، ئى بىلال! ئاللاھ ساڭا قەرزىنى ئۆتەيدىغان نەرسىنى ئېھسان قىلدى.» دەپ ئۇنى خوش قىلىۋەتتى.

- ئەلھەمدۇلىللاھ.

- «سىرتتا تۆت دانە چۆكتۈرۈلگەن تۆگە كۆرمىدىڭمۇ؟»

-كۆردۈم.

- «ئۇ تۆگىلەر ئۈستىدىكى ماللىرى بىلەن ساڭا تەۋە بولدى. بېرىپ قەرزىڭنى تۆلىۋەتكىن.»

بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سۆيۈنىش ئىچىدە ئۆيدىن چىقىپ تۆگىلەر تەرەپكە باردى. ئۇ نېمىلەرنى كۆردى دېمەيسىز! ئۈستىگە ئوزۇق - تۈلۈك ۋە كىيىم كېچەك ئارتىلغان تۆت تۆگە. قەبىلە باشلىقلىرىدىن بىرى ئۇلارنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھەدىيە قىلىپ ئەۋەتكەن ئىدى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تۆگىلەرنىڭ ئۈستىدىكى يۈكلەرنى چۈشۈردى. ئۇ خوشلۇقتىن ئۇچىدىغاندەك ھالدا يەڭگىل قەدەملەر بىلەن يۈرۈپ ھايۋانلارغا يەم بەردى. ئاندىن بېرىپ بامدات نامىزىغا ئەزان ئېيتتى. نامازدىن كېيىن «باقىيە» دېگەن يەردىكى تۆپىلىككە چىقتى. ئۇ قوللىرى بىلەن قۇلاقلىرىنى ئېتىپ تۇرۇپ ئاۋازىنىڭ بېرىچە:

- كىمنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئالىدىغان ئېلىشى بولسا كەلسۇن! دەپ ۋارقىرىدى.

بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قەرزلەرنى قايتۇرۇشقا باشلىدى. يەھۇدىي سودىگەرمۇ بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا يېتىپ كەلگەن ئىدى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا:

- سەن مېنىڭدىن ئالماقچى بولغانلىرىڭنى ئال،

بۇندىن كېيىن ھەرگىزمۇ سەندىن نەرسە ئالمايمەن، دېدى.

يەھۇدىي بىر تۇزاق قۇرغان بولسىمۇ ئاللاھ ئۇنىڭ تۇزىقىنى بىكار قىلغان ئىدى. يەھۇدىي ئۈمىد قىلغىنىغا ئېرىشەلمىگەنلىكتىن پەرىشان ھالدا قايتتى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئاللاھنىڭ ئاتا قىلغان بۇ رىزقىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھېچكىمدە ئېلىشى قالمىغانغا قەدەر تارقىتىشقا باشلىدى. ئاخىرىدا بولسا بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قولىدا ئىككى ئوقىيە ئالتۇن قالغان ئىدى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەسجىدكە باردى. قۇياش ئوبدانلا كۆتۈرۈلۈپ قالغانىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسجىدتە يالغۇز ئولتۇرغانىدى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى كۆرۈش بىلەن:

- «قانداق قىلدىڭ؟» دەپ سورىدى.

- ئاللاھ پەيغەمبەرگە تەۋە بولغان بارلىق قەرزلەرنى ئۆتىدى.

- «بىرەر نەرسە ئاشتىمۇ؟»

- شۇنداق، پەقەتلا ئىككى ئوقىيە ئالتۇن قالدى.

- «سەن ئۇ ئىككىسىدىنمۇ مېنى قۇتۇلدۇرغىن. ئۇ ئىككىسىدىن مېنى قۇتۇلدۇرمىغىچە مەن ئائىلەمگە قايتمايمەن.»

ئۇلار مەسجىدتە ئولتۇرۇپ بىرەر موھتاج كىشىنىڭ كېلىشىنى ساقلاشقا باشلىدى. ئەمما ھېچكىم كەلمىدى. ئەتىسىمۇ تا كەچكىچە ئۆزلىرىنى بۇ ئىككى ئوقىيە ئالتۇندىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن قورساقلىرىنى تويغۇزىدىغان ۋە ئۇچىلىرىغا كىيدۈرىدىغان بىرەرسىنىڭ كېلىشىنى ساقلاپ مەسجىدتە قېلىپ قالدى. ئۇلار ئالتۇن يىغىپ ساقلىغۇچىلار قاتارىدىن بولۇپ قالماسلىق يەنى ئاللاھنىڭ: «ئالتۇن - كۈمۈش يىغىپ، ئۇنى ئاللاھنىڭ يولىدا سەرپ قىلمايدىغانلارغا (دوزاختا بولىدىغان) قاتتىق ئازاب بىلەن بېشارەت بەرگىن» دېگەن كىشىلەردىن بولۇپ قالماسلىق ئۈچۈن موھتاج بىرىنى ساقلاپ ئولتۇرۇشاتتى.

كەچ كىرەي دېگەندە مەسجىدكە ئىككى يېقىر يولۇچى كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا پۇلارنى ئېلىپ بېرىپ قولىدىكى پۇلغا پۇلارنى تويغۇزۇشقا ۋە كىيىم ئېلىپ بېرىشكە بۇيرۇدى. خۇپتەن نامىزىدىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى يېنىغا چاقىرىپ:

- «قانداق قىلدىڭ؟» دەپ سورىدى.

- ئاللاھ سېنى ئۇ مالدىن قۇتقۇزدى، دەپ ئويلايمەن، دېدى بىلال. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەلھەمدۇلىللاھ» دەپ ئاللاھقا شۈكرە ئېيتتى.

## مەككىگە قاراپ سەپەر

بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرۇپ خىيال قىلىۋاتاتتى. بولۇپ ئۆتكەن ئىشلار خۇددى كىنو فىلىمىدەك ئۇنىڭ زېھنىدىن بىر- بىرلەپ تىزىلىپ ئۆتمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ خىياللىرى ئۇنى بۇتپەرەسلىكتىن دوزاختەك ھالەتكە كەلگەن مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلغان مەدىنىگىچە ئېلىپ كەلدى. ئۇندىن كېيىن يەنە ئۆزىنى ئاللاھنىڭ ئىسمىنى ئۇلۇغلاش ئۈچۈن قاتناشقان غازات مەيدانىنىڭ چاڭ- توزاڭلىرى ئىچىدە كۆردى. ئاندىن كېيىن ئۆزىنى ئوھۇد ئۇرۇشى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كۈندە تۇرغاندەك ھېس قىلدى. بېشىغا كەلگەن بالا ۋە ئۇچرىغان مۈشكۈللىكلىرىنى ئەسلىدى. كاپىرلارنىڭ توپ - توپ بولۇپ ئۇ تەرەپكە كەلگەن كۈنى بولغان خەندەك قېزىش كۈندە ئۆزىنى مۇرىسىدە توپا توشۇۋاتقان ھالدا كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. ئۇ يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرلىكتە بەنى قۇرەيزەنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئارىلىرىدىكى كېلىشىمنى بۇزغانلىقى ئۈچۈن ئۇلاردىن قىساس ئېلىش مەيدانىدا، خۇزائە قەبىلىسىدىن بولغان بەنى مۇستەلىق ئوغۇللىرى بىلەن بولغان ئۇرۇش مەيدانىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. ۋاقىت بىر - بىرىنى قوغلىشىپ ئارىدىن يىللار، ئايلار ئۆتكەندى. كۈپۈر بىلەن ئىمان ئارىسىدىكى ئۇرۇشلار ئاخىرلاشقان ئىدى. كاپىرلار ئېغىزلىرىدا ئاللاھنىڭ نۇرىنى ئۆچۈرمەكچى بولغانىدى، ئەمما ئاللاھ ئۆز نۇرىنى پۈتۈنلىگەن ئىدى. مۇسۇلمانلار ئەتراپىدىكى دۈشمەنلىرى ئۈستىدىن غەلبە قىلغان، مۇسۇلمانلارنىڭ مەدىنىدىكى تەسىر دائىرىسى كۈچەيگەن، ئالدىدا بولسا مەككىدىن باشقا ھېچقانداق بىر توسقۇنلۇق قىلىدىغان يەر قالمىغانىدى. ئاللاھ قۇرەيشنى پەرىشان قىلىپ مەككە مۇشرىكلىرىنى باش ئەگدۈرۈش بىلەن «كەلىمە تەۋھىد» ساداسى ھەر يەردە جاراڭلاپ، ئەرەبلەر ھېچ شېرىكى بولمىغان ئاللاھنىڭ بىرلىكىگە باش ئەگكەن ئىدى.

بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سۆيۈملۈك ئانا تۇپراقلىرىنى سېغىنغانىدى. ئۇ يۈرىكىنىڭ مەككىگە تەلپۈنۈۋاتقانلىقىنى ھېس قىلاتتى. «ئى مەككە!... ئى شەھەرلەرنىڭ ئانىسى!... كۆزلىرىمىز سېنى يەنە بىر قېتىم كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولارمۇ؟!» دېدى ئۇ شىۋىرلاپ تۇرۇپ. ئۇ، مەككىنىڭ ئۆزىگە ئوقيا يايىنىڭ كىرىچىگە يېقىن بولغىنىدەك يېقىن قالغانلىقىنى ھېچ بىلمەيتتى.

* * * * *

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسجىدتە ساھابىلىرى بىلەن ئولتۇرۇپ ئۇلارغا ئۆزى كۆرگەن بىر چۈشنى سۆزلەپ بېرىپ مۇنداق دېدى:

-«قەسەم قىلىمەنكى، ئاللاھ ئۆزىنىڭ پەيغەبىرىنىڭ چۈشىنى رېئاللىققا چىقاردى. ئاللاھ خالىسا سىلەر بىخەتەر ھالدا چاچلىرىڭلارنى چۈشۈرۈپ، ياكى قىسقارتىپ ھەرەم مەسجىدىگە قورقماستىن كىرەلەيسىلەر. سەپەرگە تەييارلىق قىلىشنى باشلىساڭلار بولىدۇ، نىيىتىڭلار ئۆمرە ۋە بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلىش بولسۇن.»

بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇلارنى ئاڭلاپ كۆڭلى تولىمۇ خۇرسەن بولدى. ئۇ تۇرغان يېرىدە تۇرالماس بولۇپ قالغاندەك، ھازىرلا قانات چىقىرىپ ئۇچىدىغاندەك ھالغا كەلگەندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چۈشى ئۇنىڭ ئۈمىدلىرىنى كۈچەيتكەن ئىدى. ئۇ مەككىگە بارىدۇ، مەككە تۇپراقلىرىنىڭ خوشبۇي پۇراقلىرىدىن قانغىچە پۇرايدۇ، بەيتۇللاھنى زىيارەت قىلىدۇ. سەفا بىلەن مەرۋە ئارىسىدا سەئيى قىلىدۇ. شۇنداق!... پات يېقىندا يۈرىكىنى كۆيدۈرۈپ كېلىۋاتقان سېغىنىش ئوتلىرى ئۆچۈرىلەتتى. خەۋەر بېرىلگىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چۈشى ئەمەسمۇ؟ ئۇنىڭ چۈشى قاچان ئەمەلىيەتكە ئايلانمىغان! ئۇنىڭ كۆرگەن چۈشلىرى سەھەرنىڭ يورۇقلىقىدەك ئاپ -

ئاشكارا رىئاللىقتا ئايلانمىدىمۇ؟ بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەمدى مەككىنى كۆرەلەيدىغان، دۇنياغا كۆز ئېچىپ تۇنجى كۆرگەن بەنى جۇمۇھ مەھەللىسىنى ئايلىنالايدىغان بولدى. ئى ئۇلۇغ رەببىم! بۇ نېمىدېگەن چوڭ بەخت!

ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەن بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەككىگە بېرىش ئۈچۈن تەييارلانغان قېرىنداشلىرىنىڭ ئارىسىغا قېتىلدى. ئۇلار ئۆزلىرى ئۈچۈن رىئاللىقتا ئايلىنىش ئالدىدا تۇرغان گۈزەل ئارزۇلىرى بىلەن ئۇچرىشىش ئۈچۈن سەپەرگە ئاتلاندى. ئۇلار تاغلاردىن ئېشىپ، جىلغىلارنى كېزىپ دېگەندەك يولنى داۋام قىلدى. راستىنى ئېيتقاندا ئۇلارنى ئۈمىد ۋە ئىمانلىرى ئېلىپ مېڭىۋاتاتتى. ئۇلار يولدا ئۆزلىرى تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقان بىر ئادەمنى ئۇچراتتى. ئۇ ئادەم يېتىپ كېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قاراپ:

- قۇرەيش، سېنىڭ يولغا چىققانلىقىڭدىن ۋە كۆرگەن چۈشۈڭدىن خەۋەردار بولۇپتۇ، دېدى.

- «مۇنداق دېگىن، ئى خەۋەرچى! ئۇلار بۇ خەۋەرگە قانداق ئىنكاستا بولدى ۋە قانداق تەييارلىق قىلىشتى؟» دېدى.

- ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئۇلار بالا - چاقىلىرىنى ئېلىپ چىقىپ شىر تېرىسىدىن ساۋۇتلارنى كىيگەن هالدا سىلەرنى مەككىگە ھەرگىزمۇ كىرگۈزمەسلىك ئۈچۈن قەسەم ئىچىشىپتۇ. خالىد ئىبنى ۋەلىد خاس تاللانغان كىشىلەر بىلەن بىرلىكتە ئاتلىق قوشۇن بولۇپ سېنىڭ ئالدىڭغا چىقىپتۇ. ھازىر قارائۇ غەمىم دېگەن يەردە.... دېدى.

- «ۋاي ئۇلارنىڭ هالىغا، قۇرەيش هالاك بولىدىغان بولدى، ئۇرۇش ئۇلارنى يوق قىلىدۇ. مېنىڭ بىلەن باشقا ئەرەبلەرنىڭ ئارىسىدىن چىقىپ كەتسە نېمە بولاتتى. ئۇلار مېنى يەڭسە ئۇلارنىڭ ئارزۇلىرىمۇ شۇ بولغاندىن كېيىن ئۇلار ئارمانلىرىغا يەتكەن بولماسمىدى؟ ئەگەر ئاللاھ مېنى ئۇلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلدۇرسا ئىسلامغا ھەممىسى بىرلىكتە كىرەتتى. ئەگەر ئۇلار بۇنداق قىلىشقا ئۇنىمىغىنىغا قارىغاندا تۇتۇشۇپ باقماقچى بولغان ئوخشايدۇ. قۇرەيش ئۆزلىرىنى نېمىدەپ ئويلاپ قالغاندۇ؟ ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، تاكى بېشىم بوينۇمدىن ئايرىلغىنىغا قەدەر ئاللاھ مېنى تەبلىغ قىلىشقا بۇيرۇپ ئەۋەتكەن دىننى ئۈستۈن قىلىش ئۈچۈن ھەقنىڭ قىلىچى بىلەن ئۇرۇشۇشنى داۋام قىلىمەن. بىزنى كىم ئۇلارنىڭ يوللىرىنىڭ سىرتىدىكى بىر يولغا چىقىرالايدۇ؟»

مۇھاپىزەتچىلەردىن بىرى كېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆگىسى قەسۋانىڭ چۇلۋۇرىنى تۇتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يولغا راۋان بولدى. مۇسۇلمانلار ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇلار ئاخىرىدا كەڭرى كەتكەن بىر تۈزلەڭلىككە يېتىپ كېلىشتى. ئۇلار يوللىرىنى داۋام قىلىۋاتاتتى. تۇيۇقسىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆگىسى مېڭىشتىن توختىۋالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ھەرقانچە دېۋىتىپ باقسىمۇ ئۇ قىمىر قىلماي تۇراتتى. مۇسۇلمانلار: «قەسۋا ئەسكىلىك قىلىۋاتىدۇ» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن: «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئۇ ئەسكىلىك قىلمايدۇ، ئۇنىڭ بۇنداق بىر قىلىقىمۇ ھەم يوق ئىدى. پەقەت پىلنى مەككىگە كىرىشتىن توسقۇچى قەسۋانىمۇ توسماقتا، جېنىم ئۇنىڭ ئىلكىدە بولغان

www.uyghurkitap.com

ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، قۇرەيش مۇشرىكلىرى ئاللاھنىڭ ھەرەمدە قىلىنىشى گۇناھ بولىدىغان ئىشلارنى قىلىشنى مەندىن تەلەپ قىلىپ قالسا مەن ئۇلارنىڭ تەلەپلىرىنى ھەرگىزمۇ قوبۇل قىلمايمەن.» دېدى.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن قۇرەيش ئەلچىلىرى ئارىسىدا ئەلچىلەر كېلىپ - كېتىپ تۇردى. ئاخىرىدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن قۇرەيش مۇشرىكلىرى ئارىسىدا مۇسۇلمانلار بۇ يىل ئۆمرە قىلماستىن قايتىپ كېتىشكە سۈلھى تۈزۈشتى. سۈلھىدە: كېلەر يىلى مۇسۇلمانلار مەككىگە كېلىدۇ، قۇرەيش مەككىنى بىكارلاپ بېرىدۇ، مۇسۇلمانلار مەككىدە ئۈچ كۈن تۇرىدۇ، بۇ مەزگىل ئىچىدە مۇسۇلمانلار قىنىغا سېلىنغان قىلىچلىرىدىن باشقا ھېچقانداق ئۇرۇش قوراللىرىنى ئېلىپ يۈرمەيدۇ. ھەر ئىككى تەرەپ ئون يىل ئۇرۇش قىلىشمايدۇ. قۇرەيشلىك تەرەپتىن ھەرقانداق بىر ئادەم مۇسۇلمانلار تەرەپكە پاناھ تارتىپ بارسا ئۇ ئادەم قۇرەيشلىكلەرگە قايتۇرۇپ بېرىلىدۇ، مۇسۇلمانلار تەرەپتىن بىرى قۇرەيش تەرەپكە پاناھلىق تىلەپ بارسا ئۇ ئادەم مۇسۇلمانلارغا قايتۇرۇلمايدۇ. كىشىلەردىن بىرەرسى قۇرەيشنىڭ ھىمايىسىگە كىرىشنى خالىسا قۇرەيشنىڭ، مۇسۇلمانلارنىڭ ھىمايىسىگە كىرىشنى خالىسا مۇھەممەدنىڭ ھىمايىسىگە كىرەلەيدۇ... دېگەنلەر شەرت قىلىنغانىدى.

بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ «ھۇدەيبىيە سۈلھىسى» دەپ ئاتالغان بۇ سۈلھىنىڭ مەزمۇنىدىن خەۋەردار بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ قانچىلىك غەزەپلەنگەنلىكى يۈزىدىكى ئىپادىلىرىدىن مانا مەن دەپ ئاشكارا بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئىچى شۇنچىلىك تىت - تىت بولغان ئىدىكى ئۇمىدسىزلىك ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئۆرتەيتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ يىل ئۆمرە قىلالمايدىغانلىقىنى، مەككىنى كۆرەلمەيدىغانلىقىنى، كۆڭلىدىكى سېغىنىشتىن ۋولقان بولۇپ يانغان ئىشتىياق ئوتىنىڭ ئۆچۈرۈلمەي قايتىدىغانلىقىنى ئويلاپ بىئارام بولاتتى.

ئاچچىق ۋە كۆڭۈللەرنى يېرىم قىلىدىغان بۇ خەۋەر مۇسۇلمانلار ئارىسىغا تارقالغان ئىدى. ئۇلار بىر - بىرلىرىگە:

- پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنداق مەزمۇندىكى سۈلھى تەلەپلىرىنى قانداقمۇ قوبۇل قىلغاندۇ، مۇسۇلمان بولغان ھالدا كەلگەن بىرىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى، دىندىن قايتقان بىرىنى قۇرەيشنىڭ ھىمايىسىگە تاشلاپ بېرىشنى قانداقمۇ قوبۇل قىلغاندۇ؟ قۇرەيش مۇشرىكلىرى ئارزۇلىرىغا ئېرىشتى... دېيىشىپ ئۆزلىرىنىڭ ئەندىشىلىرىنى ئاشكارىلىدى.

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇنىڭدىن ئارتۇق چىداپ تۇرۇشقا تاقەت قىلالمىدى، ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ باردى ۋە:

- سەن ئاللاھنىڭ ھەق پەيغەمبىرى ئەمەسمۇ؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- «شۇنداق! مەن ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىمەن» دېدى.

- بىز مۇسۇلمان ئەمەسمۇ؟

- «شۇنداق بىز مۇسۇلمان»

- ئۇلار مۇشرىك ئەمەسمۇ؟

- «شۇنداق ئۇلار مۇشرىكلاردۇر.»

- ئۇنداقتا بىز نېمە ئۈچۈن ئۇلارنىڭ دىنىمىزنى تۆۋەن ئورۇندا كۆرگەندەك قىلغان بۇ سۆلھىسىنى قوبۇل قىلدىكەنمىز؟

- «مەن، ئاللاھنىڭ قۇلى ۋە ئەلچىسىمەن، ئاللاھنىڭ ئەمرىگە بويسۇنمايدىغان ئىشنى ھەرگىزمۇ قىلىپ سالمايمەن، ئۇمۇ مېنى يالغۇز تاشلاپ قويمايدۇ.»

- بىز بەيتۇللاھقا بېرىپ، ئۇنى تاۋاپ قىلىدىغانلىقىمىزنى دېيىشمىگەنمىدۇق؟

- «شۇنداق، ئەمما ئۇ يەرگە چوقۇم بۇ يىل كىرىمىز، دېگەن بىرەر سۆز بولدىمۇ؟»

- ياق.

- «يەنە شۇنداق دەيمەنكى، سەن چوقۇم بەيتۇللاھقا بارىسەن ۋە ئۇنى تاۋاپ قىلىسەن.»

ھۇدەيبىيە سۆلھىسى ئىمزالاندى. مۇسۇلمانلار دىللىرى كەئبىنى تاۋاپ قىلىش ئىشتىياقىغا ۋە مەككىنى بىر كۆرۈۋېلىش ئارمىنىغا يېتەلمىگەن ھالدا ھەسرەت ئىچىدە مەدىنىگە قاراپ بۇرۇلدى.

**لا ئىلاھە ئىللەللاھ**

قۇرەيش مۇشرىكلىرىنىڭ ھۇدەيبىيە سۆلھىسىنى بۇزغانلىقى ۋە بەرگەن ۋەدىلىرىگە خىلاپلىق قىلغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرلەر مەدىنىگە يېتىپ كەلگەنىدى. قۇرەيشنىڭ ئىتتىپاقدىشى بولغان بەنى بەكر قەبىلىسى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىتتىپاقدىشى بولغان خۇزائە قەبىلىسىنى باستۇرۇش ئۈچۈن قوشۇن تەييارلىغان، قۇرەيشمۇ خۇزائە قەبىلىسىنى باستۇرماقچى بولغان بەنى بەكر قەبىلىسىگە ياردەم بېرىش ئارقىلىق سۆلھنى بۇزغان ئىدى. خۇزائە قەبىلىسىنىڭ رەئىسلىرىدىن ئەمر ئىبنى سالىمنىڭ مۇسۇلمانلاردىن ياردەم تەلەپ قىلغانلىقى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بولسا ئۇنىڭغا ياردەم بەرمەكچى بولغانلىق خەۋىرى تارقالغان بولۇپ، مۇسۇلمانلار بۇنىڭدىن بەكلا خۇرسەن بولۇشتى.

مۇسۇلمانلار دەسلەپتە، ھۇدەيبىيە سۆلھىسى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەمەس، بەلكى مۇشرىكلارنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن ماقۇللاندى، دەپ پەرەز قىلىشقانىدى. ئۆزلىرىنى خۇددى پۇت - قولى باغلانغان ھالدا ھەق - ھوقۇقلىرىدىن مەھرۇم قىلىنغاندەك، تارچىلىق ئىچىدە قالغاندەك ھېس قىلىشقانىدى. ھالبۇكى، ئەمدى بولسا ھېچ ئۇنداق ئەمەس بولغان بىر ئەمەلىيەت ئۇلارغا ئاشكارا بولماقتا ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ ھەممە يېرىدىكى ئىتتىپاقداش قەبىلىلەرنى چاقىرغان ھامان يېتىپ كېلەلەيدىغان بولۇشى ئۈچۈن تەييارلىنىپ تۇرۇشنى خەۋەر قىلىدىغان خەۋەرچىلەرنى ئۇلارغا ئەۋەتكەنىدى. بۇنىڭ بىلەن مۇزەينە، غىفار، ئەشجا ۋە سۇلەيم قەبىلىلىرى كەلدى. مۇسۇلمانلار قوشۇنى يىغىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا يۈرۈش قىلىدىغان نىشانىنىڭ مەككە بولىدىغانلىقىنى ئاشكارىلىدى. يەنە بىر تەرەپتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە مۇسۇلمان قوشۇنىنىڭ پائالىيەتلىرىدىن قۇرەيشنىڭ خەۋەر تېپىپ قالماسلىقى ئۈچۈن بەزى تەدبىرلەرنى ئالدى. قۇرەيش جاسۇسلىرىنىڭ ئەھۋالدىن خەۋەردار بولۇپ قالماسلىقى، ھەرىكەتلىرىنى بىلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېرەكلىك ئېھتىياتچانلىق كۆرسىتىش بىلەن بىرگە دۇئالىرىدا ئاللاھقا بۇ ھەقتىكى ئۈمىد ۋە تىلەكلىرىنى بىلدۈرەتتى.

www.uyghurkitap.com

بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قوشۇننىڭ ئۇدۇل مەككىگە قاراپ ئىلگىرىلەيدىغانلىقىنى بىلىپ يەتكەن ئىدى. قاتتىق ئازاب - ئوقۇبەتكە دۇچار بولغان، دىنى سەۋەبىدىن قوغلانغانىدەك چىقىرىلغان مەككىگە... ئۇيقۇدا چۈشلىرىدىن، ئويغانغاندا كۆز ئالدىدىن كەتمەيدىغان مەككىگە... قەلبىنى مۇھەببىتى بىلەن تېپچەكلەتكەن مەككىگە... ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنىنى ئاجايىپ تەسۋىرلىگۈسىز بىر جۇشقۇن كەيپىيات چۇلغىۋالغان ئىدى. يۈزلىرى خۇشاللىقتىن پارقىراپ كەتكەن ئىدى. مۇقەددەس تۇپراقلارغا قاراپ ئىلگىرىلەۋاتقان قوشۇن ئىچىدە كۆڭلى سۆيۈملۈك يۇرتىنى كۆرۈش ھاياجىنى بىلەن تولغان بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ناھايىتى چاققان ۋە يەڭگىل قەدەملەر بىلەن ئىلگىرىلەيتتى.

قوشۇن مەككىگە ئاز قالغاندا توختاپ ئۇ يەردە بارگاھ قۇردى. مەشئەللەر يېقىلدى. ئەبۇ سوفيان سىرتقا چىقىپ ھاياتىدا ھېچ ئوخشىشى بولمىغان مەشئەل ۋە قوشۇننى كۆردى. ئۇ ھەيرانلىقتا نېمە قىلارىنى بىلمەي قالغانىدى. ئۇ ئوردىنى يىراقتىن كۆزىتىپ تۇرغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇ ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نېمە ئىش بولغانلىقىنى سورىدى. ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

كۆرۈپ تۇرغىنىڭ ئاللاھنىڭ ئىنسانلارغا ئەۋەتكەن پەيغەمبىرى ۋە ئۇنىڭ قوشۇنىدۇر. ئەگەر ئۇ مەككىگە باستۇرۇپ كىرىپ قالسا ئىنسانلارنىڭ ھالىغا ۋاي، دېدى.

ئەبۇ سوفيان كۆرۈپ تۇرغان بۇ مەنزىرىدىن تولىمۇ ئەنسىزلىككە چۈشتى. بۇ كۈچلۈك قوشۇنغا قۇرەيشنىڭ تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى ئېنىق كۆرۈپ يەتتى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپ، ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولدى ۋە مەككىگە قايتىپ كېلىپ مۇنداق جاكارلىدى:

- ئى قۇرەيشلىكلەر! مۇھەممەد سىلەر ھېچ تەڭ كېلەلمەيدىغان بىر كۈچ بىلەن يېتىپ كەلدى. كىمكى ھەرەم شەرىپىنىڭ ئىچىگە كىرىۋالسا ئامان قالىدۇ، كىمكى ئەبۇ سوفياننىڭ ئۆيىگە كىرىۋالسا ئامان قالىدۇ.

كىشىلەرنىڭ يۈرەكلىرى قورقۇنچتىن ئاغزىغا تىقىلغان ئىدى. قورققان بۇ كىشىلەر كەئبىگە ياكى ئۆيلىرىگە قېچىشقا باشلىغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «زۇ تۇۋا» دېگەن تۆپىلىككە چىقىپ مەككىگە نەزەر تاشلايتتى. بۇ يەردە بىرەر قارشىلىق كۆرسىتىش ئالامىتىنىڭ يوقلۇقىنى كۆردى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا شۈكرى ئېيتىش يۈزىسىدىن ئۇلۇغىنىڭ ئۈستىدە سەجدىگە باش قويدى.

بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرلىكتە مەككىگە كىردى. ئۆپكىسىنى مەككىنىڭ ھاۋاسى بىلەن نەپەسلەندۈرۈشكە، سىغىنىش پىراقىدا تالغان كۆزلىرىنى ئۇنىڭ كۆرۈنۈشلىرى بىلەن قاندۇرۇشقا تىرىشتى. راستىنى ئېيتقاندا بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەككىگە تەشنالىقتىن چىدىغۇسىز بىر ھالەتكە كەلگەن ئىدى. ئۇ يەرگە كىرىش بىلەن بۇ تەشنالىقى قانغانىدەك بولدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۆگىسىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغان ھالدا بەيتۇللاھنى يەتتە قېتىم تاۋاپ قىلدى. تاۋاپ ئاخىرلاشقاندىن كېيىن كەئبىنىڭ ئىشىكى تەرەپكە بۇرۇلۇپ، كەئبىنىڭ ئىشىكىنىڭ

قۇلۇپلاقلىق ئىكەنلىكىنى كۆردى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ئوسمان ئىبنى تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئاچقۇچنى ئېلىپ كېلىشكە بۇيرىدى. ئۆزى بولسا كەئبىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا تۇردى ۋە:

«ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر، ئۇ بىردۇر، ئۇنىڭ شېرىكى يوقتۇر، ئۇ، بۇ ۋادىدا تۇغۇلغان كىشىنى زەپەرگە ئىگە قىلدى ۋە يالغۇز ھالىغا شۇنچە كۆپ ئەھلى ئىنسانغا خىزمەت قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلدى.» دېدى. بۇ ئارىدا بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ئوسمان ئىبنى تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قايتقان بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا:

«ئى ئوسمان، ئاچقۇچنى ئېلىپ كەل! بۈگۈن ياخشىلىق ۋە ۋاپادارلىق كۈنىدۇر.» دېدى.

كەئبىنىڭ ئىشىكى ئېچىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، بىلال، ئۇسامە ئىبنى زەيد ۋە ئوسمان ئىبنى تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار بىلەن بىرلىكتە كەئبىنىڭ ئىچىگە كىردى. ئىشىك ئۇلارنىڭ ئارقىلىرىدىن يېپىۋېتىلدى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارقىسىدا تۇراتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇدى. ئاندىن كەئبە ئىچىدىكى بۇتلارغا بۇرۇلدى. مۇشرىكلار تەرىپىدىن خۇددى پەرىشتىلەر شەكلىدە ياسالغان بۇتلارغا، قولىدا پال ئوقلىرى بىلەن كىشىلەرنىڭ قىسمىتىگە پال ئاچقۇچى قىلىپ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ شەكلىدە ياسالغان بۇتقا قارىدى ۋە: «ئاللاھ ئۇلارغا لەنەت قىلسۇنكى، پېشۋايىمىز ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام خۇددى پال ئوقلىرى بىلەن قىسمەتلەرنى ئىزدىگۈچى قىلىپ تەسۋىرلىنىپتۇ. ئىبراھىمنىڭ پال ئوقلىرى بىلەن قانداقمۇ بىر باغلىنىشى بولسۇن؟!» دېدى. ئاندىن كېيىن: «ئىبراھىم يەھۇدىيمۇ ئەمەس، ناسارامۇ ئەمەس ۋەلېكىن توغرا دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى، ئاللاھقا بويسۇنغۇچى ئىدى، مۇشرىكلاردىن ئەمەس ئىدى» دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى، ئاندىن كېيىن قولىدىكى ھاسىسى بىلەن بۇتلارنى بىر- بىرلەپ ئۇرۇپ چۈشۈرگەچ:

«ھەقىقەت (يەنى ئىسلام) كەلدى، باتىل (يەنى كۇفرى) يوقالدى. باتىل ھەقىقەتەن ئوڭاي يوقىلىدۇ، دېگەن.» دېگەن ئايەتلەرنى ئوقۇدى.

ئارىدىن خېلى بىر مەزگىل ئۆتۈپ كەئبىنىڭ ئىشىكى قايتىدىن ئېچىلدى. كىشىلەر توپى ئىشىككە قاراپ يوپۇرۇلدى. ئەبۇ سوفيان ئىبنى ھەرب، ئەتتاب ئىبنى ئۇسەيد ۋە ھارىس ئىبنى ھىشام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇم قاتارلىقلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ ھەممىسى بىرلىكتە كەئبىنىڭ ھويلىسىدا ئولتۇرۇشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- «ئى قورەيش خەلقى! سىلەر مېنى ئۆزەڭلار ھەققىدە قانداق ھۆكۈم چىقىرىدۇ، دەپ ئويلاۋاتىسىلەر؟!» دېدى.

- ياخشىلىقنى ئۈمىد قىلىۋاتىمىز، سەن ئېسىل بىر قېرىنداشىمىزدۇرسەن، ئالىيجاناب بىر قېرىنداشىمىزنىڭ ئوغلىسەن، دېيىشتى ئۇلار.

- «بولدى بېرىۋېرىڭلار، ھەممىڭلارنى ئەركىن قويۇۋەتتىم.»

ئاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئەزان ئوقۇشقا بۇيرۇدى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كەئبىنىڭ ئۆگزىسىگە چىقىشقا تەييارلاندى. كىشىلەر ھەيران قالغان ھالدا بىلال

www.uyghurkitap.com

رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا قارايتتى ۋە ئۆز ئارىلىرىدا مۇنداق دېيىشەتتى:

- «بۇ قۇل نېمە قىلىۋاتىدۇ، ئەمدى؟ ئۇ بۇنداق قىلىشقا قانداقمۇ جۈرئەت قىلغاندۇ؟ ... بۇندىن بۇرۇن ھېچكىم چىقىپ باقمىغان كەئبىنىڭ ئۆگزىسىگە چىقىشقا قانداقمۇ جۈرئەت قىلغاندۇ؟...

سەئد ئىبنى ئاسىم دېگەن كىشىنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىدىن بەزىلىرى ئۇ يەردە بولۇپ، ئۇلارمۇ: ئىلاھ سەئدكە ئېھسان قىلىپ، كەئبىنىڭ ئۆگزىسىدىكى بۇ قارا قۇلنىڭ ئاۋازىنى ئۇنىڭغا ئاڭلاتماستىن ئۇنىڭ جېنىنى ئېلىپتۇ، دېيىشتى.

كىشىلەر يۈگۈرگەن پېتى قۇرەيش مۇشرىكلىرىنىڭ كاتتىۋاشلىرىنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلدى ۋە مۇشرىكلاردىن ھارىس ئىبنى ھىشامغا:

- ئاۋۇ قۇلنىڭ نەگە چىققانلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ دېدى.

- بولدى قىلىڭلار! ... ئەگەر ئاللاھ بۇنداق بولۇشىنى خالىمىغان بولسا ئەلۋەتتە ئۇنىڭغا پۇرسەت بەرمىگەن بولاتتى.

بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كەئبىنىڭ ئۆگزىسىگە چىقتى. قۇرەيش خەلقى ئىلاھلىرىنىڭ بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا بىرەر بالا كەلتۈرۈشىنى ئۈمىد قىلىشقان ھالدا تۇرۇشاتتى. ئەمما ئۇلارنىڭ قۇلىقىغا بولسا بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېقىملىق ئاۋازى كېلىپ قويۇلدى. ھەممە ئادەم خۇددى بېشىغا قونغان قۇشنى ئۈچۈرىۋەتمەسلىك ئۈچۈن جىم تۇرغاندەك سۈكۈت ئىچىدە تۇرۇپ قېلىشتى. سۈكۈنات ھەر نەرسىگە ھۆكۈمران بولغان ئىدى. بۇ ئاۋاز يۈرەك پەردىلىرىنى تىترىتىپ ھەر كىشىنى مەستخۇش قىلىۋەتكەنىدى. مۇسۇلمانلارنىڭ يۈزلىرىدە بولسا چوڭقۇر بىر خۇشۇ ئالامىتى كۆرۈنەتتى. مۇشرىكلارنىڭ ئۈمىدلىرى بىكارغا چىقىپ قورقۇش ۋە چۆچۈشلىرى ئۇلارنى ئۆز ئىلكىگە ئالغانىدى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئاۋازى بۇتپەرەسلىكنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى ۋە ئاللاھتىن باشقا ئىلاھنىڭ يوقلۇقىنى، ئۇنىڭ يالغۇز، شېرىكى يوق ئىلاھ ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلغان ھالدا مەككىنىڭ ئاسمان بوشلۇقىدا يۇقىرى ئۆرلىمەكتە ئىدى.

## بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۆيلىنىشى

سەھەرنىڭ مەيىن شاملى چىقىپ كۆڭۈللەرنى كۆتۈرەتتى. بۇ يېقىملىق شامال، مائاشىنى ئېلىش ئۈچۈن مەسجىدكە كېتىۋاتقان بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يۈزلىرىنى يۇمشاق سىيپاپ ئۆتۈپ كۆڭۈللىرىنى روھلاندۇرىۋەتتى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزىگە بەخت ئاتا قىلىدىغان، ئۇنىڭ دىنىنىڭ تولۇقلىنىشىغا ھەمنەپەس بولىدىغان، ئارزۇلىرىغا ھەمدەم بولىدىغان ۋە ئۆزى بىلەن بىر ئائىلە قۇرىدىغان بىر جۈپكە ئېھتىياجلىق بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ بۇ ھېس - تۇيغۇلار ئىچىدە مەسجىدكە باردى. مائاشىنى ئالدى. ئۇنى ئەتىگە ئېلىپ قالماقچى بولدى، ئەمما بۇندىن بۇرۇن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئارىلىرىدا بولۇپ ئۆتكەن مۇنداق بىر سۆھبەت ئۇنىڭ ئېسىگە كەلگەن ئىدى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ئۆيىگە كېلىپ كۆزىگە چېلىققان بەزى نەرسىلەر ھەققىدە ئۆزىگە مۇنداق دېگەنلىكى ھېلىمۇ ئۇنىڭ ئېسىدە ئىدى: «بىلال! باي ھالىتىڭدە ئەمەس،

بەلكى پېقىر ھالىتىگە ئۆلگىن.» قانداق قىلغاندا دېگىنىگەدەك قىلالايمەن؟ دەپ سورىغىنىدا بولسا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بىرەر رىزىققا ئىگە بولغىنىڭدا ئۇنى ساقلىما، سەندىن بىرەر نەرسە سورالسا ئۇنى ئايىما...» دېدى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ناۋادا سەن دېگەندەك شۇنداق قىلسام ماڭا قانداق ئەجىر بار؟ دەپ سورىغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «يە مەن دېگەندەك قىلسەن، ياكى قىيامەت كۈنى ئۇ نەرسىلەر سەن ئۈچۈن كۆيدۈرگۈچى ئوت بولىدۇ.» دەپ ئۇنى ئاگاھلاندۇرغانىدى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ سۆزلەرنى ئەسلىگىنىچە مائاشىنىڭ ھەممىسىنى ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلماق ئۈچۈن مەسجىدتىن ئايرىلدى.

بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سەدىقە بەرگىدەك بىر موھتاج ئىزدەپ مەدىنە كوچىلىرىدا ئايلىنىشقا باشلىدى. ئۇ، بۇ مەقسەتتە بازار ئارىلاپ يۈرگىنىدە ئۆزى تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقان قېرىندىشىنى كۆرۈپ توختىدى. قېرىندىشى ئۇنىڭ قېشىغا كەلگەندە ئۇ:

- قەيەردىن كېلىۋاتىسەن؟ دەپ سورىدى.

- يەمەندىن.

- ئۇ يەرگە نېمە ئىش بىلەن بارغانتىڭ؟

- بىر قىزغا ئەلچى كىرگۈزگەنىدىم.

- چاي ئىچۈردىڭمۇ؟

- ئەرەب قەۋمىدىن ئىكەنلىكىمنى بىلدۈرۈپ يەمەندىكى بىرىگە ئۆيلىنىش تەكلىپىنى قويغانىدىم. ئۇلار مېنىڭ قايسى قەبىلىدىن، كىمنىڭ نەسەبىدىن ۋە كىملەردىن ئىكەنلىكىمنى سورىدى. مەنمۇ ئۇلارغا ھەممىنى دەپ بەردىم. مەن ئۇلارغا ئۆزەمنىڭ مەككىدە تۇغۇلغان ھەبەشلىكلەردىن ئىكەنلىكىمنى، بەنى جۇمۇھ قەبىلىسىدىن ئىكەنلىكىمنى ۋە بىلال ئىبنى رىباھنىڭ قېرىندىشى ئىكەنلىكىمنى دېدىم. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار: ئەگەر بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سەن بىلەن بىرگە كەلسە ساڭا قىزىمىزنى ياتلىق قىلىمىز، دېدى. شۇڭا مېنىڭ بىلەن ئۇ يەرگە بېرىشىپ بېرىشىڭ ئۈچۈن سېنىڭ ئالدىڭغا كەلدىم، دېدى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

- پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رۇخسەت ئالالىسام ئاندىن سېنىڭ بىلەن بىللە بارالايمەن، دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رۇخسەت ئالغان بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قېرىندىشى بىلەن تۆگىگە مىنگىنىچە كېچىلەپ مەدىنىدىن ئايرىلىپ ئۇدۇل يەمەنگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى ۋە كېچە - كۈندۈز يول يۈرۈپ بىر كۈنى يېرىم كېچە ئەتراپىدا يەمەنگە يېتىپ باردى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېرىندىشى شۇ ھامان ئۆيلىنىش تەكلىپى قويغان ئائىلىگە بارماقچى بولدى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بولسا:

- نېمىشقا بۇنچىلىك ئالدىرايسەن؟ نېمىدەپ يېرىم كېچىدە ئۇ كىشىلەرنىڭ ئىشىكىنى قاققىدەكمىز، يەنىلا بۇ كېچىنى ئۆتكۈزەيلى، ئەتە ئەتىگەندە بارارمىز، دېدى.

ئۇلار كېچىنى ئۆتكۈزۈپ، ئەتىگەنلىكى قۇياش نۇرلىرى ئۇلارنىڭ ئۈستىلىرىدە ئۆز نۇرلىرىدىن شولا تاشلاشقا باشلىغاندا ئۆزلىرى خېرىدار بولغان ئۇ ئۆيگە قاراپ ماڭدى. ئۇلار ئۆي ئىگىسىدىن رۇخسەت ئالغاندىن كېيىن ئۆيگە كىرىشتى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئالدى بىلەن سۆز باشلاپ:

- مەن بولسام بىلال ئىبنى رىباھ بولىمەن،

بۇ مېنىڭ قېرىندىشىم بولىدۇ. ئۇ ئەخلاق ۋە دىن تەرەپتە بىرئاز ئاجىزراق، ئەگەر سىلەر ئۇنىڭ بۇ ھالىتىنى ياقتۇرساڭلار، قىزىڭلارنى ئۇنىڭغا بېرەرسىلەر، خالىمىساڭلار بەرمەسسىلەر، دېدى.

بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يەمەنگە كېلىشتىكى مەقسىتى ئورۇنلانغان ئىدى. ناماز ۋاقتى كېلىشى بىلەن ئۇ، مەسجىدكە باردى ۋە ئەزان چىقىشىنى ساقلاپ ئولتۇردى. ئويلىنىپ ئولتۇرغىنىدا ئىچىدىن بىر ئاۋاز ئۇنىڭغا: «سەن نېمىدەپ ئۆيلەنمەيسەن؟ دىنىڭنى كامىللاشتۇرۇشىڭ ئۈچۈن ساڭا نېمە توسقۇنلۇق قىلىدۇ؟ ئاللاھ ساڭا بايلىق ئاتا قىلىدى. بۇرۇن قۇل بولغان بولساڭ ئەمدى ھۆر بىرى بولدۇڭ.» دېگەندەك قىلىدى. ئۇ ياخشىراق بىر پىكىرگە كېلىۋېلىش ئۈچۈن بېشىنى پەس قىلىپ ئولتۇردى ۋە ئاخىرىدا ئۆيلىنىشكە قارار بەردى.

ناماز ئوقۇلۇپ بولۇنغاندىن كېيىن كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆز ئىشلىرىغا يۈرۈپ كەتتى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، خىيالىدىكى ئۆۋسىنى بىللە قۇرىدىغان، ئۆزىنى بەختلىك قىلىدىغان بىر جۈپ ئىزدەش ئۈچۈن كوچىلاردا ئايلىنىشقا باشلىدى. ئۆزىگە ئۇيغۇن بىر جۈپنى تەۋسىيە قىلىدىغان كىشىلەرنى سۈرۈشتۈردى. كىشىلەر ئۇنىڭغا ھاۋالان قەبىلىسىدىن ھىنت ئىسىملىك قىزنى تەۋسىيە قىلىدى. ئۇ ھىنت ئىسىملىك قىزغا توي تەكلىپى قويۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئائىلىسىگە باردى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇ ئۆيگە كىرىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن:

- «مەن بىلال ئىبنى رىباھ بولىمەن، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ساھابىسىمەن، ئەسلىدە مەن ھەبەشلىك بىر قۇل ئىدىم، قاراڭغۇ زۇلمەت ئىچىدە ئىدىم، ئاللاھ مېنى ھىدايەتكە باشلىدى. قۇللۇقتىن ھۆرلۈككە چىقاردى. ئەگەر سىلەر قىزىڭلارنى ماڭا نىكاھلاپ بەرسەڭلار ئاللاھقا ھەمد ئېيتىمەن، ياق، ئەگەر بېرەلمەيمىز دېسەڭلار ئاللاھ ئۇلۇغدۇر.» دەپ ئۆزىنىڭ كېلىش مەقسىتىنى بايان قىلىدى. قىز تەرەپ:

- پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سورىغانغا قەدەر سەن بىزگە مۆھلەت بەرگىن، دېدى.

بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەدىنىگە قايتتى. بىر كۈنى ھىنتنىڭ ئۆيدىكىلەر مەدىنىگە كېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا كىردى. ئۇنىڭغا سالام بېرىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن:

- بىز يەمەنلىك. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەققىدە سىزدىن سوراپ كۆرەيلى، دەپ كەلگەندۇق، بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بولسا سىڭلىمىزغا توي تەكلىپى قويغانىدى. بىز ئۇنىڭدىن سىزدىن بۇ ھەقتە سورىغىچە ساقلاپ تۇرۇشقا مۆھلەت ئالغانىدۇق، بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەققىدە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ قانداق قارايدىغانلىقىنى بىلسەك... دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- «سىلەر كىم، بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كىم؟... سىلەر كىم، جەننەت ئەھلى بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كىم؟» دېدى.

ھىنتنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دەرىجىسى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا بولغان ياخشى كۆرۈشىنى تونۇپ يەتتى ۋە ئاخىرىدا سىڭلىسىنى بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ياتلىق قىلىشقا قارار بەردى.

بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ھىنت تويى قىلدى. كۈنلەر بىر - بىرىنى قوغلىشىپ تېزلىك بىلەن ئۆتۈشكە باشلىدى. بەخت بۇ بىر جۈپنىڭ ھاياتىدا ئورۇن ئالغان، ئۆيى بولسا ھۇزۇر ماكانىغا ئايلانغانىدى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر كۈنى ئايالى بىلەن ئۇنىڭدىن بۇنىڭدىن گەپلىشىپ ئولتۇرغاندا سۆز ئارىلىقىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر سۆزىنى ئايالىغا دەپ بەردى. ئايالى ئۇنىڭغا ئىشەنمەي، ئۇ سۆزنى يالغانغا چىقاردى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇنىڭغا قاتتىق ئاچچىقى كېلىپ، قاپىقىنى تۈرگىنىچە ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ئۇچرىشىپ قالدى ۋە ئۇنىڭ ناھايىتى قاتتىق ئاچچىقلانغان ھالدا ئىكەنلىكىنى بايقىدى ۋە: «نېمە بولدى؟» دەپ سورىدى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئايالى بىلەن ئارىلىرىدا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سۆزلەپ بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۆيىگە باردى ۋە ئۇنىڭ ئايالىدىن:

- «بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ئارىڭىزدا بىرەر ئىش بولدىمۇ؟» دەپ سورىدى. ئايالى:

-ياق.

- «ھەر ھالدا سىز بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئاچچىقلانغاندەك قىلىسىز.»

- ياق، ئۇ مېنى ناھايىتىمۇ بەك ياخشى كۆرىدۇ.

- «بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مېنىڭ ھەققىمدە سىزگە دەپ بەرگەنلىرى قەتئىي توغرىدۇر. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دېگەنلىرىنى يالغانغا چىقارماڭ، بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئاچچىقلانماڭ، بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويغان ۋاقتىڭىزدا تاكى ئۇنى رازى قىلمىغۇچە سىزنىڭ ھېچقانداق ئەمەلىڭىز قوبۇل قىلىنمايدۇ.» دېدى.

بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆيگە قايتتى، ھىنت ئۇنى مېھرى بىلەن قارشى ئالدى، ئۇنىڭدىن ئەپۇ سوراپ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئالدى. قىسقا بىر ۋاقىت ئىچىدە بۇ ئۆيدە يەر ئالغان قارا بۇلۇت تارقاپ، ئۆيگە بەخت ۋە ھۇزۇر قايتىپ كەلگەن، ئۆي ئىچىنى مۇھەببەت پۇراقلىرىغا تولدۇرغان ئىدى.

## ئاللاھنىڭ ئەلچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام

بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ناماز ئۈچۈن ئەزان ئېيتىپ بولغانىدى. كىشىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چىقىپ ناماز ئوقۇپ بېرىشىنى ساقلاپ ئولتۇرۇشاتتى، ئارىدىن خېلى بىر ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تېخىچە چىقمايۋاتاتتى. كىشىلەرنىڭ كۆزلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىنىڭ ئىشىكى تەرەپكە تىكىلگەن، كۆڭۈللىرى بولسا ئەندىشىلەنگەن ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ باش ئاغرىقى دەردىنى تارتىۋاتقانلىقىدىن ئۇلار خەۋەردار بولۇشقانىدى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا بېرىپ ئىشىكنى چەكتى. ئۆيدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خىزمەتچىسى بۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئىشىكنى ئاچتى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا:

- پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خەۋەر قىلىپ

www.uyghurkitap.com

قويۇۋۇڭ، كىشىلەر ناماز ئۈچۈن ئۇنى ساقلىشىۋاتىدۇ، دېدى.

بۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خەۋەر بېرىش ئۈچۈن كىرىپ كەتتى، ئۆيدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئانىمىز بىلەن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئانىمىز بار ئىدى. بۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھا كېلىپ:

- بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ناماز ئۈچۈن چاقىرىۋاتىدۇ؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- «كىشىلەر تېخى ناماز ئوقۇمىدىمۇ؟» دېدى.

ياق، ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! ئۇلار سىلىنى ساقلاۋاتىدۇ.

- «ئۇنداق بولسا ماڭا داس ۋە سۇ ئېلىپ كېلىڭلار.»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئورنىدىن تۇرۇشقا تىرىشتى. ئەمما تۇرالمايلا قالماستىن ئۆزىنى دەڭسىيەلمەي سەنتۈرۈلۈپ كەتتى. فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئالدىراپ يۈگۈرۈپ كېلىپ: ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى يىقىلىپ چۈشىدىغان بولدى، دەپ تۈۋلاپ سالدى ئەندىشىلىك هالدا. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئانىمىز، پەرياد كۆتۈرگەن هالدا: ماڭا ياردەم قىلىڭلار، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئايلىنىپ قالدى، دەپ تۈۋلىدى. فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى يۆلەپ ئورنىغا ياتقۇزدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىگە كەلگەندىن كېيىن: «جامائەت ناماز ئوقۇدىمۇ؟» دەپ سورىدى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى سىلى ئورنىلىرىدىن تۇرمىسىلا، بىرىگە بۇيرىسىلا، جامائەتكە ئىمام بولۇپ بەرسۇن، دېدى.

«ئەبۇ بەكرىگە دەڭلار، ئۇ ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇپ بەرسۇن.»

بۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ بۇيرۇقىنى بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئىشىك تەرەپكە قاراپ ماڭدى ۋە بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇپ بەرسۇن دەيدۇ، دېدى.

بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ جامائەت ئارىسىدا ئارىلاپ يۈرۈپ ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئىزلىدى ئەمما ئۇنى تاپالمىدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى كۆرگەن هامان ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنىڭدىن جامائەتكە ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇپ بېرىشىنى ئۆتۈندى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ناماز ئۈچۈن تەكبىر چۈشۈردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ تەكبىر ئاۋازىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن يېنىدىكىلەردىن:

- «بۇ كىمنىڭ ئاۋازى؟» دەپ سورىدى.

- ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئاۋازى.

- «ياق!... ياق!... ئىشنىڭ بۇنداق بولۇشىنى نە ئاللاھ نە مۇسۇلمانلار خالىمايدۇ. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نەدە؟ ... ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نەدە؟ ... «ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا:

- بەلكىم ئۇ يوق ئوخشايدۇ، دېدى.

- «ماڭا داس ۋە سۇ تەييارلاڭلار، كىشىلەرنىڭ يېنىغا چىقىپ ئۇلارغا ئەھۋالنى بىلدۈرەي.»

بۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مەسجىد تەرەپكە چىقىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارزۇسىنى بىلدۈردى. مەسجىدتە غۇلغۇلا بولدى. ئۆمەر

رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىنىڭ كىشىلەرگە ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇپ بېرىشىنى خالىمىغانلىقىنى چۈشەندى. خاتا ئىش قىلغانلىقى سەۋەبىدىن بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا رەنجىدى:

- ئاللاھ سېنىڭ ياخشىلىق تەرىپىڭنى ئاتا قىلسۇن، سەن نېمە ئۈچۈن ماڭا بۇ ئىشنى قىلدۇردۇڭ، ئى بىلال! ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، سەن ماڭا بۇنى دېگەن ۋاقتىڭدا مەن ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇيرۇقى دەپ چۈشەنگەن ئىدىم، كاشكى جامائەتكە ناماز ئوقۇپ بېرىش ئۈچۈن تۇرمىغان بولسامچۇ، دېدى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

- ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى جامائەتكە ناماز ئوقۇپ بېرىشكە بۇيرۇغان ئىدى. مەن پەقەت ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى تاپالمىغاندىن كېيىن جامائەتكە ناماز ئوقۇپ بېرىش ئۈچۈن سېنى ئەڭ لايىق دەپ قارىدىم.

دەل مۇشۇ ئەسنادا ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەسجىدنىڭ ئىشىكىدىن كىرىپ كەلدى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭ جامائەتكە ناماز ئوقۇپ بېرىشىنى ئۆتۈندى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇسۇلمانلارغا ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇشنى باشلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بېشى تېڭىقلىق ھالدا مەسجىدكە چىقتى. كىشىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چىققانلىقىنى سەزگەندىن كېيىن تولىمۇ خۇرسەن بولدى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سەپلەر ئارىسىدىكى يەڭگىل ھەرىكەتلىنىشلەردىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كەلگەنلىكىنى بىلدى. ئۇنىڭغا ئۆز يېرىنى بېرىش ئۈچۈن ئارقىغا چېكىنمەكچى بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ئورنىدا تۇرۇۋېرىشى ئۈچۈن ئۇنىڭغا قولى بىلەن ئىشارەت قىلدى. ئاندىن ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئولتۇرۇپ ناماز ئوقۇدى.

ناماز ئوقۇلۇپ بولۇنغاندىن كېيىن جامائەت سۆيۈنۈش ئىچىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەتراپىنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇشتى. بۇ ئۇلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئەڭ ئاخىرقى ئۇچرىشىشى ئىدى. ناۋادا ئۇلار بۇنى ئالدىن بىلگەن بولسا بۇ يەردىكى سۆيۈنۈش ۋە خۇشاللىقلىرىنىڭ ئورنىغا تەسۋىرلىگۈسىز قايغۇ - ھەسرەت ئالماشقان بولاتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىدىن بىردىنلا پەرياد كۆتۈرۈلدى. مۇسۇلمانلار بۇ يىغا ئاۋازىنى ئاڭلىغان ئىدى. ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆيگە قاراپ يۈگۈردى. ئىچىگە كىرىپ ئىشىكنى كەينىدىن ياپتى. بىر ئازدىن كېيىن ناھايىتى قايغۇلۇق بىر ھالدا چىقتى. كىشىلەر ئەندىشە ئىچىدە ئۇنىڭغا قارىدى:

- ئابباس! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەھۋالى قانداق؟ دەپ سوراشقا باشلىدى. ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: مەن ئۇنىڭ: «ئۇلۇغ رەببىم، مېنىڭ سېنىڭ بىلەن ئۇچرىشىدىغان ۋاقتىم كەلدى» ئاندىن ئۇ يەنە سۆزىنى داۋام قىلىپ: «بۇ چىداشلىق بەرمەك نېمىدېگەن تەس بولغان ئاغرىقتۇ، بۇ! لا ئىلاھە ئىللەللاھ،! ئۇلۇغ رەببىم! ئۆلۈمنىڭ ئەقىللەرنى باشتىن ئالىدىغان ئىزتىراپ ۋە قاتتىقلىقلىرى بار. ئى رەببىم، ئۆلۈمنىڭ ئاغرىقى ۋە مۇشكۈللۈكلىرىگە قارشى ماڭا ياردەم بەرگىن.» دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىم،

دېدى.

مۇسۇلمانلار باشلىرىنى ئېگىپ سۈكۈتكە چۆمدى. ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئاشىقانە يۈزلەردىن ئامالسىزلىقلىرىنى ئىپادىلەيدىغان ئالامەتلەر بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇلار بۇ ھالدا تۇرغاندا ئۆي ئىچىدىن يەنە بىر قېتىم پەرياد كۆتۈرۈلدى. كىشىلەر چۇچۇشكەن ھالدا: پەيغەمبەر ئۆلدىمۇ؟ پەيغەمبەر ئۆلدىمۇ؟... دەپ بىر - بىرلىرىدىن سوراشتۇرۇشقا باشلىدى. كىشىلەر ئۈپۈر - توپۇر بولۇپ كېتىشتى. ئۆلۈم خەۋىرىگە ئىشەنگۈسى كەلمىدى ھەم كىشىلەرنى دەرد - ئەلەمدە قويىدىغان بۇ خەۋەرنى ئەقىللەر قوبۇل قىلالمىدى. پەقەت ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلارغا بۇ ھەقىقىي ئەھۋالدىن خەۋەر بەرگەندىن كېيىنلا ئاندىن بۇنىڭ بىر ئەمەلىيەت ئىكەنلىكىگە ئىشەندى.

كىشىلەر ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلاشقا باشلىدى. بۇ ھال شۇنداق بولدىكى پۈتۈن مەدىنە بىر خىل يىغا ئاۋازىدىن تەۋرەنمەكتە ئىدى. ساھابىلەرنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكىلەر يىغلايتتى، كۆز ياشلىرى تاراملاپ ئاقاتتى. ئېنىقكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆلگەن، ئۇ ۋاپادار، ئۇ كەرەملىك زات دوستى ئەمدى كەلمەسكە كەتكەنىدى...

بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سۆيۈملۈك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بىر ۋىدا قارىشى بىلەن بىر قارىۋېلىش، ئۇنىڭ چېھرىنى ئاخىرقى قېتىم بىر كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ يېنىغا كىردى. ئۇنىڭ كارىۋىتىدا ئۇستى يېپىلغان ھالدا ياتقۇزۇلغانلىقىنى كۆردى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزىنى خۇددى بوغىزىدا بىر نەرسە تۇرۇپ قالغاندەك ھېس قىلدى. ئۇ شۇنچىلىك قايغۇرغان ئىدىكى خۇددى يۈرىكى بېغىشىدىن ئۈزۈلۈپ كېتىدىغاندەك ئاغرىق ھېس قىلدى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئېيتىشقا باشلىدى. دۇرۇت - سالاملىرىنى تاماملاپ بولۇپ بېشى ساڭگىلىغان، كۆڭلى بولسا ئەڭ ئېغىر دەرىجىدە قايغۇلۇق بىر ھالەتتە سىرتقا چىقتى. بىردەم بولسىمۇ يالغۇز قېلىش ئۈچۈن ئۆيىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

مەدىنىنى قايغۇ تۇمانى قاپلىغان ئىدى. كەچ كىرگەن بولسىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جەسىتى تېخىچە يەرلىككە قويۇلمىغانىدى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇخلاش ئۈچۈن تىرىشىپ باقتى. ئەمما كۆزلىرى ھېچ يۇمۇلاي دېمەيتتى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىگە قىلغان رەھىم - شەپقەتلىرىنى، ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ياخشى كۆرۈشىنى ئەسلەيتتى ۋە كۆڭلى تېخىمۇ بەك يېرىم بولاتتى. ۋاقىت ناھايىتى بەك ئاستا ئۆتمەكتە ئىدى. كېچە شۇنچىلىك دەرىجىدە ئۇزۇن بىلىنىپ كەتتىكى ھەتتا ھېچ تاڭ ئاتمايدىغاندەك تۇيۇلاتتى. مىڭ بىر تەسلىكتە تاڭ ئېتىشىنىڭ بەلگىلىرى بىلىنگەندەك قىلدى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بامدات نامىزىغا ئەزان ئېيتىش ئۈچۈن مەسجىدكە قاراپ يول ئالدى. كۆڭلى قاتتىق يېرىم بولغانلىقتىن ئالغان قەدەملىرى ناھايىتى ئېغىر ئىدى. ئۇ شۇ ھالەتتە مەسجىدكە يېتىپ بېرىپ ئىچىگە كىردى. ئۇنىڭ كۆزى ئۆزىمۇ بىلمىگەن ھالدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىنىڭ ئىشىكىگە چۈشۈپ قالدى. كۆزلىرى يەنە ياشقا تولدى. ئەمدى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەڭگۈگە ئۇ ئىشىكتىن ئۇلارنىڭ يېنىغا چىقمايدۇ، بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ جامائەتكە ناماز ئوقۇپ بېرىشى ئۈچۈن پەيغەمبەر

ئەلەيھىسسالامنى چاقىرىش ئۈچۈن ئۇ ئىشىكنىڭ ئالدىغا بارمايدۇ. بۇندىن كېيىن ئەمدى ئىشىك ئالدىدا تۇرۇپ ئۇنىڭ چىقىشىنى ھاياجان ئىچىدە تۇرۇپ ساقلىمايدۇ. ئەمدى كىشىلەرنىڭ كۆزلىرى ئۇ ئىشىككە ئەمەس، بەلكى باشقا بىر ئىشىككە يەنى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ خەلىپىسىنىڭ يەنى ھەممە كىشىنىڭ مەسجىدكە قارىغان ئىشىكلىرىنى ئېتىشكە ۋە قايتا ئاچماسلىققا بۇيرۇپ پەقەت ئوچۇق قېلىشىغا رۇخسەت بەرگەن بىردىنبىر ئىشىك بولغان، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئىشىكى تەرەپكە بۇرۇلىدۇ.

بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قايغۇلۇق بىر ھالەتتە مەسجىدنىڭ ئۆگزىسىگە چىقتى. تىترەك بىر ئاۋازدا ئەزان ئېيتىشقا باشلىدى:

ئاللاھۇ ئەكبەر! ئاللاھۇ ئەكبەر!
ئاللاھۇ ئەكبەر! ئاللاھۇ ئەكبەر!

ئەشھەدۇ ئەن لا ئىلاھە ئىللەللاھ!
ئەشھەدۇ ئەن لا ئىلاھە ئىللەللاھ!
ئەشھەدۇ ئەننە ...

سۆزلەر بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بوغىزىدا تۇرۇپ قالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كارىۋىتىدا ھەرىكەتسىز ياتقاندا، سۆيۈملۈك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسمىنى ئېغىزدىن چىقىرالمايۋاتاتتى. ئۇ ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلاشقا باشلىدى. كىشىلەر ئەزاننىڭ توختاپ قالغانلىقىنى، بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۆكسۈپ يىغلىغانلىقىنى ئاڭلىدى. كىشىلەر قايتىدىن قايغۇغا چۆمدى ۋە يىغلاشقا باشلىدى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىش، ئەزاننى ئاخىرىسىغىچە تولۇق ئېيتىش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولغان ھېسسىياتىنى تىزگىن ئاستىغا تۇتۇشقا تىرىشتى. ئاخىرىدا قايغۇلۇق ۋە ئىڭرىغاندەك بىر ئاۋازدا ئەزاننى داۋاملاشتۇردى:

مۇھەممەدۇر رەسۇلۇللاھ
ئەشھەدۇ ئەننە مۇھەممەدۇر رەسۇلۇللاھ

ھەييە ئەلەس سالاھ!
ھەييە ئەلاەس سالاھ!

ھەييە ئەلەل فەلاھ!
ھەييە ئەلەل فەلاھ!

ئاللاھۇ ئەكبەر! ئاللاھۇ ئەكبەر!
لا ئىلاھە ئىللەللاھ.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇئەززىنى

ساھابىلەر دىللىرى قايغۇغا، كۆز چاناقلىرى لىپمۇلىق ياشقا تولغان ھالدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى يەرلىككە قويۇشتى. كىشىلەر باشلىرىنى ساڭگىلاتقىنىچە مەسجىدكە قايتتى. كىشىلەرنىڭ ئارىسىدىكى بەزى كىشىلەر يۈزلىرىنى شاپىلاقلىسا، بەزىلىرى كۆزلىرىدىن توختىماي ئېقىۋاتقان ياشلىرىنى توختىتىشقا تىرىشاتتى. ھەممە يەرنى ئېغىر جىمجىتلىق باسقانىدى.

www.uyghurkitap.com

ئاردىن خېلى ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا شىۋىرلىغان ئاۋازلار، ئۇنىڭدىن كېيىن بولسا بوش ئاۋازدا سۆزلەشكەن ئاۋازلار ئاڭلىنىشقا باشلىدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا بەيئەت قىلغانلىقلىرى، ئەنسارلارنىڭ بۇنى قوبۇل قىلغانلىقلىرى ھەققىدە سۆزلىشىۋاتاتتى. ئالدىنقى كۈنى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا بەيئەت قىلالمىغانلار بۈگۈن ئۇنىڭغا بەيئەت قىلىشقا باشلىدى. بەيئەت قىلىش ئاخىرلاشتى ۋە ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خەلىپىسى بولغان ئىدى.

ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، مۇنبەرگە چىقتى ۋە خۇتبە ئوقۇدى. ئۇنىڭ سۆزلىرى تۈگىشى بىلەن كىشىلەر نامازنى ساقلاش ئۈچۈن مەسجىدتە ئولتۇرۇشتى. ناماز ۋاقتىمۇ كېلىپ قالغان ئىدى. ئەمما ئەزان تېخى ئېيتىلمىغانىدى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئولتۇرغان يېرىدە قېتىپ قالغاندەك ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى بولسا ئالدىغا تىكىلگەن ئىدى. ئۇنىڭ قايغۇسى يۈزلىرىدە ئېنىق بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ مېڭىسى بولسا قارمۇ قارشى ئوي - پىكىرلەر ئىچىدە ئىدى. ئۇنىڭ خىياللىرى ئۇنى ئۆتمۈشكە، مەككىدە قۇل بولۇپ ياشىغان يىللارغا يەنى مەككىدە ئېغىر ئازاب ۋە قىيناشلارغا دۇچ كەلگەن كۈنلەرگە ئېلىپ كەتكەنىدى. ئۇمەييەنىڭ ئۆزىنى مەككە قۇملۇقلىرىدا سۆرىگەن كۈنلىرى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا جانلانغاندەك بولدى. ئۇنىڭ ئەسلىمىلىرى ئۇنى ئەبۇ تالىپ شىبى دەپ ئاتالغان يەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن قورشاۋ ئىچىدە ئىمبارگو قىلىنغان ھالدا ياشىغان كۈنلىرىگە، ئاچلىقىنى، سۇسىزلىقىنى باسقىدەك بىر نەرسە تاپالمىغان كۈنلەرگە ئېلىپ باردى. ئاندىن كېيىن ھىجرەت كۈنلىرى، ئۇلۇغ بەدر كۈنلىرى، ئۇمەييە ئىبنى خەلەپنى يەر چىشلەتكەن كۈن ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن لىنتىدەك تىزىلىپ ئۆتتى. ئوھۇد ئۇرۇشى بولغان كۈندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەتراپىدىكى پىداكار كىشىلەرنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قوغداش ئۈچۈن قانداق جانپىدالىق كۆرسىتىشكەنلىرى، ئۈچۈپ كېلىۋاتقان ئوقلارنى كۆكسىلىرى بىلەن قانداق توسۇپ قالغانلىقلىرى، بىر ئايالنىڭ قولىدىكى سۇ تولۇمىنى چۆرۈپ تاشلاپ قولىغا نەيزە ئېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قوغداش ئۈچۈن قانداق جانپىدالىق كۆرسەتكەنلىكلىرىنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بولۇپ ئۆتكەن بۇ ئىشلارنى خۇددى قايتا ياشىغاندەك بىر تۇيغۇدا بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولغان سېغىنىش ئىشتىياقى تېخىمۇ ئاشتى. دىنى ئۈچۈن كۈرەش قىلغان، پىكىر ۋە ئېتىقادلىرى ئۈچۈن بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بۇ جاپالىق كۈنلەر... قاتتىق، چىدامچانلىق كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلىدىغان، باشلارغا كەلگەن ئەزىيەتلەرگە سەۋرى قىلىش لازىم بولغان ئۇ كۈنلەر نەقەدەر ئەھمىيەتلىك كۈنلەر ئىدى- ھە؟ بۇلارنى ئويلىغاندا ئۇنىڭ كالىسىدا: «مۇشۇنداق ۋەقەلەر يەنە تەكرارلىنارمۇ؟ بۇندىن كېيىن خۇددى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىنىڭ قىلغىنىدەك ئۆز جانلىرىنى ئۆزلۈكىدىن پىدا قىلىدىغان قەھرىمانلارغا يەنە شۇنداق پۇرسەتلەر كېلەرمۇ؟ راستتىن ئېيتقاندا بۇنداق بولۇشىغا

ئىشەنچ قىلالمايتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاش ساھابىلىرى ئارىسىدا پىداكارانە روھنى ئۇلارغا سىڭدۈرگەن بىرەرى بولغانمۇ؟ ئۆزىگە ئىشەنگەنلەرگە ئۆلۈم بىلەن ھاياتلىقنىڭ باراۋەر ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرگەنلەر، مەنىسىز ياشاپ ئۆتكەن ھاياتتىن مەنىلىك ئۆلۈمنىڭ تېخىمۇ بەكرەك ياخشى بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرەلىگەنلەر بولغانمۇ؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن كىشىلەر جانلىرىنى ئۇنىڭغا پىدا قىلىش يولىدا ئۆزىنى پىدا قىلىشقا ئەرزىگىدەك ئىنسانلار نەدە؟

... ئۇ بۇنداق ھاياتنى، بۇنداق تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن ھەم كۆرۈلمەيدىغان ۋەقەلىكلەرنىڭ قايتا تەكرارلانمايدىغانلىقىنى، بۇندىن كېيىن ئەقىدىلىرى ئۈچۈن جانلىرىنى پىدا قىلىدىغان بۇنداق نادىر كىشىلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە قايتا بىر پۇرسەت بولمايدىغانلىقىنى ئويلىغان ۋاقىتتا، ئۇنىڭ ئىچىدىن كەلگەن بىر ئاۋاز ئۇنىڭغا: بۇ بولۇپ ئۆتكەنلەر يەنە بىر قېتىم تەكرارلىنىشى كېرەكمۇ؟ نېمە ئۈچۈن ساھابىلەرگە ئوخشاش قەھرىمانلار قايتا مەيدانغا كەلمىگۈدەك؟ شۇ تاپتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولدى، ئۇ قايتىپ كەلمەيدۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئىلىپ كەلگىنى تاكى زامان ئاخىرغىچە ساقلىنىپ قالىدۇ، ئۇ ئېلىپ كەلگەن دىن كەلگۈسى ئەۋلادلار ئۈچۈن قۇۋۋەت، جەسۇر ياشلارغا ئىلھام بېرىدۇ، بۇندىن بۇرۇن ياشىغانلارنىڭ ئىزىنى باسىدىغان، شان ۋە شەرەپتە ئۇلارغا ئوخشاش قەھرىمانلارنى مەيدانغا كەلتۈرىدۇ. گەرچە ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا كەتكەن بولسىمۇ ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئان بولسا قوللىرىدىدۇر. ئاللاھ بەندىلىرىنى كۆرۈپ تۇرىدۇ ۋە ئۆز دىنىنى قوغدايدۇ.» دېگەنلەرنى ئۇنىڭغا سۆزلىگەندەك بولدى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىرئاز ۋاقىت بېشىنى ئېگىپ سۈكۈت ئىچىدە ئولتۇردى. ئاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىگە كۆرسەتكەن مېھرى - شەپقىتىنى، كۆيۈنۈشلىرىنى ئەسلىدى. ئۇنىڭ قايغۇسى تېخىمۇ ئاشتى. ئەلۋەتتە ئۇنىڭ ۋاپاتى قالغانلار ئۈچۈن ئىنتايىن بىر چوڭ يوقىتىش ئىدى. ئەمما بۇ ئاللاھنىڭ تەقدىرى ئىدى. «بۇ تەقدىرنى سەۋر بىلەن قوبۇل قىلىشنىڭ ئۆزىمۇ گۈزەل بىر سەۋرىدۇر» دېدى ئۇ ئۆز ئۆزىگە پىچىرلاپ.

ناماز ۋاقتى بولغانىدى. جامائەت بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئەزان ئېيتىشىنى ساقلاپ ئولتۇراتتى. ئەمما بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كۆزلىرىنى يەرگە تىككىنىچە ئولتۇرغان يېرىگە چۆكۈپ قالغاندەك ئولتۇراتتى. كىشىلەر ئۇنىڭ ناماز ۋاقتىنىڭ كىرگەنلىكىنى بىلەلمىگەن ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قېلىشتى ۋە ئارىدىن بىرى بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنىڭغا:

- بىلال ئەزان ئېيتىدىغان ۋاقىت بولدى، دېدى.

- بۈگۈندىن ئېتىبارەن ئەزان ئېيتمايمەن، باشقا بىرسى ئېيتسۇن.

بۇ ئارىدا ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆيىنىڭ مەسجىدكە ئېچىلغان ئىشىكىدىن چىقتى ۋە:

- بىلال قەيەردە؟ دەپ سورىدى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئورنىدىن تۇرۇپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خەلىپىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ تۇردى. ئەبۇ بەكرى:

- ئەزان ئېيتقىنە ئى بىلال.

- ياق...

- نېمىشقا ئەمدى؟

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



- سەن مېنى سېنىڭ تەلەپ قىلغىنىڭ بويىچە ھەرىكەت قىلىشىم ئۈچۈن مېنى ئازات قىلغان بولساڭ ئۇ باشقا گەپ. مەن بېرىپ ئەزان ئېيتىمەن. ياق، ئەگەر مېنى ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن ئازات قىلغان ئىدىڭ، دېسەڭ مېنى ئۆز مەيلىمگە قويۇپ بەر، مەن ئۆز خاھىشىم بويىچە ياشاي.

- سېنى ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن ئازات قىلغان ئىدىم.

- مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ھېچكىم ئۈچۈن ئەزان ئېيتمايمەن.

## جىھاد ئىشتىياقى

مەدىنىدە ھەر ۋاقىتتىكىدەك ھەر ئىش ئۆز يولىدا كېتىۋاتاتتى. كىشىلەر جانلىق بىر كەيپىياتتا ياشاشنى داۋام قىلىۋاتاتتى. ئەرلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا ئېلىپ بېرىلغان مۇتە ئۇرۇشىدا ئۆلتۈرۈلگەن ئىسلام قوشۇنىنىڭ قوماندانلىرىدىن زەيد ئىبنى ھارىس، جەئفەر ئىبنى ئەبۇ تالىپ ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنىڭ قىساسىنى ئېلىش ئۈچۈن يېقىندا شام تۇپراقلىرىدىكى خۇزائەگە يۈرۈش قىلىش ئۈچۈن تەشكىللەنگەن ئۇسامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قوماندانلىقىدىكى قوشۇنغا قاتنىشىش ئۈچۈن تېزلىك بىلەن تەييارلىقتا چۈشكەن ئىدى.

ئون توققۇز ياشلار ئەتراپىدا بولغان ئۇسامە ئىبنى زەيد ئىبنى ھارىسە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مەدىنىدىن چىققان ئىدى. ئۇ ئېتىنى مىنگىنىچە قوشۇنى بار يەرگە يېتىپ كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھ دەرگاھىغا كېتىشتىن بۇرۇن ئۇسامە ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانى قوشۇنغا قوماندان قىلىپ تەيىنلىگەن ئىدى. بەزى ساھابىلەر ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەھبەرلىك قىلىۋاتقان ھازىرقى ۋەزىيەت ئەھۋالىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندىن كېيىنكى ئەھۋالغا ئوخشىمايدىغانلىقىنى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇسامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قوشۇنىنى ئاتلاندۇرۇشنى ۋاقىتلىق توختىتىپ تۇرۇشنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ھەرقايسى قەبىلىلەرنىڭ ئەھۋالىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولمىغانلىقى ئۈچۈن بۇ ھەقتە بىر مەزگىل ساقلاپ تۇرۇشنىڭ ياخشى بولىدىغانلىقىنى تەۋسىيە قىلدى. ئەمما ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ پىكىرلەرگە قارشى چىققان ھالدا:

- ئىت ۋە بۆرىلەر مېنى چىشلەپ پارچە - پارچە قىلىۋېتىدىغان ئىش بولسىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قارار قىلغان ھۆكۈمنى ھەرگىزمۇ ئەمەلدىن قالدۇرمايمەن، دېدى ۋە ئۇسامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قوشۇنىنىڭ يولغا چىقىشىغا بۇيرۇق بەردى.

قوشۇن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خەلىپىسىنىڭ كېلىشىنى ساقلاپ تۇراتتى. قوشۇندىكىلەر ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پىيادە مېڭىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئابدۇرەھمان ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەلىپىنىڭ ئارقىسىدا، ئۇنىڭ ئېتىنى يېتىلەپ كېلىۋاتاتتى. ئۇسامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ئېتىدىن چۈشمەكچى بولدى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنى ئېتىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇۋېرىشنى ئىشارەت قىلدى. ئۇسامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

- ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ خەلىپىسى! يا سەن ئۇلۇغىڭنىڭ ئۈستىگە مىنگىن ياكى مەن ئۇلۇغىمدىن چۈشەي، دېدى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، سەنمۇ چۈشمەيسەن، مەنمۇ مىنمەيمەن، تاپانلىرىم ئاللاھ يولىدا بىر سائەت بولسىمۇ توپىغا مىلەنسۇن. شۈبھىسىزكى، غازىلار تاشلىغان ھەر بىر قەدەم ئۈچۈن يەتتە يۈز ھەسسە ساۋاب يېزىلىدۇ، يەتتە يۈز ھەسسە ئۇلۇغلىنىدۇ. يەتتە يۈز گۇناھى كەچۈرۈلىدۇ، دەپ جاۋاب بەردى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قورال - ياراقلىرىنى تولۇق ئېسىپ، ئۇرۇشقا قېتىلىش ئۈچۈن كەلگەنىدى. ئۇ، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تەرەپكە بۇرالدى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى كۆرۈشى بىلەن سورىدى:

- بىلال! سەن قەيەرگە؟

- ئوسامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قوشۇنى بىلەن ئۇرۇشقا چىقىش ئۈچۈن سەندىن رۇخسەت سوراپ كەلدىم.

- سەن بۇ يەردە قالغىن، بىلال!

ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ خەلىپىسى! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئىچىمدە بىر ئارامسىزلىق بار، شۇڭا جىھادقا چىقىشقا قارار بەردىم.

- بىلال! بۇ يەردە مېنىڭ ساڭا ئېھتىياجىم بار.

- ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ خەلىپىسى! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «مۆمىنلەرنىڭ ئەمەللىرىنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشتۇر.» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم. شۇنىڭ ئۈچۈن تاكى ئۆلگەنگە قەدەر ئاللاھ يولىدا ئۇرۇش قىلىش ئارزۇسىدا بولدۇم، دېدى.

- ئاللاھ ھەققىدە سەندىن ئۆتۈنۈپ قالاي، بىلال!... مەن ئۈچۈن بولسىمۇ بۇ يەردە قېلىپ قال. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بېشىنى ئەگدى ۋە جىم بولدى.

- گەپ قىلمامسەن، ماقۇل بولدۇڭمۇ؟

- سەن ئۇنداق دېسەڭ قالاي. بۇنى ئاڭلاپ ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئوسامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تەرەپكە بۇرۇلدى ۋە:

ئى ئوسامە! سەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇيرۇغىنى بويىچە ئىش كۆر. يۈرۈشنى خۇزائە تەرەپلەردىن باشلا، ئاندىن دۈشمەننى تۆگىلىرىڭنىڭ ئاستىدا يەكسان قىل، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇيرۇقلىرىدىن ھېچ بىرىنى تاشلاپ قويما. ئۇنىڭغا قىلغان ۋەدىلىرىڭدىن يېنىۋالما.

- باش ئۈستىگە.

ئەگەر سەن مۇۋاپىق دەپ قارىساڭ، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ماڭا ياردەملىشىشكە قالدۇرۇپ قويغىن.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئوسامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قوشۇنى ئىچىدە ئىدى. ئۇنىڭغا چىقىش ئۈچۈن ئىشارەت قىلىندى. ئۇ چىقتى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قول ئىشارىسى ئارقىلىق قوشۇننىڭ قوزغىلىشىغا بۇيرۇق بەردى ۋە:

- ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن ئاتلىنىڭلار، دېدى.

قوشۇن ئاتلاندى، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بولسا ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەمراھلىقىدا مەدىنە تەرەپكە قاراپ بۇرۇلدى.

# پەزىلەت مۇسابىقىسى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي خېلى كۆپ قەبىلىلەر ئاللاھنىڭ دىنىنى تاشلاپ ئۆزلىرىنىڭ بۇرۇنقى دىنلىرىغا قايتىپ كېتىشكەن ئىدى. بەزى قەبىلىلەر بولسا زاكات بېرىشنى رەت قىلىشتى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دىندىن قايتقانلار بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن قوشۇن تەشكىللىدى. بۇ قوشۇن دىندىن قايتقانلار ئۈستىدىن غالىپ كېلىپ، ئۇرۇشتا يېڭىلگەنلەرنى مەيلى خالىسۇن ياكى خالىمىسۇن بۇنىدىن بۇرۇن بېرىپ كېلىۋاتقان زاكاتنى بېرىشكە مەجبۇر قىلدى.

دىندىن قايتىش ھەرىكەتلىرى باستۇرۇلغاندىن ۋە مەدىنە بۇرۇنقىدەك تىنچلىق ھالەتكە كەلگەندىن كېيىنكى باھار ئايلىرىنىڭ بىر كېچىسى، چىرايلىق پەردىسىنى ھەر تەرەپكە يايغان تولۇن ئاينىڭ يورۇقى ئاستىدا بىر سۆھبەت باشلانغان ئىدى. بۇ يەردىكى سۆھبەت ئۇنىڭدىن بۇنىڭدىن سۆزلىشىش بىلەن باشلانغان بولۇپ، گەپتىن گەپ چىقتى، دېگەندەك سۆھبەت تېمىسى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دىندىن يانغانلار ئۈستىدىن ئېلىپ بارغان ئۇرۇشىنىڭ ئۇتۇقلىرى ۋە ئىسلامغا قوشقان تۆھپىلىرىگىچە بېرىپ توختالدى. سۆھبەتكە قېتىلغانلاردىن بىرى:

ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ناھايىتى نازۇك ۋە كىشىلەر تەرىپىدىن ياخشى كۆرۈلىدىغان بىرىدۇر، بۇنىڭدا ھېچ شۈبھە يوق، ئۇ يەنە ناھايىتى جەسۇر ۋە شىجائەتلىكتۇر. ئەمما پىداكارلىقتا ئۇنىڭ بىلەن تەڭ دەرىجىدە بولغان بەزى كىشىلەر ئۇنتۇلۇپ قېلىنىۋاتىدۇ. ئەسلىدە پىداكارلىقتا ئۇنىڭ بىلەن تەڭ باراۋەر بولغان كىشىلەر ئۇنتۇلماسلىقى كېرەك ئىدى، دېدى.

- ئۇنتۇلۇپ قېلىنىۋاتقان بۇ كىشى كىم؟

- بىلال.

- بىلال ئىبنى رىباھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇ؟

- شۇنداق.

- ئۇ قانداقمۇ بۇنداق سەل قارىلىپ قېلىشقا دۇچ كەلسۇن؟ بۇنداق ئىنساپسىزلارچە مۇئامىلىنىڭ سەۋەبى نېمە؟

- بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىنتايىن ئېغىر سىناقلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بولسا بۇنداق سىناقلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزمىدى.

ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇنداق سىناقلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزمىدىمۇ؟! ... ئازاب ۋە قىيناشلارغا دۇچ كەلمىدىمۇ؟! ... ھوشىدىن كەتكۈچە، يۈز - كۆزلىرىدىن قانلار ئاققۇچە دۇمبالانمىدىمۇ؟

- ئەلۋەتتە ئۇمۇ باشقىلارغا ئوخشاشلا بۇنداق سىناقلارغا دۇچ كەلدى ئەمما ئادەمنى قورقۇتۇپ جېنىنى ئالغىدەك دەرىجىدىكى قىيناشلارغا دۇچ كەلمىدى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بولسا ئاشۇ ئازاب ۋە قىيناشلار نەتىجىسىدە ئۆلۈم ھەتتا ئۇنىڭغا جان تومۇرىچىلىك يېقىن قالغانلىقىنى ھېس قىلغىدەك دەرىجىدە قىيناشلارنى بېشىدىن كەچۈرگەن ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ ئۆز دىنىدا چىڭ تۇرۇپ، ئازراقمۇ تەۋرىنىپ قالمىغانىدى. بۇنىدىن باشقا يەنە ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۇنى ھىمايە قىلىدىغان قەبىلىسى بار ئىدى. ياردەم سورىسا سورىيالايدىغان، ئۇنىڭغا قىلىنغان قىيىن - قىستاقلارغا توسقۇنلۇق قىلغىدەك

كىشىلەرگىمۇ ئېرىشەلەيتتى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا كەلسەك، ئۇ بىر قۇل ئىدى. ناۋادا بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئۆلتۈرىۋەتسە ئۇنى نېمە ئۈچۈن ئۆلتۈرگەنلىكى ھەققىدە سوراققا تارتىلمايدىغان خوجايىنى بار ئىدى. ئەمما بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇنداق پالاكەتلەرنىڭ كېلىش ئېھتىمالىنى بىلىپ تۇرۇپ ئىسلامنى قوبۇل قىلىپ، ئىمانىنى ئاشكارىلىغان، خوجايىنىنىڭ باتىل ئېتىقادلىرىغا قارشى جەڭ ئېلان قىلغان، خوجايىنىنىڭ زەردىسىنى قايناتتىپ، ئۆز ئەقىدىسىدە قەتئىي تەۋرەنمەي تۇرغان. خوجايىنىنىڭ تەھدىتلىرىگە قىلچە پەرۋا قىلماستىن، ئۇنىڭ قىيناشلىرىغا سەۋر بىلەن تاقابىل تۇرغان، قىيناش ئۈستىگە قىيناشلارنىڭ جەۋر - جاپاسىنى تارتقان بولسىمۇ بىرەر قېتىم ئاھ، دەپ قالمىغان، ئۆلۈم كۆز ئالدىغا كېلىپ قالغانلىقىنى كۆرگەندەك بولغان، ئەمما بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئىمانى تېخىمۇ ئاشقان. سۆزلىگۈچىنىڭ ھەمراھى ئۇنىڭغا جاۋابەن:

- سېنىڭچە ئۆلۈشكە ئاز قالغىچە قىينىلىشقا دۇچ كەلگەنلەر پەقەت يالغۇز بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مىدى؟... مۇسۇلمانلاردىن ناھايىتى كۆپ ساندىكى كىشىلەر ئۆلۈم بىلەن يۈزمۇ يۈز كېلىپ قالغاندەك دەقىقىلەرنى بېشىدىن كەچۈرگەنىدى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇ شۇنداققۇ...

- بۇ ئىش قاچان بولغان ئىدى؟

- قۇرەيشنىڭ ئارقىدىن ئىز قوغلاپ ماڭىدىغانلى-قىنى، تۇتىۋېلىپلا قالسا ئۆلتۈرۈۋېتىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلىپ تۇرۇپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ھىجرەتكە ئاتلانمىدىمۇ؟ بۇلارنى بىلىپ تۇرۇپ يەنىلا ئۆز ئەقىدىسى يولىدا ئۆلۈشكىمۇ رازى بولغان ھالدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھىجرەتتىكى ھەمراھى بولمىغانمىدى؟

- ئۇغۇ شۇنداق، ئەمما قۇرەيش ھەر ئىككىلىسىنىلا تۇتالمىدى. ناۋادا ئۇ قۇرەيشنىڭ قولىغا چۈشۈپ ئېغىر قىيناش سىناقلىرىغا دۇچ كەلگەن بولسا كىم بىلىدۇ، ئۇنىڭغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان ياكى بېرەلمەيدىغانلىقىنى شۇ چاغدا بىلگىلى بولاتتى. قۇرەيش قولىغا چۈشۈرگەندىن كېيىن خۇددى بەزى بىر مۇسۇلمانلارنى قولغا چۈشۈرگەندە ئۇلارنى قاتتىق قىيناش ئارقىلىق ئىمانىغا ھاقارەت بولىدىغان بەزى سۆزلەرنى ئۇلارغا مەجبۇرى سۆزلەتكىنىدەك ئۆزلىرى ئاڭلاشنى خالايدىغان ئاشۇنداق سۆزلەرنى ئۇنىڭغا سۆزلىتىپ سېلىشىمۇ مۇمكىن ئىدى. كىم بىلىدۇ دەيسەن خۇددى مۇشرىكلار ئەممار ئىبنى ياسىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى قاتتىق قىينىغاندا ئۇ قىيناشلارغا بەرداشلىق بېرەلمەي ئۇلارنىڭ ئارزۇ قىلىدىغان سۆزلىرىنى سۆزلەپ سالغىنىدەك سۆزلەپ سېلىشىمۇ مۇمكىن ئىدى.

- ئەممار ئىبنى ياسىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا كەلسەك مۇشرىكلارنىڭ چىدىغۇسىز ئازابلىرىغا چىداشلىق بېرىپ كەلگەن بولۇپ، ھەتتا ئەبۇ جەھىل ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ ئەۋرەت يېرىگە نەيزە سانجىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەندىمۇ چىداشلىق بەرگەن، بۇ چىداشلىقى تاكى ئاتىسىغا ئېتىلغان تاشلارنىڭ ئاتىسىنى ئۆلتۈرۈپ قويغىلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەنگە قەدەر داۋام قىلغان ۋە بۇ جەرياندا ئەقىدىسىگە داغ تەگكۈزىدىغان بىر ئېغىز سۆزمۇ قىلمىغان ئىدى. ئاخىرىدا ئوتتا قىزىتىلغان تاشلارنى ئۇنىڭ كۆكسىگە قويۇپ كۆيدۈرۈشكە باشلىغاندا ئۇ سۆزلەرنى سۆزلەشكە

www.uyghurkitap.com

مەجبۇر بولۇپ قالدى. مۇشۇنچىۋالا ئىشلار بولۇپ ئۆتكەندە ئەمدى سەن قويۇپ ئۇنى ئەيىپلەمسەن؟ ھەمدە ئاللاھ ئۇنى مەغپىرەت قىلىپ:

«كىمكى ئاللاھقا ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن ئىماندىن يېنىۋالسا، - قەلبى ئىمان بىلەن مۇستەھكەم تۇرسىمۇ مەجبۇرلاش ئاستىدا (ئاغزىدىلا) ئىماندىن يانغانلىقىنى بىلدۈرگەنلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا...»

دەپ ئۇنىڭ ھەققىدە ئايەت نازىل قىلغان كىشىنى چىشلەپ تارتامسەن؟

- ھەي ئاغىنە، سۆزلىگەنلىرىمنى خاتا چۈشەنمە، مەن بۇلارنى دېيىش ئارقىلىق ئۇنى چىشلەپ تارتماقچى ئەمەس، مەن بۇ سۆزلەرنى پەقەت بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئاشۇنداق ئېغىر ئازاب ئىچىدە تۇرۇپمۇ مۇشرىكلارنى خوش قىلغىدەك بىرەر ئېغىز سۆز قىلمىغانلىقىنى ئەسكەرتىش ئۈچۈن مىسال ئورنىدا كەلتۈردۈم. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نېمىدېگەن چىداشلىق بىر ئادەم دەيمەن، ھەر يوغان قىيا تاشنىڭ ئاستىدا ئىڭرىسىمۇ، قىينالسىمۇ ئەمما ئۇنىڭ ئاغزىدىن پەقەتلا دۈشمەنلىرىنى غەزەپلەندۈرىدىغان سۆزدىن باشقا ھېچقانداق بىر سۆز چىقىپ قالمىغان... ئەينى چاغدىكى زوراۋانلارنىڭ زوراۋىنى ئەبۇ جەھل ئۇنىڭ بېشىدا تۇراتتى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تاشلارنىڭ ئاستىدا، ئىگە بولغۇچىسى بولمىغان، ھېچ بىر ماغدۇرى قالمىغان ئەھۋالدىمۇ ئەبۇ جەھلنى رەسۋا قىلىۋەتكەن ئىدى. ئۇنىڭ غورۇرىنى يەرگە ئۇرۇپ، ئۇنى ساراڭ قىلىپ قويغىلى تاسلا قالغانىدى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى قويۇپ بېرەي دېسە ئۆزىنىڭ يېڭىلىپ قالغانلىقىغا، ئۆلتۈرۈۋېتەي دېسە ئاجىز

كېلىپ قالغانلىقىغا بىر ئىسپات بولاتتى. دېمەك، ئۇ ھەقىقەتەن ئامالسىز قالغان ئىدى. ئېھتىمۇ توغرىسىنى ئېيتقاندا بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قىيا تاشنىڭ ئاستىدا ئىنجىقلاپ يېتىپمۇ رىياسىز بىر ھالەتتە ئۇنىڭغا قارىغاندا ئاكتىپ ئورۇنغا چىققان ئىدى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى سېتىۋالغىلى كەلگەندە بولسا بىلال ئاللىقاچان ئۇلارغا ئۆزىنى سېتىۋېتىشتىن باشقا يول تاپالمىغىدەك مەجبۇر ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويغان ئىدى. چۈنكى، ئۇلار ئۇ چاغدا ئۆزلىرىنىڭ شۇ چاغدىكى قىيىن ھالەتلىرىدىن، ھەم بۇ ھېچقانداق قىيناش كار قىلمايدىغان بۇ قۇلنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشنى بىلەلمەس ھالغا كەلگەن ئىدى. ئۇلار بۇ قۇلنىڭ خوجايىنى، ئۇنىڭ بوينىغا سېلىنغان قۇللۇق سىرتمىقىنىڭ ئارغامچىسى يەنىلا ئۇلارنىڭ قولىدا ئىدى. ئەمما ئۆزلىرىنىڭ غورۇرلىرىنى ئاياق - ئاستى قىلىپ چەيلىۋەتكەن بۇ ئاجايىپ قۇلنى قوللىرىدىن چىقىرىۋېتىشنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن بىر كۆڭۈل ئاراملىقى بولىدىغانلىقىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنى سېتىشقا مىڭ مەرتىۋە رازى بولۇشقانىدى، يەنە ھەر كۈنى ئۇنى بوي ئەگدۈرەلمەسلىكتىن كېلىپ چىقىدىغان بىئاراملىقلىرىنى ئاخىرلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئۇنى سېتىۋېلىش تەلىپىگە دەرھال ماقۇل بولدى. بۇلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدىكى بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سىنالغانلار ئۈچۈن تەڭدىشى بولمىغان بىر ئۈلگىدۇر.

- سۆزلىگەندە بىر ئاز ئويلىنىپ گەپ قىلغىن... ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دەرىجىسىگە ھېچكىم تەڭلىشەلمەيدۇ. ھېچكىم ئۇنىڭ دەرىجىسى ھەققىدە باشقىچە قاراشتا

بولمىسۇن! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھىجرەت قىلماقچى بولغاندا ئۇنى ھىجرەتتىكى سەپەردىشى قىلىپ تاللىغىنى، ئۇنى مۇسۇلمانلارغا نامازدا ئىمام بولۇپ بېرىشكە تەيىنلىگىنى، ئۇنىڭ ھەققىدە: «ئەگەر ئىنسانلار ئىچىدىن بىرىنى ئۆزەمگە دوست تۇتماقچى بولسام ئەلۋەتتە ئەبۇ بەكرىنى دوست تۇتقان بولاتتىم.» دېگىنىنى ئۇنتۇما. مۇسۇلمانلارمۇ ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خەلىپىسى قىلىپ سايلىمىدىمۇ؟

- پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھىجرىتىدە ئەبۇ بەكرىنى سەپەرداش قىلىپ سايلىغان بولسا باشقا بىرىنى ئەمەس دەل بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى بەيتۇلمالنىڭ ساقلىغۇچىسى قىلدى. بۇمۇ ئۇنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىدىكى مەرتىۋىسىنىڭ يۇقىرىلىقىنىڭ دەلىلىدۇر.

- ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەبۇ ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە باشقا مۆمىنلەر ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن قالسىلا مۇسۇلمانلار ئىچىدە ئەڭ ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىغا شاھىت بولغان ۋە بۇ ئاساستا ئۇنىڭغا بەيئەت قىلغان.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەزىلەتلىك بىرى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدىغانلاردىندۇر. چۈنكى، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئازات قىلغان كۈنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىزنىڭ پېشىۋايىمىز، ئۇ پېشىۋايىمىزنى ئازات قىلدى، دېگەن ئىدى.

- ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بولمىغىنىدا بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھىدايەت يولىغا مېڭىپ، زۇلمەتتىن قۇتۇلالارمىدى؟

- شۈبھىسىزكى، ئاللاھنىڭ ئىنايىتى بولمىغىنىدا ھېچبىرىمىز ھىدايەتكە ئېرىشەلمىگەن بولاتتۇق.

ئۇلارنىڭ سۆھبىتى ناھايىتى مەنتىقىلىق ئۇسلۇب بىلەن داۋام قىلىۋاتقاندا ئۇلاردىن بىرى ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قاراپ بىر ئادەم سايىسىنىڭ ئۆزلىرى تەرەپكە قاراپ يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى ۋە سورۇندىكىلەرنى جىم بولۇشقا ئىشارەت قىلدى. ئولتۇرغانلار: «نېمە دەيسەن؟» دەپ سوراشتى. ئۇ بولسا: «بىلال كېلىۋاتىدۇ.» دەپ جاۋاب بەردى.

ئۇلار دە - تالاشلىرىنى توختىتىپ جىم بولۇشتى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يېتىپ كەلدى. ئولتۇرغانلارغا سالام بەردى ۋە بىللە ئولتۇردى. ئۇ يەردىكىلەر جىمجىتلىقنى داۋام قىلدى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئولتۇرغانلارنىڭ بىر - بىرىگە قارىشىپ قويۇشۇۋاتقانلىقىنى سېزىپ بۇ يەردە بىرەر ئىش بارلىقىنى پەرەز قىلدى ۋە:

- بىرەر ئىش بولدىمۇ؟ دەپ سورىدى. ئۇلاردىن بىرى:

- سېنىڭ پەزىلەتلىرىڭ بىلەن ئاللاھنىڭ ساڭا ئاتا قىلغان ئىنايەتلىرى ھەققىدە سۆزلىشىپ ئولتۇراتتۇق، دېدى.

- مەن بولسام پەقەت بىر ھەبەشلەردىنمەن. بۇندىن بۇرۇن بولسا بىر قۇل ئىدىم.

سورۇندىكىلەرنىڭ بىرسى جۈرئەت قىلغان ھالدا:

- بۇ يەردىكىلەر سېنىڭ ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىنمۇ پەزىلەتلىكرەك ئىكەنلىكىڭنى دېيىشىۋاتىدۇ، دېدى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ چىرايى ئۆزگىرىپ كەتتى ۋە ئاچچىقلانغان ھالدا

ئۆرنىدىن تۇرۇپ كېتىپ شۇنداق دېدى:

- مېنى قانداقمۇ ئۇنىڭدىن ئۈستۈن چاغلىغىلى بولسۇن! مەن بولسام ئۇنىڭ ياخشىلىقلىرىدىن بىرىمەن.

# جىهادقا تەييارلىنىش

ئىسلام قوشۇنى ئىراقتا ئىران قوشۇنى بىلەن، شامدا بىزانس قوشۇنى بىلەن ئۇرۇشىۋاتاتتى. بۇ ئۇرۇش يېڭىدىن قۇرۇلغان ياش بىر دۆلەت بىلەن دۇنياغا ھاكىم بولۇپ كېلىۋاتقان ئىككى چوڭ دۆلەت ئوتتۇرىسىدا داۋام قىلىۋاتاتتى. غەلىبە خەۋەرلىرى مەدىنىگە يېتىپ كېلىش بىلەن كىشىلەرنىڭ چېھرىلىرىدە سۆيۈنۈش كۆلۈمسىرەشلىرى جىلۋە قىلاتتى ۋە كۆڭۈللەرگە جىهادقا قاتنىشىش ئىشتىياقى تۇتىشاتتى. ئالەم بوشلۇقىدا يېڭى بىر دەۋرنىڭ، يەنە بىر سەھەرنىڭ ئالامەتلىرى، شەرەپ، ئابروي ۋە ھاكىمىيەتكە تولغان يېڭى بىر دەۋردىن بېشارەت بەرمەكتە ئىدى. بۇ خەۋەرلەردىن بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ خەۋەردار بولۇپ تۇرغان بولۇپ ئۇ بۇنىڭدىن تولىمۇ سۆيۈنۈش ئىچىدە ئىدى. ئەمما كۆپىنچە ۋاقىتلاردا بۇ سۆيۈنۈشنىڭ ئارقىدىن كۆڭلى يەنە غەمكىن بولاتتى. مۇجاھىدلار بىلەن بىرلىكتە جىهادقا قاتنىشالمىغانلىقىدىن كۆڭلى بەكلا يېرىم ئىدى. كۆڭلىدە ئۆزىگىمۇ جىهادقا قاتنىشىش پۇرسىتىنىڭ بېرىلىشىنى تۆت كۆز بىلەن كۈتۈۋاتاتتى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭ جىهادقا چىقىشىغا رۇخسەت بەرمەي، خۇددى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئۆز يېنىدا ئېلىپ قالغىنىدەك ئۆز يېنىدا ئېلىپ قالغان ئىدى. كۈنلەر شۇ تەرىقىدە ئۆتۈۋەردى، غەلىبە خەۋەرلىرى ئارقا - ئارقىدىن كېلىشكە باشلىدى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزىنىڭ جىهادقا چىقىش ئارزۇسىنى داۋاملىق تەكرارلاپ تۇردى. جىهادقا چىقىشقا تاقىتى تاق بولغان ئىدى. ئۇ يەنە بۇ تەلىپىدە قاتتىق تۇرماقچى بولۇپ تۇرغاندا ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ خەلىپىسى بولغان ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئاغرىپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭ ساقىيىشىنى ساقلىماقچى بولدى. ئەمما ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ ئورنىغا ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى خەلىپىلىككە تەۋسىيە قىلدى. ئارقىدىن ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋاپات بولدى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزىنى قاراڭغۇلۇقتىن يورۇقلۇققا ئېلىپ چىقىشقا ۋاستە بولغان، ئېغىر زۇلۇم ۋە قىيناشلاردىن ئازات قىلغان بۇ ئىنساننىڭ ۋاپاتى ئۈچۈن ناھايىتى قاتتىق قايغۇردى. چۈنكى بۇ ئىنسان ئۆزىنىڭ ناھايىتى تۆۋەن بىر قۇللۇق مەرتىۋىدىن قۇتۇلۇپ، شەرەپلىك بىر ئىنسان بولۇشىغا ۋاستە بولغان ئىدى.

بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ ئۇنىڭدىن ئۆزىنىڭ جىهادقا چىقىش ئارزۇسىنى بىلدۈردى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا:

- ئى بىلال! سەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋە ئۇنىڭ خەلىپىسى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىدا قالغىنىڭدەك مېنىڭ قېشىمدا قېلىشنى خالىمامسەن؟ دېدى.

- ئى مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى! جىھادقا شۇنچىلىك ئىشتىياقىم باركى، بۇنىڭدىن ۋاز كېچەلمىگىدەكمەن، دېدى.

- بۇ يەردە قالساڭچۇ، بىلال! مەن ساڭا موھتاج.

- ئاللاھ ئۈچۈن ماڭا رۇخسەت قىلغىن، مېنى جىھادنىڭ ساۋابىدىن مەھرۇم قىلما.

- بوپتۇ ئەمىسە... خالىغىنىڭچە بولسۇن.

- شامغا بېرىپ ئەبۇ ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قوشۇنىغا قېتىلىمەن.

- ئاللاھنىڭ بەرىكىتى بىلەن بارغىن.

بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خوشلۇقىدىن قويغان - تۇتقىنىنى بىلەلمەس ھالغا كەلگەن ئىدى. نىمىلا دېگەن بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇزۇن ۋاقىتلاردىن بېرى ئەمەلىيلەشمىگەن جىھاد ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشقان ۋە ئاشىقانە تەشنا بولغان جىھاد قويىنىغا ئۆزىنى ئېتىش پۇرسىتى ئۇنىڭ تەقدىرىگە يېزىلغان ئىدى. ئۆزىنىڭ ئۇنىڭ ئۈچۈن نۇرغۇن ئازاب - ئوقۇبەتلەرگە دۇچار بولغان ئاللاھنىڭ دىنىنى تارقىتىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئۇنىڭ تەقدىرىگە يېزىلغان ئىدى. ئۇ ئاسارەتكە تۇتۇلغان بىرىنىڭ ئەركىنلىككە ئېرىشكىنىدەك بىر ئازادلىك بىلەن ئۆيىگە بېرىپ ئايالى بىلەن كۆرۈشتى. ئۇنىڭ يۈزى خۇشاللىقتىن نۇرلىنىپ كەتكەنىدى. ئايالى دەرھال سورىدى:

-ياخشىلىقتۇر، ئىنشائاللاھ!

- سەپەرگە... سەپەرگە...

- قەيەرگە؟

- شامغا... جىھادقا...

بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ئايالى ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن سەپەرگە ئاتلىنىپ، يېقىنلىرى، يۇرت - ماكانلىرىنى ئارقىغا قالدۇرۇپ شام تەرەپكە قاراپ ماڭدى. مەدىنە بولسا ئۇلارنى ئارقىدىن ئۇزىتىپ قالدى. ئۇلار كېچە - كۈندۈز دېمەي سەپەر قىلدى. يول بولسا ئۇلارنىڭ ئۇلاغلىرىنىڭ ئاياقلىرى ئاستىدا سىيرىلغاندەك بولاتتى. ئاخىرى ئۇلار مەنزىلگە يېتىپ ئەبۇ ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قوشۇنىغا قېتىلدى. ئۇلار قوشۇنىنىڭ شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە يۈرۈش قىلىۋاتقان بىر بۆلۈك تارمىقىغا قوشۇلۇپ ئۇدۇل قۇددۇس مەسجىدى تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. مۇسۇلمانلار قۇددۇسنى قورشاۋغا ئالدى. بۇ قورشاۋ ئۇزۇن سۈردى. قەلئەنىڭ باش قوماندانى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۆزى كەلمىگىچە شەھەرنى مۇسۇلمانلارغا تاپشۇرۇپ بەرمەيدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئەبۇ ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ خەۋەرنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا يەتكۈزدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ قوشۇن قوماندانىغا قۇددۇسقا يېتىپ بېرىشتىن بۇرۇن ئەھۋاللارنىڭ ياخشى ئىگەللىنىشى ئۈچۈن قوشۇن قوماندانلىرىنىڭ جابىيە دېگەن يەردە يىغىلىشىنى بۇيرۇدى. ئەبۇ ئۇبەيدە جابىيەگە كەلدى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىدى. قوماندانلىق مەرتىۋىسىدىكى بارلىق كىشىلەر بىر يەرگە توپلانغان ئىدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يېتىپ كەلدى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى يۈگۈرۈشۈپ دېگۈدەك ئۇنىڭ ئالدىغا باردى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ ئۇنى قارشى ئېلىشقا چىققانىدى. ناماز ۋاقتى بولغاندا كىشىلەر ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئەزان ئېيتىپ بېرىشى ئۈچۈن بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئەمر بېرىشىنى تەكلىپ قىلدى. ئەمر قىلىنىشى بىلەن بىلال ئەزان ئېيتىش ئۈچۈن

www.uyghurkitap.com

ئورنىدىن تۇردى. پۈتۈن كىشىلەر سۈكۈت ئىچىدە تۇرۇشتى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېقىملىق ۋە جاراڭلىق ئاۋازى خۇددى مەدىنىدە ياڭرىغىنىدەك بۇ يەردىمۇ ھەممە يەردە ياڭراشقا باشلاپ كىشىلەرنىڭ ئېڭىدىكى تونۇش مەنزىرىلەرنى ئۇلارنىڭ ئالدىدا قايتا جانلاندۇرۇشقا باشلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولغانلار ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلاپ كېتىشتى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەتتا ساقاللىرى ھۆل بولۇپ كەتكۈچە يىغلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆرمىگەنلەر بولسا قېرىنداشلىرىنىڭ يىغىسىغا قاراپ تەسىرلەنگىنىدىن يىغلاپ كېتىشتى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەزاننى ئوقۇپ بولغاندا بولسا كىشىلەر ھېچ شەپە چىقارماستىن ئولتۇرغان يېرىدە ئولتۇرۇشۇپ قېلىشقانىدى. ئاخىرىدا ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نامازغا تەكبىر چۈشۈردى، خەلق ئۇنىڭ ئارقىسىدا سەپ تۈزۈپ خۇشۇ ئىچىدە ناماز ئوقۇشقا باشلىدى. نامازدىن كېيىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شەھەر دەرۋازىسىنىڭ ئاچقۇچىنى تاپشۇرۇپ ئېلىش ئۈچۈن بەيتۇلمۇقەددەسكە ماڭماقچى بولدى. مۇسۇلمانلار ئۇنىڭ ئۇستىدىكى ياماقلىق كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇۋېتىشنى تەلەپ قىلدى ۋە ئۇنىڭغا سىدام ئاق رەڭلىك بىر كىيىمنى بەردى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ كىيىمنى كىيىپ، دولىسىغا پاختا رەختتىن توقۇلغان بىر يۇيۇقنى ئارتتى. ئۇنىڭغا مىنىش ئۈچۈن بىرزانىس ئاتلىرىدىن بىر ئارغىماق كەلتۈرۈلدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئاتقا مىندى. ئات يەڭگىل قەدەم تاشلاپ، بويۇنتۇرۇقلىرىنى سىلكىپ - سىلكىپ مېڭىشقا باشلىدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دەرھال ئاتتىن چۈشۈپ:

- ئەيىبكە بۇيرىماڭلار. قىيامەت كۈنى ئاللاھ سىلەرنى كەچۈرگەي، ناۋادا بۇلار بىلەن دىلىمغا بىر كىبىرلىك كىرىپ قالغىنىدا سىلەر ئۆز خەلىپەڭلەرنى ھالاكەتكە ئىتتەرگەن بولۇپ قالاتتىڭلار. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «دىلىدا زەررە چاغلىق كىبىر بولغان كىشى جەننەتكە كىرمەيدۇ.» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم. راست ئېيتقاندا سىلەرنىڭ ماڭا بەرگەن بۇ ئاق كىيىمىڭلار بىلەن بۇ ئارغىمىقىڭلار مېنى غورۇردىن ھالاك قىلىشقا تاس قالدى، دېدى ۋە دەرھال ئۇستىدىكى كىيىمنى سېلىپ ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى ياماقلىق ئەمما پاكىز كىيىمنى كىيدى.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پاراڭلاشقان ھالدا قوشۇن بىلەن بىرگە بەيتۇلمۇقەددەس تەرەپكە قاراپ ئىلگىرىلەشكە باشلىدى. ئۇلار سېپىلنى قورشاپ تۇرغان قوشۇنغا يېقىنلاشقاندا قوشۇندىكىلەر مۆمىنلەرنىڭ خەلىپىسىنىڭ كىشىلەر ئارىسىدا كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈشى بىلەنلا يەر - زېمىننى زىلزىلىگە سالغىدەك سادا ياڭرىتىپ قۇددۇس خەلقىگە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كەلگەنلىكى بىلەن خۇش بېشارەت بېرىشكە باشلىدى. قۇددۇسنىڭ قوماندانى ئۆمەر رەزىياللاھۇ ئەنھۇنى كۆرۈش ئۈچۈن شەھەر سېپىلىنىڭ ئارقىسىدىن بېشىنى چىقىرىپ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى يېقىندىن كۆرۈشنى تەلەپ قىلدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يېنىدىكىلەردىن ئايرىلىپ ئۆزى يالغۇز ئالدىغا قاراپ ماڭدى. سەپداشلىرى ئۇنىڭغا بىرەر يامانلىق يېتىپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلىشىپ ئۇنى توسۇپ قالماقچى بولدى. ئۆمەر

رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلارغا: ئېيتقىنكى، «بىزگە پەقەت ئاللاھنىڭ تەقدىر قىلغان نەرسىسى يېتىدۇ، ئۇ بىزنىڭ مەدەتكارىمىزدۇر. مۆمىنلەر ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلسۇن (يەنى مۆمىنلەر ھەممە ئىشنى ئاللاھقا تاپشۇرسۇن، ئۇنىدىن باشقا ھېچ ئەھەدىگە يۆلەنمىسۇن).» دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى ۋە تۆگىسىگە مىنىپ، ئىمان بىلەن تولغان بىر يۈرەك بىلەن سېپىل تەرەپكە قاراپ ئۇدۇل يۈرۈپ كەتتى. شەھەرنىڭ باشلىقى ئۇنى كۆرۈشى بىلەن:

- ئۇ... ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، ئۇ، مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھنىڭ دوستى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ! ... دەرۋازىلارنى ئېچىڭلار، دەپ ۋارقىرىدى.

دەرۋازا ئېچىلدى. كىشىلەر ئۇلار بىلەن توختاملىشىدىغان شەرتلەر ھەققىدە ئۇنىڭ ئەتراپىغا يىغىلىشتى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ئەھۋاللارنى كۆرۈپ كۆزلىرىگە ياش ئالدى ۋە ئاللاھقا شۈكرە ئېيتىش ئۈچۈن ئۇلۇغىنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ سەجدىگە باش قويدى.

مانا مۇشۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلار قۇددۇسقا كىردى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلار بىلەن بىللە ئىدى. ئۇلار ئاللاھنىڭ ئۆزلىرىگە مىراس قىلىپ بەرگەن بۇ شەھەرنى ئايلىنىشقا باشلىدى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىگە: «شۇبھىسىزكى، ئاللاھ ئىران ۋە بىزانسىنىڭ سەلتەنىتىنى مۇسۇلمانلارغا مىراس قىلىپ بېرىدۇ.» دېگەن كۈنىنى ئېسىگە ئالدى ۋە: ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! سەن ھەرۋاقىت ئەڭ توغرا سۆز قىلغۇچىسەن. ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! سېنىڭ سۆزلىرىڭنى يالغانغا چىقارغانلار شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە قەيەرلەردە؟! ئۇلار كېلىپ بۇ ئاپ - ئاشكارا بولغان غەلىبىنى بىر كۆرمىسۇنمۇ؟ ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى سەن قەيەردە؟ ئۇلۇغ فەتھى كۈنىدە مەن سېنىڭ يېنىڭدا بولغىنىمدەك ھازىرمۇ خۇددى سەن بىز بىلەن بىرگە تۇرغاندەك ھېس قىلماقتىمەن. سەن مېنىڭ يېنىمدا... سەن مېنىڭ يېنىمدا... دەپ پىچىرلىدى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياشلار ئاقتى ۋە ئۆز - ئۆزىگە: ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ساڭا ئاللاھنىڭ رەھمىتى بولسۇن! دېگەن سۆزلەرنى تەكرارلىدى.

## قۇللۇق

بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شامدا يېڭىدىن مۇسۇلمان بولغان قېرىنداشلىرى بىلەن بىرگە ئولتۇرغاچ ئۇلارغا دىنلىرىنى ئۆگىتىۋاتاتتى. ئۇلاردىن بىرسى:

- ئىسلام ھاراق، قىمار، زىناغا ئوخشاش نۇرغۇن نەرسىلەرنى ھارام قىلىپتۇ. يۇ نېمە ئۈچۈن قۇللۇقنى ھارام قىلمىغاندۇ؟ دەپ سورىدى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

- دۇنيادا ئىشلارنىڭ يۈرۈشىشى ۋە ئۆز يولىدا داۋام قىلىشىدا قۇللارنىڭ رولىنىڭ ناھايىتى چوڭ ئىكەنلىكىنى بىلىسىلەر. ناۋادا ئىسلام قۇللۇقنى بىردىنلا بىكار قىلىۋەتسە قۇل ئىگىلىرى ناھايىتى چوڭ زىيانغا ئۇچرايتتى. بۇنىڭ بىلەن بىرگە قۇللارغىمۇ، جەمئىيەتكىمۇ بىرمۇنچە زىيانلار بولغان بولاتتى. قۇل ئىگىلىرى زىيانغا ئۇچراش بىلەن بىرگە يەنە ناھايىتى نۇرغۇن قۇلمۇ ئىشسىز، ئىگىسىز قالاتتى. ئۆزلىرىنىڭ قورسىقىنى تويدۇرۇپ ئىگە چىقىۋاتقان ياردەمچىلىرىدىن ئايرىلىپ قالاتتى. زۆرۈر بولغان ئېھتىياجلىرىنى قامداش ئۈچۈن

بىرمۇنچە ناچار، ناشايان يوللارغا مېڭىپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. بۇنىڭ بىلەن جەمئىيەت تەرتىپى بۇزۇلۇپ، ھەممە ئىش قالايمىقان بولۇپ كېتەتتى. ئىجتىمائىي نىزام تەرتىپتىن چىققان بولاتتى، دەپ جاۋاب بەردى. باشقا بىرىمۇ سۆزگە ئارىلىشىپ:

- ئۇنداقتا ئىسلام قۇللارنىڭ ھۆرلۈككە ئېرىششى ئۈچۈن قانداق بىر تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى؟ دەپ سورىغان سوئالىغا بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

- ھېچقانداق بىر دىنىنىڭ قىلمىغىنىنى ئىسلام دىنى قىلدى. تەۋرات قۇل بولۇشقا بۇيرۇپ كەلگەن بولسا خىرىستىيانلىق ئۇنىڭغا قارشى چىقمىغان ئىدى. ئىسلام بولسا دەسلەپكى قەدەمدىلا ئىنسانلارغا قۇللارنى ھۆرلۈككە ئېرىشتۈرۈشنى تەۋسىيە قىلدى. قوللىرىدىكى قۇللىرىغا ھۆرلۈك بەرگۈچىلەرگە كەڭلىكى ئاسمان - زېمىنچە كېلىدىغان جەننەتلەرنى ۋەدە قىلدى. ئاللاھ بەندىلەرنىڭ قۇل ئازات قىلىشىنىڭ ئاللاھقا شۈكۈر قىلغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان دەسلەپكى ۋەزىپىلىرىدىن سانىدى. ئۇلۇغ ئاللاھ قۇرئاندا سۈرە بەلەدنىڭ سەككىزىنچى ئايىتىدىن 16 - ئايەتلىرىگىچە: ئىنسان ئۈچۈن ئىككى كۆز، بىر تىل، ئىككى كالپۇك ياراتمىدۇقمۇ؟ ئۇنىڭغا ياخشى يول بىلەن يامان يولنى كۆرسەتمىدۇقمۇ؟ ئۇ داۋان ئاشمىدى. داۋان ئېشىشنىڭ نېمىلىكىنى قانداق بىلەتتىڭ؟ (داۋان ئېشىش دېگەن) قۇل ئازاد قىلماقتۇر ياكى ئاچارچىلىق كۈندە تۇغقانچىلىقى بولغان يېتىمگە ياكى توپىدا ياتقان مىسكىن (ھالى ناچار كەمبەغەل) گە تاماق بەرمەكتۇر.» دېدى.

سەۋەنلىك بىلەن ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويغانلىقنىڭ كاپارىتى ھەققىدە: «مۆمىن ئادەمنىڭ مۆمىن ئادەمنى سەۋەنلىك بىلەن ئەمەس، قەستەن ئۆلتۈرۈشى ھېچ دۇرۇس ئەمەس، كىمكى بىرەر مۆمىننى سەۋەنلىك بىلەن ئۆلتۈرۈپ قويىدىكەن، ئۇ بىر مۆمىن قۇلنى ئازاد قىلىشى ۋە ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ۋارىسلىرىغا دىيەت (تۆلەم) تۆلىشى كېرەك.» دېيىش ئارقىلىق ئىسلامدا قۇللارنىڭ ھۆرلۈكىنى ئۇلارغا زۇلۇم قىلماستىن بېرىشنى تەلەپ قىلدى. بۇندىن باشقا يەنە قۇلغا زاكاتتىن بىر ئۈلۈش ئايرىغان بولۇپ، قۇللار بۇ زاكاتنى خوجايىنلىرىغا بېرىش ئارقىلىق ھۆرلۈككە ئېرىشىش يولىنى بەردى. بۇ ھەقتە ئۇلۇغ ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «زاكات پەقەت پېقىرلارغا، مىسكىنلەرگە، زاكات خادىملىرىغا، دىللىرىنى ئىسلامغا مايىل قىلىش كۆزدە تۇتۇلغانلارغا، ئىنسانلارنى ھۆرلۈككە ئېرىشتۈرۈشكە، قەرزدارلارغا، ئاللاھنىڭ يولىغا، ئىبنى سەبىللەرگە بېرىلىدۇ، بۇ ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىسىدۇر، ئاللاھ (بەندىلىرىنىڭ مەنپەئىتىنى) ئوبدان بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.»

ئىسلام قۇللارنى ھۆرلۈككە ئېرىشتۈرۈش سىستېمىسىنى «مۇكاتەبە ئەقد» بىلەن قانۇنلاشتۇرغان ئىدى. بۇنىڭ مەنىسى شۇكى: قۇل ئۆزىگە مەنپەئەتلىك بولغان بىر پۇل تېپىش پۇرسىتىگە ئىگە بولغاندا خوجايىنلىرىدىن ئۆزىنى ھۆرلۈككە چىقىشقا ماقۇل بولغۇدەك پۇلغا ئېرىشۋېلىشى ئۈچۈن ئىشلەشكە رۇخسەت بېرىلىشنى سورىغاندا خوجايىنلىرى بۇنىڭغا رۇخسەت بېرىشكە مەجبۇر بولىدۇ. چۈنكى ئۇلۇغ ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «قۇللىرىڭلاردىن توختام تۈزۈشنى تىلەيدىغانلار (خوجىسىغا مۇئەييەن پۇل - مال تۆلەش شەرتى

بىلەن ئۆزىنىڭ ئازاد قىلىنىشىنى تىلەيدىغانلار) بىلەن، ئەگەر ئۇلارنىڭ ساداقىتىنى بايقىساڭلار، توختام تۈزۈڭلار، سىلەرگە ئاللاھ ئاتا قىلغان مال ـ مۈلۈكنىڭ بىر قىسمىنى (ئۆزلىرىنى ئازاد قىلىشقا ياردەم تەرىقىسىدە) ئۇلارغا بېرىڭلار...»

ئۈچىنچى بىرى سۆز باشلاپ:

ـ ئىسلام قۇلغا ياردەم بەرگەنمۇ، دېدى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـ ئىسلام قۇللارغا يۇمشاق، ياخشى مۇئامىلە قىلىشنى پەرز قىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ھەمىشە قۇلغا چىرايلىق مۇئامىلە قىلىشنى تەۋسىيە قىلىپ كەلگەن ۋە: «ئاشۇ ئىككى زەئىپ بەندە يەنى قول بىلەن ئايال كىشى ھەققىدە ئاللاھتىن قورقۇڭلار» دەپ تاپىلىغان ئىدى. ھەتتا ۋاپاتىغا ئاز قالغاندا: نامىزىڭلارغا ۋە قۇللىرىڭلارغا ئەھمىيەت بېرىڭلار» دەپ تەۋسىيە قىلغان ئىدى. قول ئازات قىلىشقا بولسا، كىمكى بىر مۆمىن قۇلنى ئازات قىلسا ئۇ قول ئۇنىڭ ئۈچۈن جەھەننەمدىن قۇتۇلۇشىنىڭ بەدىلى بولىدۇ.» دېيىش ئارقىلىق رىغبەتلەندۈرگەن ئىدى. قۇللار ئىسلام ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ھەتتا ئۆزىنىڭ قۇللۇقىنىڭ ئاچچىقىنى ئۇنتۇپ شەپقەت ۋە مەرھەمەت بىلەن مۇئامىلە قىلىنغان ئىدى. بۇ شۇنچىلىك دەرىجىگە بارغانكى، بەزى قۇللار خوجايىنىنى ئۆز قەبىلىلىرىدىن، ھۆرلۈكلىرىدىن ئەلا بىلگەن ئىدى.

تۆتىنچى بىرى:

ـبۇنداق بولۇشى مۇمكىنمۇ؟ دېدى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئانىمىز بىلەن توي قىلغاندا خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئانىمىز ئۇنىڭغا زەيد ئىبنى ھارىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى قول ئورنىدا ھەدىيە قىلغانىدى. زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا رازىلىق ۋە ئۆز خاھىشى بىلەن تۇردى. ھارىسە قەبىلىسىدىن بىر گۇرۇپپا كىشىلەر مەككىگە كېلىپ ئوغۇللىرى زەيد ئىبنى ھارىسە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى قۇللۇقتىن قۇتۇلدۇرۇپ قايتۇرۇپ كېتىش ئۈچۈن سېتىۋالماقچى بولدى. ئۇلار تەلەپلىرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دېگەندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ناۋادا زەيد سىلەر بىلەن كېتىشنى خالىسا مەن ئۇنىڭ ئۈچۈن ھېچقانداق ھەق ئالماستىن سىلەرگە قوشۇپ قويىمەن» دېگەن ئىدى. ئەمما زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قۇللۇق ھالىتى بويىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىدا قېلىشنى تەلەپ قىلغان ئىدى. بۇنى ئاڭلىغان سورۇندىكىلەردىن بىرى:

ـراستتىن ئېيتقاندا بۇ ھەقىقەتەن ھەيران قالغۇدەك بىر ئىش ئىكەن، دېدى.

ـ ياق... ياق... بۇنىڭ ھەيران قالغۇچىلىكى يوق، چۈنكى، مۇسۇلمانلارنىڭ قۇللىرىغا بولغان شەپقىتى، خۇددى ئائىلىلىرىنىڭ ئۇلارغا بولغان مېھرى ـ شەپقىتى بىلەن ئوخشاش ئىدى. تېخىمۇ ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا ئائىلىسى ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى ئۇنتۇلدۇرغىدەك دەرىجىدە ياخشى مۇئامىلە قىلاتتى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مېنى ئازات قىلغان چاغدا مەن ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا باغلىنىپ قالدىم ۋە ماڭا بولغان ياخشى كۆرۈشى سەۋەبىدىن ئۇنىڭدىن ھېچ ئايرىلغۇم كەلمىدى. مەدىنىگە ھىجرەت قىلغاندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ تاكى ئۇنىڭ ئازات

www.uyghurkitap.com

قىلغۇچىسى بولۇپ ئايرىم ياشاشقا كۆنگەنگە قەدەر ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغانىدىم. ئىسلامنىڭ كېلىشى قۇل بىلەن ئۇنىڭ خوجايىنى ئارىسىدا ھېچبىر پەرقنى قالدۇرمىدى. چۈنكى ئاللاھ: «ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىسىلەر (كىشىلەرنىڭ بىر - بىرىدىن ئارتۇق بولۇشى نەسەب بىلەن ئەمەس، تەقۋادارلىق بىلەن بولىدۇ)، ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر.» دېگەن ئىدى. ئىسلام قۇللارغا ئەھمىيەت ۋە مەسئۇلىيەت بېرىشتىن باش تارتمىغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئازات قىلغان زەيد ئىبنى ھارىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ھاممىسىنىڭ قىزى زەينەپ بىنتى جەھشى رەزىيەللاھۇ ئەنھانى نىكاھلاپ بەرگەنلىكى، ئۇنىڭدىن كېيىن زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئوغلى ئۇسامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى قوشۇن قوماندانلىقىغا تەيىنلىگەنلىكى بۇنىڭ مىسالىدۇر. بۇنىڭدىن بۇرۇن بىر قۇلنىڭ بۇلارنى ئويلىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. يەنە كېلىپ بۇ ئىشلارنىڭ ئادەتتىكى قەبىلىلەر ئىچىدە ئەمەس، بەلكى قۇرەيشتەك نەسەبى يۇقىرى بولغان قەبىلىنىڭ ئىچىدە ئىجرا قىلىنىشىنى تەسەۋۋۇر قىلالايتتىڭمۇ؟ بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئىسلام قەبىلە ۋە ئىرق ئۈستۈنلۈكىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئىنسانلار ئارىسىدا باراۋەرلىكنى ئوتتۇرىغا چىقارغاندۇر.

سورۇن ئەھلىدىن يەنە بىرى:

- بۇلار ھەقىقەتەن ناھايىتى ياخشى ئىشلار... بۇنىڭدىنمۇ ياخشى بولىدىغىنى قۇللۇقتىن ئىبارەت ئىنساننىڭ تەبىئىتىگە ياقمايدىغان بۇ تۈزۈلمىنى پۈتۈنلەي ئەمەلدىن قالدۇرۇش كېرەكلىكىدۇر، دېدى.

بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

- مەن سىلەرگە بايا دەپ ئۆتكىنىمدەك، قۇللۇق تۈزۈمنى بىراقلا ئەمەلدىن قالدۇرىۋەتكەندە قۇللارنىڭ خوجايىنلىرىنىڭمۇ، قۇللارنىڭمۇ زىيانغا ئۇچراش ئېھتىمالى چوڭدۇر. ئىسلام قۇللارنىڭ ھالىنى ياخشىلاش ۋە ھۆرلۈككە كۆندۈرۈشنى داۋام قىلىش ئاساسىدا بۇ ئەھۋالنى ھەل قىلىش يولىنى تاللىغان بولۇپ، بۇنىڭدىن باشقا يەنە قۇللۇققا كەلگۈسىدە بىراقلا خاتىمە بېرىش ئۈچۈن بەزى بىر شەرتلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى. سىلەرنىڭ بىلىشكە تېگىشلىك بولغان تەرىپىڭلار شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئىسلام ئىنساننى قۇل قىلىشنى ھارام قىلغان، بىراق پەقەتلا مۇسۇلمانلارغا قارشى قوراللانغان، ئۇلارنى دىنلىرىدىن قايتۇرۇپ ۋە ئاللاھنىڭ يولىدىن يىراقلاشتۇرۇشنى مەقسەت قىلغان يات دىندىكىلەر ئارىسىدا بولىدىغان چوڭ ئۇرۇشلار چىقىپ قالغان ئەھۋالدا ئۇلاردىن ئەسىرگە چۈشكەنلەرنى قۇل قىلىشقا رۇخسەت قىلغاندۇر. شۇ سەۋەبتىن مۇسۇلمانلارنىڭ ھۆكۈمدارلىرىغا قولغا چۈشكەن ئەسىرلەرنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش ئىختىيارلىقلىرى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە بېرىلگەن بولۇپ، بۇ رەھبەرلەر خالىسا ئەسىرلەرنى ئۆز يانلىرىدا ئېلىپ قېلىشقا، خالىسا قويۇپ بېرىشكە ياكى قارشى تەرەپكە ئەسىرگە چۈشۈپ قالغان مۇسۇلمان ئەسكەرلەرگە ئالماشتۇرۇشقا ھوقۇقلۇق قىلىنغاندۇر. ئەلۋەتتە بۇنداق قىلىشنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتىنى ئاجىزلاشتۇرۇشنى ۋە ئاللاھنىڭ نۇرىنى ئۆچۈرۈشنى قەستلىگەنلەرنىڭ ھەيۋىسىنى سۇندۇرۇش، غۇرۇرىنى يەرگە ئۇرۇش بىلەن بىللە ئىسلام دىنىنى ھىمايە قىلىش جەھەتلەردىمۇ بىرمۇنچىلىغان

پايدىلىرى باردۇر. شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، بۇ خىل شەكىلدە رۇخسەت قىلىنغان قول قىلىش تۈزۈلمىسى مۇسۇلمانلارنىڭ شەرئەت بويىچە ئىش ئېلىپ بېرىشى جەريانىدا تەدرىجىي ئاخىرلىشىدۇ ۋە ئىنسان تەبىئىتىگە ياقمايدىغان قۇللۇقتىن ئىبارەت بۇ تۈزۈم جەمئىيەتتىن تەل - تۆكۈس يوق بولىدۇ، دېدى.

سورۇندا ئولتۇرغانلاردىن يەنە بىرى مۇنداق دېدى:

- ھېچ بولمىغاندا شەيتان ئىرادىسى ئاجىز بىر قىسىم كىشىلەرنى ئازدۇرۇپ بالىلار ۋە ئاياللارنى ئېلىپ قېچىپ قول بازارلىرىدا سېتىشتەك ئىشلارغا ۋەسۋەسە قىلىشى مۇمكىن، بۇ ھەقتە سەن قانداق قارايسەن؟ بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

- ئىسلام بۇنى قەتئىي توسۇپلا قالماي، بۇنداق ئىشلار بىلەن شۇغۇللانماقچى بولغانلارنى قاتتىق ئازاب بىلەن ئاگاھلاندۇردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ لەۋزى بىلەن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىس قۇدسىدا ئاللاھنىڭ بۇ ھەقتە: «ئۈچ تۈرلۈك ئىنسان باركى، قىيامەت كۈنىدە مەن ئۇلارغا دۈشمەن بولىمەن، بۇ ئۈچ تۈرلۈك ئىنسان بولسا مېنىڭ ئىسمىم بىلەن قەسەم قىلىپ، قەسىمىنى بۇزغۇچىلار، ھۆر ئىنساننى قول قىلىپ سېتىپ ئۇنىڭ پۇلىنى يېگەنلەر ۋە بىركىمنى ئىشقا سېلىپ ئۇنىڭ ھەققىنى بەرمىگەنلەردۇر. دېگەنلىكىنى بايان قىلغان.»

باشقا بىرى سۆزگە ئارىلىشىپ:

- كۆپىنچە ۋاقىتلاردا بۇ ناچار تۈزۈمنىڭ قانداق قىلىپ مەيدانغا كېلىپ قالغانلىقىنى ئۆز - ئۆزەمدىن سوراپ كېلىۋاتاتتىم، ئەمما تا ھازىرغىچە بۇنىڭغا قانائەتلىنەرلىك بىر جاۋاب تاپالمىدىم، دېدى. ئۇ يەردە ئولتارغانلاردىن يەنە بىرى:

- قۇللۇق، مەدەنىيەت ۋە دەسلەپكى قەدەمدىكى تەرەققىيات يۈزلىنىشىگە تاشلانغان تۈنجى قەدەم بىلەنلا باشلانغاندۇر، دېدى.

يۇقىرىغا قاراپ تەرەققىي قىلىشنىڭ تۈنجى قەدىمىنى قۇللۇق تۈزۈمى بىلەن باشلايدىغان ئىشمۇ بولامدۇ؟ ...

- شۇنداق، راستىنلا شۇنداق بولغان ئىكەن. ئەينى چاغلاردا ئۇرۇشلار ئاساسەن ئۆز ئارا قوشنا قەبىلىلەر ئارىسىدا پارتلايدىغان بولۇپ، ئىنسانىيەت قۇرۇلمىسى تەرەققىي قىلغىنىچە ۋە مەلۇم بىر رايونلارنى ۋەتەن قاتارىدا ئىگىلەشكە باشلىشى بىلەن تېرىقچىلىق ئىشلىرىدا ئادەم كۈچىگە بولغان ئېھتىياج كېلىپ چىققان. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۇرۇشلاردا قولغا چۈشۈرگەن ئەسىرلەرنى ئۆلتۈرۈۋېتىشنىڭ ئورنىغا ئۆز ئىشلىرىغا سېلىش تۈزۈمىنى يولغا قويماقچى بولۇشقان. شۇنىڭ بىلەن قۇللۇق تۈزۈمى بۇ شەكىلدە مەيدانغا كېلىشكە باشلىغان. پەلسەپەشۇناسلارنىڭ كۆپىنچىسى بۇنى تەبىئىي ۋە زۆرۈرىي بىر تۈزۈم قاتارىدا قوبۇل قىلىشتى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

- كۆرۈپ تۇرۇپسىلەركى، ئىسلام بۇنى ئىنسان تەبىئىتىگە ئۇيغۇن ۋە زۆرۈرىي تۈزۈم قاتارىدا دەپ قارىماي ئەكسىچە نەپرەت قىلىنىدىغان بىر تۈزۈم دەپ قاراپ ئۇنى تەدرىجىي ھالدا يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلاشقا تىرىشىدۇ. شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، مۇسۇلمانلار بۇ ھەقتە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ھۆكۈملەرنى ئۆگىنىشى ۋە ئۇلۇغ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە ئەگىشىشكە تىرىشىشى بىلەن قۇللۇقمۇ ئاخىرلىشىدۇ، دېدى.

www.uyghurkitap.com

بۇ يەردىكى سۆھبەت خېلى كەچ بولغۇچە داۋام قىلدى، سۆھبەت ئاخىرلاشقاندا بولسا بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆيىگە قايتتى.

# ئاغرىنىش

ئامۇاس كەنتىنىڭ ئۈستىگە قاراڭغۇلۇق ئۆزىنىڭ قاراڭغۇ پەردىسىنى قېلىن چۈمكىۋەتكەنىدى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كارۋىتىغا بېرىپ ياتتى. كۆزلىرى ئۇيقۇسىراپ كەتكەنىدى. ئاخىرى تاتلىق ئۇيقۇ قوينىغا بۆلەندى. ھەممە كىشىلەر ئۇيقىغا كەتكەن، ئەتراپنى جىمجىتلىق باسقان ئىدى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇيقۇ قوينىدا ئۇيان - بۇيانغا ئۆرۈلەتتى. ئۇ، ئوڭ ۋە سولغان ئۆرۈلۈپ تۇراتتى، چىرايىدا بولسا چوڭقۇر خىيالغا چۆمگەندەك ئىزنالار پەيدا بولاتتى. بەزىدە ناھايىتى رازىمەنلىك بىلەن كۈلۈمسىرەيتتى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ چۈشىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاق كىيىم كىيگەن ھالدا ئۆزى تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى. ناھايىتى ھاياجانلانغان ۋە سۆيۈنگەن ھالدا ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ تۇردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ لەۋلىرى ھەرىكەتكە كەلدى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خۇددى تاپا - تەنە قىلغاندەك تەرىزدە: «بۇ قانداق بىر ۋاپاسىزلىق بىلال... بۇ قانداق بىر ۋاپاسىزلىق بىلال .. بىزنى قاچانغىچە زىيارەت قىلمايسەن؟» دېدى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇيقۇسىدىن ئويغاندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «بۇ قانداق بىر ۋاپاسىزلىق بىلال... بۇ قانداق بىر ۋاپاسىزلىق بىلال» دېگەن ئاۋازى ئۇنىڭ قۇلاقلىرى تۈۋىدە ھېلىھەم جاراڭلاپ تۇراتتى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزىنى ئاجايىپ بىر ئېغىر ھەسرەت ئىچىدە قالغاندەك ھېس قىلدى. ئۇنىڭ قەلبىنى كۆتۈرۈش تەس بولغان بىر قايغۇ قاپلىۋالغانىدى. ئۇ ئۆز ئۆزىگە: ۋاپاسىزلىقمۇ... ياق ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ياق... شۇنداق، ئارىدىن بىر قانچە يىللار ئۆتۈپ كەتتى. مەن سېنىڭ مەسجىدىڭنى زىيارەت قىلمىدىم. ئەمما بۇ ۋاپاسىزلىق قىلغانلىقىمدىن ئەمەس ئىدى... سېنىڭ سىمايىڭ ھېچ كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ. سېنى بىر مىنۇتمۇ ئۇنتۇپ قالمىدىم، ئىسمىڭ ئاغزىمدىن چۈشمىدى. دىلىم نامازلاردا ساڭا دۇرۇد ئېيتىشتىن ھېچ توختاپ قالمىدى. ياق، ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! بۇنى سەن ۋاپاسىزلىق دەپ قارىمىغىن. دەرھال تەييارلىنىپ سېنىڭ مەسجىدىڭنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن نۇر شەھىرى بولغان مەدىنىگە يېتىپ بارىمەن، دەپ پىچىرلىدى ئۇ.

بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ياتقان يېرىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى ۋە ئۇدۇل ئىشىككە بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى. ھەر تەرەپنىڭ قاراڭغۇ ئىكەنلىكىنى كۆردى. ئاسمانغا قارىدى. ئاجىزلاپ قالغان نۇرلىرىنى چېچىۋاتقان يۇلتۇزلارنى كۆزەتتى. يۇلتۇز نۇرلىرىنىڭ سۇسلىشىپ ئۆچۈشكە ئاز قالغانلىقىنى كۆردى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي بۇلارمۇ يوق بولۇشقا باشلىدى. كېچە ھەقىقەتەن ناھايىتى بەك قاراڭغۇ ئىدى. كۈن چىقماستىن بۇرۇن يولغا چىقىش مۇمكىن ئەمەس

ئىدى. ئەمما قاچان سەھەر بولار، قاچان ؟... ئۇنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولغان سېغىنىش ھېسسىياتى ئۇنىڭ يۈرىكىنى يالقۇن كەبى كۆيدۈرۈپ تۇرىۋاتىسا ئۇ يەنە تاڭ ئېتىشىنى ساقلىيالىسۇنمۇ؟ ۋاقىت بەكمۇ ئاستا ئۆتمەكتە ئىدى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بولسا ئۆي ئىچىدە ئۇياقتىن بۇياققا ماڭاتتى. ئۇنىڭ يادىغا ئۇزۇق - تۈلۈك تەييارلىقى كەلدى. توغرا ئۇ سەپەر ئۈچۈن تېخى ھېچبىر تەييارلىق قىلمىغان ئىدى. ئۇ ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا تەييارلىقلىرىنى قىلىپ پۈتتۈردى. لېكىن كېچە يەنىلا تۈگىمەيۋاتاتتى. ئۇ ئىچى تىتىلدىغان ھالدا: كاشكى قانىتىم بولغان بولسا، مەھبۇبىمنىڭ مەدىنىدىكى مەسجىدىگە مېنى ئۇچۇرۇپ ئېلىپ بارغان بولسا... دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى.

بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئايالى ئويغاندى ۋە ئېرىنىڭ ئۆي ئىچىدە ئۇيان - بۇيان مېڭىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ بىر نەرسىگە بىئارام بولۇۋاتقانلىقىنى سەزدى - دە:

- بىرەر ئىش بولدىمۇ؟ دەپ سورىدى.

- مەدىنىگە بارماقچىدىم.

- نېمىشقا؟

- پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسجىدىنى زىيارەت قىلماقچىمەن.

- تاڭ ئاتقىچە ئۇخلىۋالساڭ بولماسمۇ؟

- ئۇيقۇم قاچتى.

ئاخىرى ئۇپۇق يۈزىدە كۈننىڭ چىقىشىدىن دېرەك بېرىدىغان ئالامەتلەر كۆرۈندى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆيدىن يۈگۈرگەندەك چىقتى - دە تۆگىسىگە مىنگىنىچە يولغا چۈشتى. ھايۋانمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شەھىرىگە يېتىپ بېرىش ئۈچۈن ئىلدام يۈرۈپ كەتتى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئالدىنقى كۈنى مەدىنىگە قاراپ يولغا چىققان كارۋانغا يېتىشىۋېلىشى كېرەك ئىدى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىردەم - بىردەم تۆگىسىنى دىۋىتەتتى. تۆگىمۇ قەدەملىرىنى ئىتتىك ئېلىپ پۈتۈن كۈچى بىلەن چاپاتتى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يولنى ئۈزۈراپ كەتكەندەك ھېس قىلغان بولسىمۇ ئاخىرىدا يەنىلا كارۋانغا يېتىشىۋېلىپ ئۇلارغا قوشۇلدى. ئۇ يول بويىچە ئۇنىڭ قۇلىقىغا ئىچىدىن كېلىۋاتقان نىدادىن، تۆگىسىنىڭ ھېرىپ دەم ئېلىشنى خالىغان ھالدا پۇشقىرىشىدىن باشقا بىر ئاۋاز كىرمەيتتى.

بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شۇ تاپتا بەنى جۇمۇھ قەبىلىسىنىڭ تىجارەت ماللىرىنى ئاپىرىپ - ئېلىپ كەلگەن، قۇللۇق كۈنلىرىنى باشتىن كەچۈرگەن شام يولىدا ئىدى. ئۇ بۇ يولدىن ھەر بىر قېتىم ماڭغىنىدا ئەينى چاغدىكى ئەسلىمىلىرى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا جانلىناتتى. جىھادنى باشلاش مەقسىتىدە مەدىنىدىن چىقىپ ئەبۇ ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قوشۇنىغا قوشۇلۇش ئۈچۈن ماڭغاندىمۇ بۇ ئەسلىمىلەر ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا جانلانغان ئىدى. كۆڭلى بولسا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىدىن ئاغرىنغان قىياپەتتىكى دېگەن سۆزلىرىنى ئويلاش بىلەن مەشغۇل ئىدى.

ئاخىرى دېگەندە مەدىنىنىڭ چەت - ياقا مەھەللىلىرى كۆرۈندى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆڭلى قاناتلىنىپ ئۇچىدىغاندەك ھالەتكە كەلگەن ئىدى. تۆگىسىنىڭ مېڭىشىنى تېزلىتىپ كارۋان تويىدىن ئايرىلىپ چىقتى. يۈرىكى بولسا ھاياجاندىن دۇپۇلدەيتتى. ئۇنىڭ يۈرىكىدە ئەيمىنىش بىلەن مەھبۇبىنىڭ مەسجىدىگە ئۇچۇپ دېگۈدەك كىرىش

www.uyghurkitap.com

ئارزۇسى... ئۇزاق ۋاقىتلىق ئايرىلىشتىن كېيىن بۇ ھۆرمەتلىك رەھبىرىنىڭ ھۇزۇرىدا قانداق تۇرۇشى ھەققىدىكى ئەندىشىسى... مەدىنىگە ھەر قېتىم قايتىپ كەلگەندىكى ۋە ئۇ يەردىن چىققان چاغدا ھېس قىلىدىغان ھاياجانلاردىن ئىبارەت تۇيغۇلار بىر - بىرىگە ئارىلىشىپ كەتكەندى. ئەمما ئۇ، بۈگۈن ھېس قىلغان ھاياجاننى ھېچقاچان ھېس قىلمىغانىدى. ئۇ بۇرۇن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايات ۋاقتىدا ئۇنىڭ بىلەن ھەر ئۇچراشقاندا، ۋاپات بولغاندىن كېيىن مەسجىدىگە ھەر قېتىم زىيارەت ئۈچۈن كىرگىنىدە ئىچىدە ناھايىتى ھۇزۇرلۇق بىر تۇيغۇ پەيدا بولاتتى. ئەمما ئۇ، بۈگۈنكىدەك بىر ھاياجاننى، بۈگۈنكىدەك قاتتىق سېغىنىشنى پەقەتلا ھېس قىلىپ باقمىغان ئىدى.

مانا ئەمدى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسجىدى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىلا تۇراتتى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلغاندەك بولۇپ نەپەس ئېلىشى تېزلەشتى. تۆگىسى ئۇنى مەسجىدنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىپ، ئۇنىڭ چۈشۈۋېلىشى ئۈچۈن چۆكتى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تۆگىسىدىن چۈشۈپ خۇشۇ ئىچىدە مېڭىپ مەسجىدنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلگەندە ئىشىككە ئۇدۇل قاراپ مېڭىپ ئاخىرى قەبرىنىڭ ئالدىغا ئېغىر قەدەملەر بىلەن يېتىپ كەلدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى لەرزىگە كەلدى. ھاياجاندىن تىترەپ تېشىغىمۇ چىقىرالمىغان پەس ئاۋازى بىلەن:

ئەسسالامۇ ئەلەيكە ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى!

دەپ سالام بەردى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بوغۇزىدا بىرنەرسە تۇرۇپ قالغاندەك بولدى. كۆزلىرىدىن تۆكۈلگەن ياشلىرى ئۇنىڭ يۈزلىرىنى يۇدى. ئۇ ئاۋاز چىقارماستىن بېشىنى ئالدىغا ئەگدى. روھىي دۇنياسى بولسا بۇرۇنقى ئەسلىمىلەر ئىچىدە پەرۋاز قىلىشقا باشلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كەڭچىلىك ۋاقىتلاردىمۇ، تارچىلىق ۋاقىتلاردىمۇ، ئاسانلىق ۋە قىيىنچىلىق ۋاقىتلاردىمۇ، ئۇرۇش ۋە تىنچلىق ۋاقىتلاردىمۇ ئۆزىگە قانچىلىك يېقىن تۇرغانلىقىنى ۋە ئۆزىگە قانچىلىك شەپقەت كۆرسەتكەنلىكلىرىنى ئەسلىدى. ئۇنىڭ ھاياجانلىق كەيپىياتى بىرئاز پەسكويغا چۈشكەندەك بولدى. ئۇ ئۆزىنى ئوڭشىۋالدى. كۆڭلى بىرئاز ئارامىغا چۈشكەندى. بۇ ئارىدا ۋاقىت ناھايىتى تېز ئۆتمەكتە، بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بولسا ۋاقىتنىڭ قانداق ئۆتكەنلىكىنى سەزمەس ھالەتتە ئىدى. ئۇنىڭ روھى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ روھى بىلەن ئۇچراشقاندەك بولۇپ كۆڭلى ئەمىن تاپقانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ھازىرقى ھۇزۇرلۇق ھالىتىنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشىنى خالىمايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ تۇرغان يەردە شۇ پېتى تۇرۇۋەردى. كېچە قاراڭغۇ يوپۇقلىرىنى يېپىشنىڭ بىشارىتىنى بېرىشكە باشلىدى. ئەمما بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بولسا بۇلارنى سەزگىدەك ئەمەس بولۇپ تۇرغان يېرىدىن قىمىرلاي دېمەيتتى. ئەتراپتىن ھېچنېمىنى سەزمەيتتى. بىر چاغدا بىرىلىرىنىڭ ئۆزىگە گەپ قىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى:

- بىلال!... بىلال!...

- بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تىرەن خىيال دۇنياسىدىن ئېسىگە كېلىپ ئاۋاز كەلگەن تەرەپكە بۇرۇلدى. مەھبۇبىنىڭ نەۋرىلىرى بولغان ھەسەن بىلەن ھۈسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالارنى كۆردى. ئۇنىڭ

قايغۇسى يېڭىلاندى. كۆزلىرىدىن ياشلار تاراملاپ ئاقتى. ئۇ، ئۇ ئىككىسىنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ دېگۈدەك بېرىپ ھەر ئىككىلىسىنى باغرىغا بېسىپ ئۇلارنى سۆيدى، ئۇلارنىڭ باش - كۆزلىرىنى سىلاشتۇردى ۋە: سىلەرنى ھەر كۆرسەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئەسلەيمەن، دېدى ئۇ پەس ئاۋازدا. ئۇلار ئارىسىدا بىر ھازاغىچە جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. ئاخىرىدا ھەسەن جىمجىتلىقنى بۇزۇپ:

-سەن قاچاندىن بېرى بۇ يەردە ئىدىڭ؟ دەپ سورىدى.

- قۇياش ئۇپۇققا قاراپ قايرىلغاندا كارۋان مەدىنە تەۋەسىگە كىرگەنىدى. مەن دەرھال كارۋاندىن ئايرىلىپ سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن بۇ يەرگە يۈگۈردۈم.

- كېچىنى نەدە ئۆتكۈزمەكچىسەن؟

- مەسجىدتە.

-يۈرگىنە بىلال! بىزنىڭ ئۆيىمىزگە كەلگىن، بىزگە مېھمان بول.

ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسىنىڭ يېنىدىن ئايرىلىپ ھەسەننىڭ ئۆيى تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئۇلار يولدا كېتىۋاتقاچ بۇرۇنقى ئىشلاردىن سۆزلىشىپ ماڭدى. ھۈسەين بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا قاراپ:

- پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن سەن بىزنى ئاۋازىڭدىن مەھرۇم قىلدىڭ، بىلال! سېنىڭ بامدات نامىزى ئۈچۈن ئەزان ئېيتىپ بېرىشىڭنى تەلەپ قىلىمىز، دېدى. ھەسەنمۇ...

شۇنداق بىلال! سەن ھەقىقەتەن بىزنى شۇ يېقىملىق ئاۋازىڭدىن مەھرۇم قىلدىڭ، بامدات نامىزىغا ئەزان ئېيتىپ بېرەمسەن؟ دەپ چىڭ تۇرۇۋالدى.

- ماقۇل، ئاللاھ خالىسا، دەپ جاۋاب بەردى بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ.

ئۇلار يولدا ھېچكىمگە ئۇچراشماي ئۆيگە يېتىپ كەلدى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ يەردە قونۇپ قالدى. شەپەق خۇددى قىلىچ قېنىدىن سىيرىلىپ چىققاندەك ئاستا كۆتۈرۈلىشى بىلەن بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەسجىدكە بېرىپ مەسجىد ئۆگزىسىگە چىقتى. ئۇنىڭ دىلى ئۆزىمۇ تەسۋىرلەپ بېرەلمەيدىغان سۆيۈنۈش تۇيغۇسى بىلەن تولدى. سەھەر شامىلى ئۇنىڭ يۈزلىرىنى سىلاپ ئۆتۈپ، ئۇنىڭ كەيپىياتىنى تېخىمۇ جانلاندۇرىۋەتتى. ئۇ ئەتراپتىكى ئۆيلەرگە بىرەر قۇر نەزەر تاشلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايات ۋاقتىدىكى ئەسلىمىلەر ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا يەنە بىر قېتىم جانلاندى. ئۇ يۇقىرى ئاۋاز بىلەن ئەزان ئېيتىشنى باشلىدى. ئەزان ئاۋازى دولقۇن - دولقۇن بولۇپ مەدىنىنىڭ ھەر تەرىپىگە تارقالدى:

ئاللاھۇ ئەكبەر! ئاللاھۇ ئەكبەر!

ئاللاھۇ ئەكبەر! ئاللاھۇ ئەكبەر!

مەدىنە تەۋرەپ كەتتى، كىشىلەر ئۆزلىرىنى ناھايىتى چىرايلىق چۈش كۆرگەندەك ھېس قىلدى. ئەر - ئاياللار بىر - بىرىگە، ھەر بىر ئادەم يېنىدىكى ئادەمگە قاراشتى ۋە بىر - بىرىدىن: بۇ بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەمەسمۇ؟ دەپ سوراشتى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەزان ئېيتىشنى داۋام قىلىۋاتاتتى.

ئەشھەدۇ ئەن لا ئىلاھە ئىللاللاھ!

ئەشھەدۇ ئەن لا ئىلاھە ئىللاللاھ!

كىشىلەر ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى ۋە: بۇ بىلال

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، خاتا ئەمەس، ئۇ دەل بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئەمما ئۇ شامدىن بۇ يەرگە نېمە سەۋەب بىلەن كەلگەندۇ؟ ... دېيىشتى. ئەر كىشىلەر ئۆيلىرىنىڭ ئىشىكلىرىنى ئېچىشتى. خۇددى سېھىرلەنگەندەك بىر ھالەتتە بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېقىملىق ئاۋازىغا مەپتۇن بولغان ھالدا مەسجىد تەرەپكە قاراپ يۈگۈرەشتى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئەزىنى بولسا داۋام قىلىۋاتاتتى.

ئەشھەدۇ ئەننە مۇھەممەدەر رەسۇلۇللاھ

ئەشھەدۇ ئەننە مۇھەممەدەر رەسۇلۇللاھ

مۇسۇلمانلار باشلىرىنى ئېگىپ جىم بولۇشتى. ئاۋاز بولسا قەلبلەرنى لەرزىگە سېلىپ ھاياجانغا تولدۇرغانىدى. كۆزلەر بولسا ياش بىلەن توشقان ئىدى. ئاياللارمۇ ھۇجرىلىرىدىن چىقىشىپ تېزلىك بىلەن مەسجىدكە يېتىپ كېلىشتى. ھەممە كىشىنىڭ كۆڭلىگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ياشىغان كۈنلەرنىڭ ئەسلىمىلىرى كەلگەن ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەسرەتلىرى يېڭىلىنىپ كۆزلىرىدىن ياشلار يامغۇردەك تۆكۈلۈشكە باشلىغان ئىدى. ھەممە يەر خۇددى گۆردەك جىمجىتلىقتا تولغان ئىدى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئاۋازى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن ھالدا كىشىلەرنى نامازغا چاقىرىۋاتاتتى:

ھەييە ئەلەس سالاھ!

ھەييە ئەلەس سالاھ!

مەدىنە خەلقى بۇ چاقىرىقتا ئاۋاز قوشتى. جامائەت ھەممىسى بىر ئېغىزدىن: «لا ھەۋلە ۋەلا قۇۋۋەتە، ئىللاھ بىللاھ» دەپ جاۋاب بەردى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەزاننى داۋام قىلدى:

ھەييە ئەلەل فەلاھ!

ھەييە ئەلەل فەلاھ!

ئاللاھۇ ئەكبەر! ئاللاھۇ ئەكبەر!

لا ئىلاھە ئىللاللاھ.

بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەزاننى ئوقۇپ بولدى. كىشىلەر ئۇ ئۆگزىدىن چۈشۈپ ئۆزلىرىنىڭ ئارىسىغا قېتىلغىچە ئورۇنلىرىدىن قىمىر قىلماستىن تۇرۇشۇپ قالغان ئىدى. ئۇ يەرگە چۈشۈپ بولغاندىن كېيىن ھەممىسى كېلىپ ئۇنى ئورىۋېلىشتى ۋە ئۇنىڭدىن ھال - ئەھۋال سورىدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ كەلدى ۋە بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى قۇچاقلاپ كۆرۈشتى. ئاندىن كېيىن ناماز ئۈچۈن تەكبىر ئېيتىلدى. مۇمىنلەرنىڭ ئەمىرى بولغان ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىمام بولۇپ تەكبىر ئالدى. جامائەتمۇ تەكبىر ئېلىپ ئۇنىڭغا ئىقتىدا قىلدى. ئۇلار ئالەملەرنىڭ پەرۋاردىگارى بولغان ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن نامازلىرىنى ئوقۇشقا باشلىدى.

## ۋىسالىغا يېتىش

(ياخشى كۆرگەن كىشىلەر بىلەن ئۇچرىشىش)

ناماز ئوقۇلۇپ بولۇنغاندىن كېيىن ھەممە ئادەم ئۆز ئىش - كۈشلىرى ئۈچۈن مەسجىدتىن ئايرىلىپ

ئۆز يوللىرىغا مېڭىشتى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بولسا مەسجىدتە بىرگە قېلىپ قالدى. ئۇلار ئولتۇرۇپ ئۇنىڭدىن ـ بۇنىڭدىن گەپلەشتى. ئۇلار يەنە ئاللاھنىڭ شام زېمىنىنى مۇسۇلمانلار ئۈچۈن بەخش ئەتكەنلىكى ھەققىدە سۆزلەشتى. ئۇنىڭدىن كېيىن بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئورنىدىن تۇرۇپ مەدىنىدىكى قەدىناس دوستلىرىنى زىيارەت قىلدى. بۇنىڭدىن 20 يىل بۇرۇن ئۆزى تارتقان قاتتىق قىيىن ـ قىستاقلار سەۋەبىدىن كېيىن ھىجرەت قىلىپ كەلگەندە ئۆزىگە ئىللىق قۇچىقىنى كەڭرى ئاچقان بۇ گۈزەل شەھەرنى ئايلىنىپ زىيارەت قىلدى.

بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەدىنىدە ئاللاھ خالىغان بىر مەزگىلگىچە تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭدىن كېيىن شامغا قايتىشقا قارار قىلىپ، شامغا ماڭىدىغان كارۋانلارنى سۈرۈشتۈرۈشكە باشلىدى. ئىككى كۈندىن كېيىن يولغا چىقىدىغان بىر كارۋاننىڭ خەۋىرىنى ئالغاندىن كېيىن، سەپەر ئۈچۈن بىرەر قۇر تەييارلىق قىلىۋېلىپ ئاندىن مەدىنىنىڭ كوچىلىرىنى قايتىدىن ئايلىنىشقا باشلىدى. ئۇ بۇ يەردىن ئايرىلىشتىن بۇرۇن قانغىچە بىر كۆرىۋالماقچى بولدى. ئۇ مەيلى نەگىلا بارمىسۇن ئۇنىڭ يادىغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە ياشىغان كۈنلەر كېلىۋېلىپ بۇ يەردىن خۇددى مەڭگۈلۈك خوشلىشىۋاتقاندەك بىر تۇيغۇسى ئۇنىڭ دىلىدا بارغانسېرى كۈچىيىپ بېرىۋاتاتتى. كۆڭلىدە ئۆزىمۇ ھېس قىلمىغان بىر قايغۇ ھېسسىياتى دولقۇنلىناتتى. بۇ ھېسسىياتى 20 يىل بۇرۇن مەككىنى تاشلاپ ھىجرەتكە ئاتلانغاندا ھېس قىلغان ھېسسىياتلىرىمۇ بۇنچىلىك كۈچلۈك ئەمەس ئىدى. ئۇ بۇندىن بۇرۇن مەدىنە شەھىرىدىن كۆپ قېتىملاپ ئايرىلىپ چىقىپ باققان بولسىمۇ بۇ قېتىمقىدەك بىر ھىجرانىي تۇيغۇدا بولمىغان ئىدى. ماڭىدىغان كۈن كېلىپ كارۋاننىڭ يولغا چىقىشىغا بىر سائەتتىن ئارتۇق ۋاقىت قالغانىدى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دوستلىرى بىلەن ۋىدالىشىش ئۈچۈن باردى. ئۇلارنىڭ ھەر بىرى بىلەن قول ئېلىشىپ خوشلاشقىنىچە كۆزلىرى ياشقا تولاتتى ۋە دوستلىرىنى باغرىغا چىڭ باسقىسى كېلەتتى. ئاخىرىدا ئۆزىنى بىرئاز تۇتۇۋېلىپ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا خوشلىشىش ئۈچۈن كەلدى. ئۇنىڭ يېنىدىنمۇ كۆڭلى يېرىم بولغان ھالدا ئايرىلدى. ئۇ قايتىۋېتىپ ئۆز ئۆزىگە: «بۈگۈن ماڭا نېمە بولغاندۇ؟ ئۆزەممۇ بىلەلمەيدىغان ئاجايىپ غەيرىي بىر تۇيغۇلارغا كېلىپ قېلىۋاتىمەنغۇ؟ ... مەدىنە كوچىلىرىدا كېتىۋاتقىنىمدا، كوچىلاردا ئايلانغىنىمدا، نېمە ئۈچۈن خۇددى بۇ ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ۋىدالىشىۋاتقاندەك بىلىنىدۇ؟... بەلكىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ماڭا چۈشۈمدە ئاغرىنىشى بۇ دۇنيادىن كېتىشتىن بۇرۇن مەدىنىدىكى دوستلىرىم بىلەن ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىم خوشلىشىۋېلىشىمغا بولغان ئىشارىتىمىدۇ؟» دەپ پىچىرلىدى.

بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كارۋان تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ گەرچە ئۆزى يالغۇز كېتىۋاتقان بولسىمۇ تۇيغۇسىدا يالغۇز ماڭمايۋاتقاندەك، خۇددى ئىچىدە بىرىلىرى بىلەن دە ـ تالاش قىلىشىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇ شۇ تەرىقىدە مېڭىپ كارۋاننىڭ يېنىغا باردى. تۆگىسىنى تەييار قىلىپ يولغا چىقىش ۋاقتىنى ساقلىغاچ ئۆز ھېسسىياتلىرىنى كونترول

www.uyghurkitap.com

قىلىشقا تىرىشتى.

كارۋان يولغا چىقتى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بولسا كارۋاننىڭ ئارقىسىدىن ئېغىر قەدەملەر ئېلىپ ماڭاتتى. ئۇ بىردەم - بىردەم ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ مەدىنە شەھىرىگە قارايتتى. مەدىنە شەھىرى ئاستا - ئاستا كۆزدىن غايىپ بولۇشقا باشلىدى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كۆڭلىدە بىر تەنھالىق تۇيغۇسى پەيدا بولدى. ئاردىن بىرئاز ماڭغاندىن كېيىن مەدىنە بولسا ئۇپۇقتا كۆزلەردىن پۈتۈنلەي غايىپ بولدى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خۇددى ئۆز روھىدىن بىر پارچىسىنى تاشلاپ ماڭغاندەك ھىجران ئوتىدا پۇچىلاندى. كارۋان شام تەرەپكە قاراپ خېلىلا ئىلگىرىلىگەن بولۇپ، يولنىڭ ئۇزىرىشى بىلەن بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كەيپىياتىمۇ ئاستا - ئاستا ئىزىغا چۈشۈشكە، ئۆزىنى تۇتىۋېلىشقا باشلىغان ئىدى. خېلى ئۇزۇن كۈنلەرنى باشتىن كەچۈرگەن بۇ سەپەردىن كېيىن كارۋان ئاخىرى شامغا يېتىپ كەلدى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆيگە قايتىپ سەپەر ھاردۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈن دەم ئېلىشقا باشلىدى.

شۇنداق قىلىپ بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ شامدىكى ھاياتى يەنە باشلانغان ئىدى. كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى ئۇ تېنىدە ناھايىتى بىر ئارامسىزلىق بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. بۇ سەۋەبتىن ئۇيىدىنمۇ چىقالمىدى. كۈنلەر ئۆتكەنسېرى بۇ ھالسىزلىقى بارغانچە ئېغىرلىششقا، ئۆزى بولسا ئورۇقداشقا باشلىدى. ئۇنىڭ نەپەس ئېلىشىمۇ بارغانسېرى قىيىنلىشىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئايالى ئۇنىڭ كېسىلىگە قاراپ ئۇنىڭ يېنىدىن ئايرىلماي ئولتۇراتتى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كۆزلىرىنى ناھايىتى تەستە ئېچىپ ئايالىغا قارىدى. ئايالى:

-قانداقراق ھېس قىلىۋاتىسەن؟ دەپ سورىدى.

بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

- ئايرىلىدىغان ۋاقىت يېقىنلاشتى، دېيەلىدى ئارانلا. ئاندىن كۆزلىرىنى مەلۇم بىر نۇقتىغا تىكتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا بەزى بىر چىكىتلەر تىزىلىپ ئۆتتى. ئۇ چېكىتلەر شەكىلگە كىرىپ ئاخىرىدا ئۇلارنىڭ ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان كىشىلەرنىڭ سىماسى بولۇپ كۆرۈندى. ئۇلار بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا قاراپ ئۇنىڭ يېنىدا تۇرۇشتى: بۇ مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، بۇ ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئاۋۇلار بولسا ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ قاتارىغا قوشۇۋېلىشقا چاقىرىش ئۈچۈن كەلگەن بۇ ئىككى سۆيۈملۈك كىشىنىڭ دوستلىرى... بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ لەۋلىرىدە بىلىنەر - بىلىنمەس بىر تەبەسسۇم جىلۋىلەندى. ئاندىن كېيىن چوڭقۇر بىر نەپەس ئالدى. كۆزلىرىدىن ياشلار سىرغىپ چىقتى ۋە بېشىنى مەيدىسى تەرەپكە قارىتىپ ساڭگىلىتىۋالدى. ئايالى ناھايىتى قايغۇلۇق ھالدا بىر ئاھ تارتتى ۋە: مەن ئەمدى قانداق قىلاي! دەپ پەرياد ئۇرۇشقا باشلىدى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئاخىرقى غەيرەتلىرىنى يىغىپ كۆزلىرىنى ئاچتى ۋە ئاخىرقى نەپەسلىرىنى تەسلىم قىلىۋېتىپ ئايالىغا مۇنداق دەپ پىچىرلىدى:

يىغلىماي خوش بولساڭ بولىدۇ... ئەگەر بىلسەڭ، بۇ ئىنتايىن خوش بولىدىغان بىر ئىش!... ئەتە دوستلىرىمىز، مەھبۇبلىرىمىز بىلەن ئۇچرىشىمىز، يەنى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋە ساھابىلىرى بىلەن... ■